Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# 3 - بۆلۈم

# يېقنقى زامانديكى داڭلق تارخي شەخسلەر توغرسيديكى قوشاقلار

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire:4 Zeytinburnu - İST.

# ئون بىرىنچى قىسىم
# ئاتاقلىق شەخسلەرگە ئائىت قوشاقلار

## 1 ـ باب
## ئىپارخان ھەققىدە قوشاقلار

ئىپارخان ــــ تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخس. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭ خاننىڭ
قىرىقتىن ئارتۇق توقال خانىش، شاھبانۇسى ئىچىدىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق شاھبانۇلارنىڭ بىرى. ئۇ 1734 ـ
يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، 1756 ـ يىلى 22 يېشىدا بېيجىڭغا ئاپىرىلغان. ئۇ ئۆز يۇرتىدىن يىراق ئاستا-
نىگە كېلىپ، يىگىرمە سەككىز يىللىق ھاياتىنى ئوردىدا ئۆتكۈزگەن. ئۇ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولغاند-
لىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېنىدىن بىرخىل خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، يۇرتداشلىرى ئۇنى
«ئىپارخان» (香妃)، «يۇرتىمىزدىن چىققان تەڭداشسىز ساھىبجامال» دەپ ئاتاشقان. چيەنلۇڭ خان ئىد-
پارخاننى ئوردىغا ئەكەلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم نىكاھ تەلىپى قويغان. ئۇنىڭ تۇرالغۇ جا-
يى ئۈچۈن ئوردىنىڭ غەرب تەرىپىگە تولۇن ئاي راۋىقى ياسىتىپ بەرگەن. راۋاقنىڭ سىرتىغا يەنە يۇرتىد-
دىكىگە ئوخشاش ئۇيغۇر مەھەللىسى ۋە مەسچىت قۇرۇپ بەرگەن. غەربىي يۇرت ئۇسلۇبىدا ياسالغان ۋۇيۇڭ
قەسىرىنىڭ غەربىدىكى يۇدى سارىيىنى ئۇنىڭ يۇيۇنىدىغان جايى قىلىپ بەرگەن. چيەنلۇڭ خان خىلمۇ-
خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلماقچى بولۇپ، مەقسەتكە يېتەلمىگەن. ئىپارخاننى
ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچتۇرۇشكە ئۇرۇنغان. لېكىن، ئىپارخان رازىلىق بەرمىگەن.
بىرنەچچە يىلدىن كېيىن خان ئانىسى بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، پادىشاھنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىپارخاننى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلىغان. ئۇ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلاپ ئالەمدىن
ئۆتكەن.

«ئىپارخان ھەققىدە قوشاقلار» ــــ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بې-
رىپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زاماننىڭ قەدرىگە يېتىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشۇش ئىرا-
دىسىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىپارخاننىڭ بېيجىڭغا مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭ خانغا نارازى بولۇپ
ئېيتقان قوشىقى:

ھىيلە بىلەن چيەنلۇڭ خان،
قىلدى لايىقىمدىن جۇدا.
شۆھرىتى زور بولسىمۇ،
بولمايمەن خوتۇن ئاڭا.

ئامراقىمەن خوجا جاھانغا،
بى كېرەك شاھ شەپقىتى.

ئوردا ــ قەسىر قەپەس ماڭا،
ئوغا ــ زەھەر ئاش ــ نېمىتى.

چىقسام قەپەستىن قۇتۇلۇپ،
كەتسەم يۇرتۇمغا مەن ئۇچۇپ.

ئىپارخاننىڭ ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ، ياخشى كۆرگەن لايىقىنى سېغىنىپ ئېيتقان قوشىقى:

كۆردۇم ئەزىز مارجاننى،
بولدى يۈرەك مىڭ پارە.
خوجا جاھان كېتىپسەن،
مېنى تاشلاپ جەننەتكە.

مەڭگۈ بىللە ئۆتەرمەن،
دېگەن ئارزۇيۇم بار ئىدى.
ئەمدى بىللە ياشارمىز،
ئۇ ئالەمدە ئەبەدكە.

شۇم ئوردىدىن قۇتۇلسام،
يايرار ئىدى بۇ كۆڭلۈم.
بىزاردۇرمەن بۇندىكى،
بىھېساب خار ــ زارلىقتىن.

ۋۇجۇدۇم پاك، ئىرادەم
چىڭدۇر پولات ــ تۆمۈردىن.
قىلغان سۆزۈڭ يادىمدا،
چىقماس ئەسلا ئېسىمدىن.

پىدا قىلدىڭ ئۆزۈڭنى،
ئەجدادلارنىڭ شەنى چۈن.
مەن ئۆزۈمنى ساقلايمەن،
مەڭگۈگە پاك سەن ئۈچۈن.

چيەنلۇڭ خاننىڭ ئىپارخانغا بېغىشلاپ ئېيتقان قوشىقى:

كەپتۇ ئىپارخان ئوردىغا،[1]
سۇنۇق كۆڭۈلنى خۇش قىلىپ.

---

[1] «ئىپارخان» نامىنى بېيجىڭ تىياتىرىدىن ئېلىندى.

كۆتكۈسى ئەمدى ئۇ مېنى،
مېھرى بىلەن زەمزەم بېرىپ.

ئىپارخاننىڭ خان ئوردىسىدا ئېيتقان نەزمىسى:

تۇيۇلدى گويا قاراڭغۇ گۆردەك،
ماڭا ئاۋات ئەمما يات زېمىن.
ئاھ، خوجا جاھان جان ـ جىگەرىم،
ئىككىمىز قاچان كۆرۈشەرمىزكىن؟

ئىنتىزار ئىدىم بۇياققا كەلگەندە،
كۆرەرمەن دەپ سىزنى مەن.
قەپەستىكى قۇشقا ئايلاندىم،
بوغقۇچلاندى قانىتىم مەھكەم.

زۆرۈردۇر ھايات ـ ماماتتىن،
سۆز ئېچىشلار ماڭا شۇ بۇ دەم.
يۇرتۇمدىكى تاغۇ دەريالار،
چۈشلىرىمدىن چىقمايدۇ ھەردەم.

مەن سايرايمەن خۇددى كاككۇكتەك،
ئەلەم بىلەن ھەسرەتلەر چېكىپ.
تەلمۈرىمەن ئانا يۇرتۇمغا،
بەك يىراقتىن، دىلدىن سېغىنىپ.

ئىچىمدىكى غەزەپ تۈگىمەس،
سۆزلىسەممۇ ھەرقانچە قىلىپ.
چىقتىم بۈگۈن ئوردا ـ قەسىردىن،
كۆڭلۈم خالاپ بۇيان ئات چېپىپ.
كۆرۈنمەكتە ئالدىمدا ئەنە،
كەڭرى ئورمان يېشىل تون كىيىپ.

ئېچىلسىمۇ كۆڭلۈم شىكاردىن،
بىراقكى، مەن ئەسىر ـ تۇتقۇنمەن.
ئىرادەم زور، تەييار ئوقيارىم،
چىلبۆرىنى ئاتىمەن جەزمەن.

ئىپارخاننىڭ چيەنلۇڭ خان بىلەن ئېلىشقان چاغدا قەيسەرلىك بىلەن ئېيتقان نەزمىسى:①

خارلىنىپ ياشاشتىن سېنىڭ ئالدىڭدا،
مىڭ ئەلا مەن ئۈچۈن ماماتلىق – ئۆلۈم.
يېقىنلاپ زورلىساڭ مېنى، ھازىرلا
بولىدۇ بۇ يەردە قانلىق بىر كۆرۈم.

ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تاۋرەنتىڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەبرىستانلىقتا ئىپارخانغا ئائىت بىر ئابىدە ئورنىتىلغان بولۇپ، كېيىنكىلەر بۇ ئابىدىگە مۇنداق يازغانىدى:②

چۈشتىلەر بىردىن بېشىمغا دەرد ـ بالا،
ۋادەرىخ، چەكسىز ئەلەمگە قالدىما.
ئايلىنىپ ئىسقا شېرىن چۈش، شۇ تولۇن
ئاي راۋىقى بولدى كۆكۈم ـ تالقان گويا.
ياشىدى باغدەك گۈزەل مۈھىت ئارا،
بىغۇبار ساھىپجامال ـ ئول دىلرەبا.
ۋە لېكىن، كەتتى شۇ پاك قىز ئاقىۋەت،
قالدۇرۇپ قويماي نىشان ـ ئىز زادىلا.
كۆتۈرۈلەر كۈجە ئىسى، شۇ ئىس ئارا،
ئالتۇن كېپىنەكتەك كۆرۈندى ئۇ ماڭا.

*　　　　*　　　　*

كەتتى توزۇپ خۇش پۇراق،
گۈل سارغىيىپ غازاڭ بولۇپ.
ياتار گۈزەل ئىپارخان،
گۈلشەن ئارا قەبرە تۇتۇپ.

سۇندى ئۇ، بولدى نابۇت،
گوياكى يۇمران نوتىدەك.
مەن ئاڭا باقسام، دىلىم
كېتىدۇ دەردكە تولۇپ.

ئىپارخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چيەنلۇڭ خان ياۋروپالىق رەسسام رومبىرانتقا ئىپارخاننىڭ رەسىمىنى سىزىپ، ئوردىغا ئېسىپ قويۇشنى پەرمان قىلغان. پەۋقۇلئاددە سەۋەب تۈپەيلىدىن بۇ رەسىم ئايرىم ساقلانغان. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندا بۇ رەسىم ئاندىن ئاشكارا بولغان. يېقىنقى زامان شائىرلىرى

① «ئىپارخان» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. 430 ـ بەت.
② ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گۇاڭشۈينىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۆتكەن جاڭ چوڭخەن دېگەن كىشى ئوردىدىكى يازمىسىدا بۇ شېئىرلارنى پۈتۈپ قالدۇرغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئىپارخان» ناملىق كىتاب، 180 ـ بەتتىن ئېلىندى.

بۇ رەسىم ھەققىدە مۇنداق شېئىر ـ بېغىشلىمىلارنى يېزىپ قالدۇرغان:①

ھۆر ـ گۈزەل جانان تۇرار،
شەمشەر ئېسىپ ھەيۋەت بىلەن.
سېغىنىپ ئۆز يۇرتىنى،
چەكسىز مېھىر ـ شەپقەت بىلەن.

تۆكتى قان شۇ قىز ئۈچۈن،
خاقان قىرىپ پۇقرانى كۆپ.
سۈرگىلى كەيپ ـ ساپا،
ئىشرەت بىلەن، شەھۋەت بىلەن.

تەلپۈنەر راۋاقتا قىز،
ئۆز يۇرتىغا غەمكىن بېقىپ.
قانغا بويالغان كىيىمى،
يىغلىغاچ ھەسرەت بىلەن.

قاقشىتىپ ئەپكەلدى خان،
شۇ قىزنى خان ئوردىسىغا.
تەڭرىتاغ قالغان غەزەپتە،
بوغۇلۇپ نەپرەت بىلەن.

مىنگونىڭ 13 ـ يىلى (مىلادىيە 1924 ـ يىلى) شۇ مويى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان «چىڭ ئوردىسىنىڭ تارىخىغا دائىر قىسسەلەر» ناملىق كىتابنىڭ 63 ـ بابىدا، ئىپارخان تۇرىدىغان «تولۇن ئاي راۋىقى» توغرىسىدا مۇنداق نەزمە يېزىپ قالدۇرۇلغان:

غەربىي يۇرتتا چوڭ بولغان،
ساھىبجامال گۈل ـ پەرى.
غەمكىن ھالدا تەلمۈرۈپ،
قارار ئىدى ئۆز يۇرتقا.

كۆڭۈلنى دەپ گاۋزۇڭ خان،
ياساتقان شۇ راۋاقنى.
قالدى مانا چۆلدەرەپ،
خان يەتمىدى مۇرادقا.

① جۇڭخۇا مىنگونىڭ 7 ـ يىلى يەنى 1918 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شائىر شى يىن يازغان.

## 2 ـ باب
# نۇزۇگۇم قوشاقلىرى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1644 ـ يىلى پۈتكۈل جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن تارتىپ، تاكى 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدا ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر بولغان 260 نەچچە يىل جەريانىدا، چېكىدىن ئاشقان فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك ئېزىپ، ئۇلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى. بولۇپمۇ جياچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرىدا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. قەشقەر خەلقىنىڭ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۈرىشى ئەنە شۇ جياچىڭ دەۋرىدە كۆتۈرۈلگەنىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى كونترول قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئەڭ ئاۋۋال بويسۇنغان قۇمۇل، تۇرپاندىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنى قولچوماق قىلىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ئىمتىياز ـ ھوقۇق بېرىپ، شۇلار ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى. بۇ كىشىلەر ۋاڭ ـ گۇڭ مەرتىۋىلىرىگە ئىگە بولغاندىن سىرت، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھاكىم بېگى، بېگى قاتارلىق مەنسەپلەرگىمۇ تەيىنلەندى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنى ئۆزلىرىگە ئارقا تىرەك قىلىپ، يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يەرلىك خەلقنى ئاياغ ـ ئاستى قىلدى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تەگدى. خەلق ياشاش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، 1826 ـ يىلى قەشقەر خەلقى قوللىرىغا قورال ئېلىپ، مانجۇ ئىستىبداتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىپ، ھاكىم ـ بەگلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى، بىراق، قوزغىلاڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە دۈشمەننى بېسىپ چۈشەلمىگەچكە، قانلىق باستۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى قەشقەردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، ئۆزلىرى «گۇمانلىق» دەپ قارىغان كىشىلەرنى تىزىملاپ، ئىلىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، ئېغىر ئەمگەككە سېلىپ، ئىلىدا تۇرۇشلۇق مانجۇ چېرىكلىرىنى بېقىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە يۇرت ـ ماكانى، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغان قەشقەر شەھەرلىك نۇزۇگۇممۇ بار ئىدى.

نۇزۇگۇم ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ كېلىپ ئامبال موڭغۇلنىڭ ئۆيىدە مالاي بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن ئاكىسى ئابدۇقادىرنى ئىزدەيدۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇ مۇشۇ ئۆيدە مالاي بولۇپ ئىشلەۋاتقان باقى دېگەن يىگىت بىلەن تونۇشىدۇ. نۇزۇگۇم بىلەن باقى بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. لېكىن، ئامبال نۇزۇگۇمنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى كۆزلەيدۇ. بۇنى سەزگەن باقى نۇزۇگۇمنىڭ ئاكىسى بىلەن بىرلىشىپ، نۇزۇگۇمنى ئەمەلداردىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئامال ـ چارىلەرنى قىلىپ باقىدۇ. بىراق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇزۇگۇم ئامبالغا يالغاندىن ماقۇل بولىدۇ ۋە توي كۈنى ئاخشىمى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى يالغۇز قومۇشلۇققا قېچىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت چېرىك چىقىد ـ

رىپ، ئىزدەپ يۈرۈپ نۇزۇگۇمنى تۇتۇپ كېلىدۇ ھەمدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ چېپىپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ. نۇ-زۇگۇم قوشاقلىرىدا نۇزۇگۇمنىڭ قەيسەر ئىرادىسى، سەمىمىي، ساپ، سادىق پەزىلىتى، خەلققە ۋە يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، تىز پۈكمەس كۈرەشچان روھى ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، بۇ قوشاقلار خەلقىمىز ئىچىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە. نۇزۇگۇم ھەققىدە تارىختىن بۇيان يەنە نۇرغۇن رو-مان، پوۋېست، ھېكايە، داستان قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجاد قىلىنغان.

نۇزۇگۇمنىڭ ئۆلۈمگە سۇرگۈن قىلىنغان چاغدا ئاتىسىغا قاراپ ئېيتقان قوشىقى:

خەير ئاتا، مېھرىبانىم،
غەمگۇزارىم ياخشى قال.
كۆزلىرىم ئاقۇ - قاراسى،
تەندە جانىم ياخشى قال.

رازى بول، جېنىم ئاتا،
ئاقلالمىدىم بەرگەن تۇزۇڭ.
گەر قازا يەتمەي ئامان،
كەلسەم قىلارمەن خىزمىتىڭ.

بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن،
يارۇ دوستلار ياخشى قال.
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن،
قەشقەر شەھىرىم ياخشى قال.

زالىم دوۋاڭ زار[1] يىغلاتتى،
يوقسۇللارنى بەك قاقشاتتى.
ياش دېمىدى - يا قېرى،
ئايرىپ پۇلغا ساتتى.

گۇناھسىز مەسۇملارنىڭ،
بېشىغا قىلىچ چاپتى.
نى يىگىتلەر، ياش قىزلار،
ئەرك ئۈچۈن قانغا پاتتى.

يانسۇن! يانسۇن! زالىملار
تاجۇ تەختى گۇم بولسۇن!
ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.

---

[1] قوزغىلاڭنى باستۇرغۇچى ئەمەلدار.

نۇزۇگۇمنىڭ ئاتىسىنىڭ قوشىقى:

خەير، قىزىم نۇزۇگۇم،
ئەقلى تازا قۇندۇزۇم.
كۇلپەت چۈشتى بېشىڭغا،
تۇتقۇن بولدۇڭ شورلۇقۇم.

كۆيدۇرسە كۆيمەس ئىدىم،
ئەمدى كۆيدۇم كۇل بولدۇم.
غازاڭ بولغان باغلاردەك،
سارغىيىپ سامان بولدۇم.

دوۋاڭ ئاپەت بىر بەتبەخت،
قىلمىدى ھېچبىر شەپقەت.
ئاپئاق ساقال يۇلۇنۇپ،
دەرد ئۈستىگە بولدى دەرد.

شېرىن قىزىم نۇزۇك ئاي،
ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلدىم.
ھېچكىم مەندەك بولمىغاي،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.

نۇزۇگۇمنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەرد ـ ئەلەملەرنى ئەسلەپ ئېيتقان قوشىقى:

تۆگىلەر ئاغزى قامغاقتا،
بىر ئاكام بار قالماقتا.
قالماقنىڭ شۇم نىيىتى،
مەن نۇزۇكنى ئالماقتا.

تۆگىلەر بېشى ـ تاغ بېشى،
مۆلچەرىمىز يار قېشى.
شۇ مۆلچەرگە يەتكەندە،
توختىمايدۇ كۆز يېشى.

يوللارنى تولا مېڭىپ،
ھالسىزلىنىپ تېلىقتىم.
مەن بۇ يەرگە كېلىپلا،
يامان كۆزگە چېلىقتىم.

يالاڭ ئاياغ سۇ كەچتىم،
تاغنىڭ سۈيىنى ئىچتىم.
چىدالماي قالماق زۇلمىغا،
ئەزىز جېنىمدىن كەچتىم.

ھاۋانى بۇلۇت باستى،
قار - يامغۇرلار ياغقىلى.
قانداق چاغدا تۈرەلدىم،
دەرد - ئەلەملەر تارتقىلى؟

ئاسماندىكى سار بولدۇم،
يوللار يۇرۇپ خار بولدۇم.
ئاكام قالدى قالماقتا،
بىر كۆرمەككە زار بولدۇم.

تاغدىن چۈشكەن تۆت ئاتلىق،
تۆتىلىسى بوز ئاتلىق.
تۆت ئاتلىقنىڭ ئىچىدە،
مېنىڭ ئاكام سۇمباتلىق.

ئايغىمدا كىشەن بار،
قوۋۇق قىسار بوينۇمنى.
مىدىر قىلماس بوپ قالدىم،
كويزا قىسىپ قولۇمنى.

چورۇق كىيگەن ئاياغقا،
تۆمۈر ئىشكەل بوش كەلدى.
جېنىم ئاتام قېشىدىن،
بۇ يىللاردا كىم كەلدى؟

سەل ئەمەستۇر ئاققىنى،
كۆزدىن ئاققان يېشىمىز.
قامچا، تاياق ئاستىدا،
ئۆتەرمۇ بۇ بېشىمىز؟

نۇزۇگۇمنىڭ قېچىپ بېرىپ قومۇشلۇق ئىچىدە مۆكۈنۈپ ياتقاندا ئېيتقان قوشىقى:

ئالتە ئاي ياتتىم قومۇشتا،
قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى.

مەن نۇزۇكنىڭ بېشىغا،
تاغدىن ئېغىر مۇڭ چۈشتى.

خۇدا سالدى بۇ ئىشقا،
نىيەت پۈكتۈم قېچىشقا.
قالماق چېرىكلىرى يامان،
ئوت قويارمۇ قومۇشقا؟

ئۈچ كۈن ياتتىم قومۇشتا،
مېنى ئىزدەپ كېزەرمىش.
مەن نۇزۇكنى تاپالماي،
ئىتتەك ماراپ يۈرەرمىش.

قومۇشلارغا ئوت قويماي،
مەن نۇزۇكنى تۇتالماس.
مەن نۇزۇكنى تۇتقاندا،
ئۆلتۈرەر، تىرىك قويماس.

ئۇنتۇمايمەن باغمنى،
قومۇشلۇقتا ياتسامۇ.
كۆڭلۈم ئۇندىن ئايرىلماس،
ئەلەم - كۈلپەت تارتسامۇ.

خۇدايىم بەرگەن غۇنچەمنى،
سولۇن ياۋۇز ئۈزەلمەس.
باقى يىگىت، مەرد يىگىت،
زالىم قالماق كۆرەلمەس.

بۇلبۇل ھەرگىز سايرىماس،
ئالتۇن بالداق قەپەستە.
مەن باغمنى ئويلايمەن،
كېچە - كۈندۈز، سەھەردە.

تۆگىلەر ياتار ئويماندا،
باش بۇيلىسى بوينىدا.
تۇتسا قالماق نۇزۇكنى،
پىچىقى بار قوينىدا.

چۆل - جەزىرە ئىچىدە،
يوقتۇر بىرەر ھەمراھىم.

قومۇشلۇقتا دەرد تارتىپ،
ئۆتتى كۈنۈم ئاچ ـ زېرىن.

ماڭسام قەشقەر يولىغا،
قەشقەر يولى، يول بولغاي.
نۇزۇك ئاجىز بەدەننى،
بىر خۇدايىم ساقلىغاي.

نۇزۇك ئۆزى تۇتقۇندا،
غېرىب ئاكام پۇشقۇندا.
مەن نۇزۇكنىڭ دەردىدە،
باقى كۆيەر يالقۇندا.

قومۇشلارغا ئوت قويسا،
قېچىپ كىرەي دەرياغا.
ھەرگىز خوتۇن بولماسمەن،
قالماق ئامبال ئەبگاغا!

نۇزۇگۇمنىڭ تاغ- تۇرا، جاڭگاللىقلاردا يۈرۈپ، دادىسىنى ئەسلەپ ئېيتقان قوشاقلىرى:

مەن قەشقەردىن چىققانچە،
تۆشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئانام ئۆرۈگەن چېچىمغا،
تارغاق سېلىپ باققان يوق.

كۆرەلمىدىم ئاتامنى،
ئاڭا قېنىپ باققان يوق.
مەن نۇزۇكتەك ھېچ خوتۇن،
يالغۇز چۆلدە ياتقان يوق.

قايناپ تۇرغان قازانغا،
چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق.
ئالتە ئاي ياز قېچىپ يۈرۈپ،
تەكىيە قويۇپ ياتقان يوق.

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى،
سۈزۈپ ئىچەر ئەر قېنى؟
مېنى قەشقەر شەھىرىگە،
ئېلىپ كېتەر ئەر قېنى؟

جان ئاتامنى كۆرەلمەي،
ئۆلۈپ كېتەر بولدۇم مەن.
قالماقلارغا تۇتۇلۇپ،
سولۇپ كېتەر بولدۇم مەن.

ئاخىر بولدۇم ئاشكارا،
يوشۇرۇنغىلى يەر بارمۇ؟
باشقا قاتتىق كۈن چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

نۇزۇگۇمنىڭ سۆيگەن ئاشىقى باقى يىگىتنىڭ ئېغىر كۈنلەردە نۇزۇگۇمنى سېغىنىپ ئېيتقان قوشىقى:

ئالتە ئاي باقتىم قويۇڭنى،
بىر كۆرمىدىم بويۇڭنى.
بىرەر كۆرسەم بويۇڭنى،
قانداق قىلاي ئوتۇڭنى؟

قويچى بولماس ئەر ئىدىم،
قويچى قىلدىڭ، ئەي نۇزۇك.
قالماقنى خوي قاقشاتقان،
بوزچى قىلدىڭ، ئەي نۇزۇك.

تۆگە چاينار تال بېشى،
مېنىڭ جايىم يار قېشى.
نۇزۇگۇمغا مەن ئامراق،
مەڭگۇ كۆڭلۈم سىردىشى.

تال بويۇڭنى كۆرۈشكە،
تالچى ئاكاڭ ئارماندا.
«نۇزۇگۇم» دەپ ئىزدەيدۇ،
دەردلىك كۆڭلۈم ئارقاڭدا.

سەن مېنىڭدىن سورىما،
بىل قاراپ چىرايىمدىن.
ئاشىق ـ مەشۇق بىر ئۆتسۇن،
تىلەيمەن خۇدايىمدىن.

دارىن[1] ئۆيى ھەيۋەتلىك،
مېنىڭ يارىم سۆلەتلىك.
باقى بىلەن نۇزۇگۇم،
ئاشىقتۇر قىيامەتلىك.

قوي بېقىپ يۈرگەن كۈنلەردە باقى يىگىتنىڭ ئايغاقچى بىلەن ئۇچراشقاندا ئېيتقان قوشىقى:

باقى:

نۇزۇك يارىم ئامانمۇ؟
ئايغاق دوستۇم، ئېيتساڭچۇ؟

ئايغاقچى:

نۇزۇك يارىڭ ئاماندۇر،
سۆيۈنچەڭنى بەرسەڭچۇ؟
بۈگۈن نۇزۇك ئۆيدە بار،
ئىلدام بېرىپ يەتسەڭچۇ؟

باقى:

ئۇنداق بولسا مەن باراي،
مەندىن خەۋەر ئېيتساڭچۇ؟
.................

نۇزۇگۇم:

نۇزۇك قولۇم باغلاندى،
خەلقئالەمگە ئاڭلاندى.
باقى يارىم، سەن ئۈچۈن،
يۈرەك ـ باغرىم داغلاندى.

باقى يىگىت كەلسەڭچۇ؟
يۈرەك ـ باغرىڭغا باسساڭچۇ؟
سۆيگەن يارىڭ نۇزۇكنى،
ئەمدى ئېلىپ قاچساڭچۇ؟

باقى:

نۇزۇك جېنىم ئېپ قاچاي،
ئاغى بولسا ئېيتساڭچۇ؟!

نۇزۇگۇم:

ئاڭا ئاغى شۇ بولۇر،
يايلاق خەلقى جىم بولۇر.

---

① دارىن ــــ ئامبال. مانجۇ ئامباللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قاچقان باشتا مۇڭ بولۇر،
مۆككەن جايلار بۇك بولۇر.

بىز كېتەرمىز بۇ يەردىن،
بارسا كەلمەس دىيارغا.
ئاتا ـ ئانام مۇڭ قالۇر،
كۆڭۈللىرى دوق بولۇر.
ئىزدەكچىلەر جىق تولۇر،
بىز بۇ يەردىن كەتكەندە.

..................

بۇلبۇل قۇشنى سولاپ قويسا،
ئالتۇن بالداق قەپەسكە؛
كۆڭلى ئۇنىڭ ئارام تېپىپ،
قاچماق ئويىنى قويارمۇ؟

مۇڭلۇق بولغان، غېرىب نۇزۇك،
ئامراقىغا قانمىسا؛
نۇزۇك كۆڭلى ئۆز ياردىن،
بىردەم نېرى بولارمۇ؟

نۇزۇك باشنى تۇتقۇن قىلسا،
كۆڭلى ئۇنىڭ تۇتقان يوق.
يارى ئۇچۇن قۇربان بولسا،
نۇزۇك باشتا ئارمان يوق.

نۇزۇگۇم بىلەن باقى يىگىتنىڭ ئۆزئارا ئېيتىشقان قوشىقى:

نۇزۇگۇم:

سەن سېغىندىڭمۇ مېنى؟

باقى:

خويمۇ سېغىندىم مەن سېنى.

نۇزۇگۇم:

سەن قەيەرىڭدە سېغىندىڭ؟

باقى:

مەن جىگەرىمدە سېنى.

نۇزۇگۇم:

سەن مېنىڭدىن سورىمغىن،
كۆرگىن چىرايىمدىن مېنى.
سەن مېنىڭ باقىم تۇرۇپ،
دەردىمنى بىلگەنىڭ قېنى؟

باقى:

كۈندە كۆرمىدىم يارنى،
بىر كۈنى كۆرەرمەن دەپ.
ئۈمىد ئۈزمىدىم ياردىن،
ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ.

ئالتىنچى ئاي كىرگەن چاغدا،
ئارا ـ گۈرجەك خاماندا.
نۇزۇك يارنى كۆرۈشكە،
باقى يىگىت ئارماندا.

نەچچە كۈن بولۇپ كەتتى،
نۇزۇك يارنى كۆرمىدىم.
تەقدىر بولسا كۆرەرمەن،
تېخى ئۈمىد ئۈزمىدىم.

ئالدىمدىن چىققان بىر تۇغ،
نۇزۇك يارنىڭ ئايغىقى.
كۆكۆلگە كەلگەن تۇيغۇ،
ئامراق كۆكۈل باغىقى.

نۇزۇگۇمنىڭ تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، كۇرە شەھىرىدىكى ئامبالنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئېيتقان قو-شىقى:

كەپە قىلدىم باياۋانغا،
چىرىك كەلدى داۋانغا.
ئۇن ئىككى كۈن بولغاندا،
مەن تۇتۇلدۇم قاۋانغا.

شىسەن مازى① ياخشىدۇر،
ئاغىچىسى خوپ ياخشىدۇر.
دەردنى ئېيتىپ يىغلايمىز،
دەردىمىز مۇڭ ـ ناخشىدۇر.

ئاتامنى مەن سېغىندىم،
ئاكامنى مەن سېغىندىم.
تىرىكمىكىن شۇ ئاتام،
خەۋەر ئۇقماي يىغلىدىم.

ئاكامغا يېتەلمەسمەن،
ئاتامنى كۆرەلمەسمەن.

① مازى — چوقۇر مەنىسىدە.

ئاتامنى كۆرۈپ ئۆلسەم،
ھەرگىز ئارمان قىلماسمەن.

ئاكام مۇندا كېلەرمۇ؟
مېنى ئېلىپ كېتەرمۇ؟
بىر خەۋىرى يوق ئۇنىڭ،
قەشقەرگە تىنچ يېتەرمۇ؟

نۇزۇگۇم موغۇل ئامبالنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئالتە ئاي قېچىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ جاڭگالدا قېچىپ يۈرۈپ ئېيتقان قوشىقى:

ئالتە ئاي ياتتىم خاماندا،
نان يېشۇردۇم ساماندا.
ئاجىز نۇزۇك جاڭگالدا،
ئاتام يۈرەر قاياندا؟

سولۇن بېرىپ يامۇلغا،
ئەرز قىپتۇ جاڭجۇنگە.[1]
جاڭجۇن يايى ئەۋەتتى،
مەندەك ئاجىز خوتۇنغا.

يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەجدىھادەك يۇتقىلى.
ئون بەش يايى كېلىپتۇ،
مەن نۇزۇكنى تۇتقىلى.

قومۇشلۇق بولدى جايىم،
بۆرە، تۈلكە ھەمراھىم.
خۇدانىڭ ھۆكمى بىلەن،
جاڭگال بولدى ماكانىم.

ئالتە ئاي بولدى يالغۇزمەن،
قەشقەر يولىنى بىلمەسمەن.
خۇدا مېنى ساقلىسۇن،
سولۇنلارنى كۆرمەسمەن.

ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن،
بالالارغا قالمىسۇن !
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم،
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن !

---

① ئىلى جاڭجۇنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

نۇزۇگۇمنىڭ دۆڭ يامۇلدا تۇرۇپ ئېيتقان قوشقى:

ئامباللارنىڭ خاڭزىسى،
غۇلجىدا بار فاڭزىسى①
چاقاي دېسەم چېقىلماس،
قولۇمدىكى كويزىسى.

خۇدا بەرگەن غۇنچەممەن،
سولۇن قالماق ئۇزەلمەس.
خوتۇن قىلماق قەستىمۇ،
مېنىڭ قەددىمنى پۇكەلمەس !

ئايىغىمدا كىشەن بار،
بوينۇمدا تاختاي تىڭگاڭزە②.
ئېلىپ قاچار نۇزۇكنى،
بارمىكىن بىر خوخەنزە؟

يامۇلنىڭ بار ئۆگزىسى،
ئون بەش غۇلاچ توغرىسى.
كۆرسەم ئەسكى كىگىزدۇر،
سولۇنلارنىڭ موزىسى.③

ئەپيۇن تەرگەن سولۇننىڭ،
توڭگۇز يېغى جوزىسى.
ئوڭ قولىدا داۋزىسى،④
سول قولىدا خوزىسى.⑤

ئەپيۇن چەككەن جاللاتلار،
دۆڭ يامۇلدا تارتىدۇ،
قاپقاراڭغۇ زەي ئۆيدە،
نۇزۇك جۇۋان ياتىدۇ.

داۋگۇاڭ خاندىن خەت كەلسە،
«نۇزۇگۇمنى ئۆلتۇر !» دەپ.
ئەل ـ جامائەت ئېيتىدۇ:
روھى «جەننەت كۇتەر» دەپ.

---

① فاڭزىسى ــ ئۆي ـ جايى.
② تىڭگاڭزە ــ بويۇنغا سېلىنىدىغان كىشەن.
③ ماۋزى ــ قالپاق.
④ داۋزىسى ــ پىچىقى.
⑤ خوزا ــ ئەپيۇن سالىدىغان چىلىم.

مويتۇڭزىدا چاپقاندا،
مەن ئالدىدا ئۆلەرمەن.
موللىلارنىڭ سۆزىچە:
«بېھىش يۈزى» كۆرەرمەن.

مانجۇ چېرىكلىرى نۇزۇگۇمنى تۇتۇپ كەلگەندە، نۇزۇگۇمنىڭ زىنداندا ئېيتقان قوشىقى:

نۇزۇك بىلەك باغلاندى،
ئۆلتۈرگىلى چاغلاندى.
نۇزۇگۇم ئۆزى يالغۇز،
شى يامۇلغا سولاندى.

«نۇزۇگۇم» دەپ كۆپ يىغلاپ،
ئاتام قەشقەردە قالدى.
يالغۇز مېھرىبان ئاكام،
قالماق ئىچىدە قالدى.

كاشكى كۆرسەم ئاتامنى،
قالماقتىكى ئاكامنى.
كۆرمەي ئۆلۈپ كېتەرمەن،
قەشقەردىكى تاغامنى.

مەن كۆرمىگەن مومامنى،
مېنى تۇغقان ئانامنى.
چەنفەن① بېرىپ ئۆلتۈرگەن،
ئۈچ ياشتىكى بالامنى.

يامۇل ماڭا قىيىندۇر،
ئۆلۈم ۋاقتى يېقىندۇر.
زالىملارنىڭ سورىقى،
پايدىسىز ـ بىر تىيىندۇر.

ئالدىمدىكى جاللاتلار،
قىلىچىنى ئوينىتار.
مېنى ئۇشبۇ ئۆلۈمدىن،
قانداق كىشى ئاجرىتار؟

① چەنفەن ــ چېرىك، جاللات مەنىسىدە.

## 3 ـ باب
## سادىر پالۋان قوشاقلىرى

سادىر پالۋان ــــ شىنجاڭ تارىخىدىكى بىر ئاتاقلىق شەخس، مىللىي قەھرىمان. ئۇ ئىلى دېھقانلار
قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى، يالقۇنلۇق خەلق قوشاقچىسى. ئۇ 1798 ـ يىلى كۈزدە ھازىرقى غۇلجا ناھىـ
يىسىنىڭ موللىتوختىيۈزى يېزىسىدىكى بىر يالالنما دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1871 ـ يىلى ئا ـ
لەمدىن ئۆتكەن. سادىر پالۋان قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن يېقىنقى زامان تارىـ
خىمىزدىكى ئەڭ داڭلىق، ئەڭ مۇنەۋۋەر قوشاقلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر.
18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل بو ـ
لۇپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى قاتتىق خانىۋەيرانچىلىق ئىچىدە قالغانىدى. بۇ دەھـ
شەتلىك مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇملارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ياش سا ـ
دىرنىڭ قەلبىدە زۇلۇمغا قارشى ئۆچمەنلىك ئوتى يالقۇنلايدۇ. چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ دېھقانلارنى
بوزەك قىلىپ ناھەق جازالاشلىرىغا بىرقانچە ئون قېتىم قارشى چىقىدۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ نا ـ
مى ئەل ئىچىدە تارقىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن گۇمانلىق دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا
ئۇ، ئۆز يېزىسىدا تۇرالماي، غۇلجىنىڭ قازانچى دېگەن يېرىدە 50 كىشىلىك قارشىلىق كۆرسىتىش ئەترىـ
تى تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنى ياخشى يېتەكلەپ 300 كىشىگە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمغا
قارشى قوزغىلاڭنى باشلايدۇ. سادىر پالۋان يېتەكچىلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار 1860 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىـ
لى ئاشلىق سېڭى، چىلپەڭزە، باياندىي، كۈرە قاتارلىق جايلارنى ۋە كونا قەلئەلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، دېھـ
قانلار قوزغىلىڭىدا كۆپ قېتىم غەلىبە قازىنىدۇ. سادىر پالۋان 40 يىلدىن ئارتۇق كۈرەش جەريانىدا 13
قېتىم تۈرمىگە تاشلىنىدۇ، ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ، نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلەر ـ
نى باشتىن كەچۈرىدۇ. لېكىن، بۇ ئېغىر كۈنلەر ئۇنىڭ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان
ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمايدۇ، گۈزەل غايىسىنى يوقىتالمايدۇ، ئۇنىڭ قەددىنى پۈكەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ
ئەزگۈچىلەرگە قارشى، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش جەريانىدا پولاتتەك چېنىقىپ، تەدبىرلىك، قاتتىق قوللۇق،
ئۆتكۈر باشلامچى بولۇپ يېتىشىدۇ.
«سادىر پالۋان قوشاقلىرى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلىرىنىڭ شانلىق دەستۇرى،
تارىخىنىڭ ئۆچمەس شاھىتى. سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىن بىز 18 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت
ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ئەركىنلىك، باراۋەر ـ
لىك، ئادالەتنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدىكى جاپالىق مۇساپە، سەرگۈزەشتىلىرىنى، يېڭى، بەختىيار
زامانغا تەلپۈنۈش ئىرادىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ زور تارىخىي، ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە.

### 1

### سادىر پالۋاننىڭ بۇرۇنقى قوشاقلىرى

سادىر پالۋاننىڭ كۈرە يامۇلىدا ياتقاندا ۋە يامۇلدىن قېچىپ چىققان ۋاقىتلىرىدا ئېيتقان قوشىقى:

تەلكىنىڭ تېغى دەيدۇ،
مېنىڭ ئەسلى ماكانىمدۇر.
نېمە قىلساڭ قىل شەنگەن،
سېنىڭ سورار زامانىڭدۇر.

تەلكىنىڭ تېغى دەيدۇ،
مەردلىك ياغار چىرايىدىن.
مېنى كۆرمە ئۆلۈمتۈك سەن،
چاپانىمنىڭ ياماقىدىن.

تەلكىنىڭ تېغى دەيدۇ،
بېشى كۆكنى قۇچاقلايدۇ.
سەن جاڭجۇن بەك خار كۆرمە،
مېنى ئەل ـ يۇرت ئۇلۇغلايدۇ.

يامۇلغا چۈشۈپ قالدىم،
چۇسا بىلەن پىتلارغا.
ۋاڭزى[1] «پۇل» دەپ ھەيدەيدۇ،
ئۆلگۈرمەيدۇ ئىتلارغا.

ۋاڭزى «ئالساملا» دەيدۇ،
ۋاڭزىغا نېمە لازىم؟
يار خالتا ئەۋەتىپتۇ،
يامۇلدا يېتىپ تەزىم.

يامۇلدا تولا يېتىپ،
چېچىم بىر قۇچاق بولدى.
مەن يامۇلنى تەشكەندە،
قوۋۇرغام پىچاق بولدى.

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ،
ئىككى چىقتىم تالاغا.
مېنى باققان بەش يايى،
ئەمدى قالدى بالاغا.

يامۇلدىن قاچقان ۋاقتىتا،
قازانچى[2] بىلەن قاچقان.
چېرىكلەر قوغلاپ كەلسە،
قار كېچىپ داۋان ئاشقان.

---

① ۋاڭزى ــ بەگ، ھاكىملار مەنىسىدە.
② قازانچى ــ جاي ئىسمى.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
تاغلارنى ماكان ئەتتىم.
قورساق ئېچى يامانكەن،
شالغۇۇرنى① كاۋاپ ئەتتىم.

شالغۇۇرنى كاۋاپ ئەتسەم،
بىر تاتلىق بېغىر بولدى.
تاغلاردا قېچىپ يۈرۈپ،
ئاتلىرىم يېغىر بولدى.

ئېگىز تاغنىڭ قارغىيى،
قىشلىقى شالاڭ ئوخشاش.
ھەمراھىمنى② يەي دېسەم،
ئۆزۈمنىڭ بالام ئوخشاش.

يامۇلدىن چىققان كۈنى،
ھېلىم بىلەن تېپىشتىم.
قوغلاپ چىققان چېرىك بىلەن،
ئۈچ كۈنگىچە ئېتىشتىم.

چېرىك قاچتى ئىلىغا،
ئېتىپ چۈشۈردۈم بېلىغا.
سەكرەپ چۈشۈپ ئېتىمدىن،
نەيزە تىقتىم گېلىغا.

مەن بىلمەس نە يامۇل بار؟
بولدى يۈرىكىم پارە.
بالا كەلسە بېشىمغا،
تارتماسقا نېمە چارە؟

مەن يامۇلدىن قاچقاندا،
بىر مانجۇ بىلەن قاچقان.
سالاسۇنغا سولاپ قويسا،
قۇلۇپ تولغاپ، ئىشىك ئاچقان.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
بەش كۈن ماڭدىم پىيادە.

---

① شالغۇۇر ـــ تىرە ئىشتان.
② ھەمراھىم ـــ مىنگەن ئېتى.

بىر قالماق «ماڭغىن» دەيدۇ،
دۆلەت بەرسۇن زىيادە.

يامۇلدىن قاچقان كۇنى،
ياتقان يېرىم يانبۇلاق①
خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
ماڭا بەرسۇن بىر ئۇلاغ.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ئارغامچا تېپىپ ئالدىم.
مەن مىنگەن ئالا ئاتنى،
ئۇن سەرگە سېتىپ ئالدىم.

يامۇلدىن قاچار چاغدا،
لوسىشى② ئامال تاپتى.
سېپىلنى تېشىپ قويۇپ،
تۆشۈككە چاپان ياپتى.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ئون كۇن ماڭدىم پىيادە.
تۇتامدۇ، تۇتالمامدۇ؟
بۇيرۇق بىلەن ئىرادە.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
خىيال كىردى بېشىمغا.
پىچاق، چاقمىقىم، خالتا،
شەرۋانىخان قاياشىمغا.

يامۇلنىڭ ياغاچلارى،
قىزىل سىردا سىرلاقلىق.
مېنى باققان بەش يايى،
ئورۇمچىدە سولاقلىق.

يامۇلنىڭ ياغاچلارى،
ئېگىز قارىغاي چەڭزە.
يامۇلدىن قېچىپ چىققان،
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

① يانبۇلاق ــ جاي ئىسمى.
② لوسىشى ــ تۇرمىدىكى ھەمراھى.

يامۇلنىڭ ياغاچلارى،
ئالا ـ ئالا ئالىماچ.
مەن يامۇلدا ياتقاندا،
باللار قالغان يالىڭاچ.

سادىر بىر ئوغۇل بالا،
ياۋان يەرنى خالايدۇ.
بىر يامبۇ بېرىپ قويسام،
ئۆلتۈرمەيدۇ، پالايدۇ.

ھاشارچىلارنىڭ تۈرمەلنى توختىتىۋالالماي تۇرغان چېغىدا سادىر پالۋاننىڭ ئېيتقان قوشقى:

تۈرمەلنى تۇرۇپ قويدۇق،
ھېكىم يايىدىن باشلىق.
يايلار زۇلۇم سالسا،
بوزەك بولمىغان قاشلىق.[1]

تۈرمەلگە كۆچۈپ كىرسەك،
تۈرمەلنىڭ كۈچى كۆپتۇر.
ھەرقانچە غەيرەت قىلساق،
قورساقنىڭ جېنى يوقتۇر.

تۈرمەلنى ئېلىپ قاچسا،
دەريانىڭ سۈيى تاشقىن.
بىز تارتساق بۇ دەردلەرنى،
ئامبالنىڭ خۇيى چاچقىن![2]

نى مەردلەر ئۆلۈپ كەتتى،
تۈرمەلنىڭ قاشاسىدا.
جېنىمنى تىكىپ قويدۇم،
ۋاڭخۇلۇ ھاشارىدا.

سادىر پالۋاننىڭ فېئودالىزم ۋە زالىم بەگلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئېيتقان قوشقى:

بۇ چاقۇ يامان چاقۇ،
ئۆزلەرنى خار ئەيلىگەن.

---

① قاشلىق ــ قاش دەرياسى بويىدىكى ئەمگەكچىلەر كۆزدە تۇتۇلغان.
② چاچقىن ــ ئەمەلدارلارنىڭ خۇي- مىجەزى قوپال، قاتتىق مەنىسىدە.

بەگ، خوجامغا شەھەر بېرىپ،
يۇرتنى دەسسەپ، چەيلىگەن.

يامۇلغا يالاپ ماڭدى،
شۇم چاقۇ بىلەن بىزنى.
ئىچ ئاغرىتماس زالىملار،
تۆكتى قان ـ يېشىمىزنى.

چاقۇ بىلەن يۈز بېشى،
ئامباللىققا سايلاندى.
سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
ئاغزى ـ بۇرنى مايلاندى.

زالىملار زامانىدا،
ئەلنى قىينىدى خانلار.
سادىر ئاتلىنىپ چىقتى،
ئاقماس ئۈچۈن كۆپ قانلار.

سادىر پالۋاننىڭ زالىملارنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ئۇرۇپ ـ قىيناشلىرىغا قارىتىپ ئېيتقان قوشقى:

مېنى يالاپ ئېلىپ ماڭدى،
بۇرنۇمغا سېلىپ زىخچە.
ئۇسسۇتسەڭمۇ قايتماسمەن،
جاڭجۇن ئىشلىگەن مىخقا.[1]

قەپەسكە سولىۋەتتىڭ،
تۆت تەرەپكە قارايمەن.
ئۆزۈم بۇندا، گۇۋاھ بەندە،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.

بالا ـ چاقام يېتىم قالدى،
چاقىرسام ئۇنۇم يەتمەس.
قورقماس غەيرىتىم باردۇر،
ئەل ئۈچۈن بېشىم كەتمەس.

«قاچاقلار» دېمەڭ بىزنى،
يۈرىيمىز ياياق تاشتا.
خان كۈرەگە سۇ باشلاپ،
ئاش ـ نان تاپقان شۇ باشتا.

---

[1] مىخ — ئىرادىدىن قايتماسلىق مەنىسىدە.

مېنى سىنىماق بولغان،
خان جاڭجۇن چىغىڭ چاغلىق !
ھەرقاچان زۇلۇم سالساڭ،
ئوغۇل بالىمەن قاڭرۇق !

مېنى تۇتىمەن دېگەن،
سەن تاغلىق، قارا تاغلىق.
مېنى سەن تۇتالمايسەن !
ئوغۇل بالىمەن قاڭرۇق !

سادىر پالۋاننىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن دەرد ـ ئەلەملەرنى يادىغا كەلتۈرۈپ ئېيتقان قوشىقى:

ئالۋانغا سۈرۈك① بەرمەي،
يايى قامچىلاپ چىقتى.
بۇ زۇلۇمغا چىدىماي،
سادىر ئاتلىنىپ چىقتى.

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپتە تۇتۇلغاندا،
دۆڭ يامۇلغا پالانغان.

سادىرنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئاق جاڭزىدىكى شاڭيو.
جان باقماق ئۈچۈن ساتتىم،
قۇمۇل شەھىرىدە ياڭيۇ.

سادىر مەنۇ ـ سادىر مەن،
سادىر بولماي كىمدۇر مەن؟
تاغ يولىنى سورىساڭ،
بىرنى قويماي بىلۈرمەن.

يوللاردا كېتىپ بېرىپ،
قاتتىق نېنىمنى يېدىم.
بىر مانجۇ سوراپ ئەردى:
مەن ئۆزۈم خەنىبىن② دېدىم.

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى،
ساغرىسىدا ئالىسى.

---

① سۈرۈك ــ مۆھلەت، ۋاقىت.
② خەنىبىن ــ خەنزۇ ئەسكىرى مەنىسىدە.

ئىلىدا خوتۇن قالدى،
قۇچىقىدا بالىسى.

چېرىك چىقتى يېيىلىپ،
سادىر ئاتتى پېتىنىپ.
دالىدىكى قارا تاش،
جۇۋامنى ئالدى يېپىنىپ.

قوغلاپ چىققان چېرىكنىڭ،
مىنگەن ئاتلىرى قاشقا.
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

لاتىدىن پوپۇچ تىكسە،
كۆرمىگەنلەر «خەي»① دەيدۇ.
سادىرنىڭ ئۈنى چىقسا،
چېرىك قورقۇپ «ھە» دەيدۇ.

چوڭ يولدا كېتىپ بارسام،
بىر چېرىك «مەكە !» دەيدۇ.
باشقا تارتىپ بىر سالسام،
«بولدى ماڭ ! كېتە !» دەيدۇ.

ئىست، ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
زەي زىنداندا، سولاقتا.
ھېچبىر راھەت كۆرمىدىم،
ئەلەم تارتىپ قاماقتا.

ئايلىنىپ تولا يۈرۈپ،
خويمۇ زېرىكتىم شەدىن.
خۇدايىم ئايرىمىسۇن،
«قازانچى» دېگەن يەردىن.

«قازانچى» دېگەن يەرنى،
چېرىكلەر تاپالمايدۇ.
يىراقتىن قاراپ تۇرسام،
بىر دۆڭدىن ئاشالمايدۇ.

---

① خەي — ئاياغ، ئاياغ كىيىم مەنىسىدە.

سادىر ياتقان كامارغا،
ئۈچار قانات كىرمەيدۇ.
مەن بۇ يەردە يۈرمەن،
بالىلىرىم نېمە يەيدۇ؟

ئات مىندىم كۆرەڭ قاشقا،
سەكرەتتىم تاشتىن ـ تاشقا.
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

قار كېچىپ تولا مېڭىپ،
ئۆتۈكۈمنى ھۆل قىلدىم.
تاشقا مالىخاي كىيگۈزۈپ،
چېرىكلەرنى گول قىلدىم.

سادىر پالۋاننىڭ ئىلىدا قايتا تۇتۇلغاندا ئېيتقان قوشىقى:

بۇ تاغلار تونۇش تاغلار،
مەڭگۈگە ئاداشىمدۇر.
قول شىلتىسا شىلتىسۇن !
قاچاقلار قاياشىمدۇر.

ھەيۋەتلىك قىياتاشلار،
يامغۇر سۈيىدە يېرىلار.
سەن تۇرساڭ تىك باغلاقلىق،
سادىرنىڭ قانداق چىدار؟

قاشنىڭ قارىسى سەندە،
ئۆزۈڭدىن ئۆكسۈپ يۈرمە !
قاراخان بىلەن ئۇنى،
مەڭگۈلۈك ئاداش كۆرمە !

سادىر پالۋاننىڭ ئىلى يامۇلىدا ياتقاندا جەنۇبتىن چىققانلار بىلەن بىرلىكتە ئېيتقان قوشىقى:

«بۇغدايچى» دېمەڭ بىزنى،
قەشقەرلىك دېمەڭ بىزنى.
تۇغقاننى بۆلۈپ تاشلاپ،
يەك كۆرمەڭ ئەزىزلەرنى.

تاغنىڭ ئارقىسىدا دەيدۇ،
ئىلىخو دېگەن يەرنى.
شەھەر ئايرىپ ئالالمايسەن !
بوينۇڭدىكى مەرەزنى !

ئۈستەڭنى چېپىپ قويدۇق،
مەمتىمىن، ھېكىم باشلىق.[1]
خان جاڭجۇننى يوقاتساق،
بىزنىڭ بولىدۇ ئاشلىق.

سادىر پالۋاننىڭ ئۈرۈمچى يامۇلىدا ياتقان ۋاقىتتا تۈرمىدە مەھبۇسلار بىلەن ئېيتقان قوشىقى:

كۆزۈمنى ئېچىپ قويدى،
ئۆزگە يۇرت قاياشلىرى.
تۇغقاندىنمۇ چارىكەن،
بىر مەسلەك باغاشلىرى.

زىندان ئىچى قاراڭغۇ،
چىراغ نۇرى يورۇتالماس.
بىز تۇغقانلار بىر بولساق،
تۆمۈر چىشلار تاپالماس.

ھېلىم، سېلىم بىر تۇغقان،[2]
تاغ ئارتىلىپ سىز چىققان.
تەيپۇنەملىك[3] يارەنلەر،
بىز بۇ يەردە ئۇچراشقان.

خان جاڭجۇننىڭ يامۇلى،
بىزنى قىلدى بىر تۇغقان.
بىر ياقىدىن باش چىقسا،
دۈشمەن بولۇر يەر ـ يەكسان.

سادىر پالۋاننىڭ ئۈرۈمچى يامۇلىدىن قاچقاندا ئېيتقان قوشىقى:

دىخۇا[4] دىن قېچىپ چىقىپ،
ئۆز يۇرتقا كېتەلمىدۇق.

① بىللە ئىشلىگەن ئادەم ئىسمىلىرى.
② جەنۇبتا چەك سۇلالىسىغا قارشى كۆتۈرۈلۈپ، غۇلجىغا چىقىپ، سادىر پالۋاننىڭ چوڭ قوشۇنىغا قاتناشقان ئاكا ـ ئۇكا باتۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.
③ ئەينى يىللاردا گەنسۇ، شەنشى، نىڭشيادا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار بىردەك تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلاڭچىلىرى دەپ ئاتالغان.
④ دىخۇا ــ ئۈرۈمچىنىڭ ئىلگىرىكى نامى.

ھەرقانچە قىلغان بىلەن،
مەقسەتكە يېتەلمىدۇق.

قونغان يېرىمىز تاشلىق،
قېنىمدى قورساق ئاچلىق.
تىلماچلىق قىلىپ بەزەن،
بولۇۋالدۇق چېرىك باشلىق.

سادىر پالۋاننىڭ تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە ياتقاندا ئېيتقان قوشىقى:

تاش كامېردا ياتسام،
ھۇۋقۇشلار ئۇۋام دەيدۇ.
مەن ئۆڭكۈردە ياتقاندا،
بالىلىرىم نېمە يەيدۇ؟

ئۆڭكۈر باشتىكى قاردىن،
بىر يەڭ سۇ چۈشەر پەسكە.
بىز تاغلاردا بولساقمۇ،
ئەزىزلەر بىزنىڭ ئەستە!

تاش كامېردا ياتسام،
دەيدۇ: «سادىر ئۆڭكۈرى».
چېرىكلەر قوغلاپ چىقسا،
قېزىلار بۇندا گۆرى.

سادىر پالۋاننىڭ قۇمۇلغا پالىنىپ كەلگەندە ئېيتقان قوشىقى:

قىش، بوران، شىۋىرغاندا،
ناخشامغا روجەك ياخشى.
جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى،
تۆمۈر ھارۋا داق – داقى.

قۇمۇل دېگەن يەردىمۇ،
قازان قۇلىقى تۆتكەن.
زالىم تۇڭچىسى، بەگلەر،
زۇلمىدىن ئۆلگەن كۆپكەن.

كاللا كېسەر جاللاتنىڭ،
قولىدا نەيزە، قىلىچ.

خان دەرۋازىسى ئالدىدا،
كالىلىغا ياسار بېدىش.

خان دەرۋازىسى ئالدىدا،
كۆردۈم بىگۇناھ بىر باش.
ئىسمى ئۇنىڭ گاڭباقى
ماڭا بولدى قېرىنداش.

سادىر پالۋاننىڭ قۇمۇل يامۇلىغا يۆتكىلىپ، زىنداندا ياتقاندا ئېيتقان قوشىقى:

يىلان باغرىدەك يوللار،
يۇرتۇمنىڭ ئىز قاشقىسى.
ماڭا قىلچە بىلىنمەس،
ئەل ئىشقىدىن باشقىسى.

تەلكە تاغلىرى دەيدۇ،
تەڭرى تاغلىرى دەيدۇ.
قارا خانغا دەرد تۆكسەڭ،
بىر دەملىك لەببەي دەيدۇ.

تارتقىنىم زۇلۇم– كۇلپەت،
مىڭ ئۆلۈپ تىرىلدىم مەن.
دەرد كەلسە كېلىۋەرسۇن،
يولۇم ھەق! تىرىلدىم مەن.

سادىر پالۋاننىڭ ئۇرۇمچى يامۇلىدا ئەل ـ يۇرتنى، بالا ـ چاقا، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى سېغىنىپ ئېيتقان قوشىقى:

ئاتىسىدىن يېتىم قالغان،
ئانىسىدىن يېتىم قالغان.
يېتىم قالغاندا مەن ئالغان،
ھېۋىزەم ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئېتىم ئاچ قالدى،
بىر ئېتەك سامان بارمۇ؟
ئاغزىمغا ئىلىم سالغان،
داموللام ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئاتقا نان بەرگەن،
توروق ئاتقا چۆپ بەرگەن.

سادىر ئۈچۈن جان بەرگەن،
ھېۋىنزەم ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

مېھمانلار كېلىپ چۈشكەن،
چىراغلار يېنىپ ئۆچكەن.
غەمكىن كۆڭلۈمنى يەشكەن،
سارايىم ئامان بارمۇ؟

ئوقۇردا كىشنەپ تۇرغان،
تورۇق ئېتىم ئامان بارمۇ؟
بىر تەكىگە باش قويغان.
ھېۋىنزەم جېنىم ئامان بارمۇ؟

ئۆينىڭ تۆرىدە تۇرۇپ،
ساچقاننى ماراپ ياتقان.
كالا گۆشىنى تەڭ يېگەن،
مۈشۈكلىرىم ئامان بارمۇ؟

بوسۇغامنى بېسىپ ياتقان،
كېچە ـ كۈندۈز قاۋاپ ياتقان.
جاپايىمنى تولا تارتقان،
بويناقلىرىم ئامان بارمۇ؟

چوڭ ئاكامنىڭ باللىرى،
مېنى كىچىك دادام دەيتتى.
مېنى كىچىك دادام دېگەن،
قۇلۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟

ئالتىنچى ئاينىڭ ۋاقتىدا،
مېۋە ـ چېۋە پىشىدۇ.
ئۆزى پىشىپ، ئۆزى چۈشكەن،
ئالما، ئۆرۈك ئامان بارمۇ؟

سادىر پالۋاننىڭ تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە سۈرگۈن قىلىنغاندا، ئائىلىسىنى ئەسلەپ ئېيتقان قوشىقى:

چوڭ كورەنىڭ يولىدا،
ئالدىم ھېۋىنزەمگە يېلىم.

بەش بالامنىڭ ئىچىدە،
ئەڭ كىچىكى مەمەت ئېلىم.

روشەنگۈل دەپ بالام بار،
دادا، — دەيدۇ ئەجەب تاتلىق.
بەش بالامنىڭ ئىچىدە،
كىچىكى دەنىخان ئاتلىق.

بەش بالامنىڭ ئىچىدە،
چوڭى «پەننامە» ئوقۇيدۇ.
مېنى مويتۇڭزىدا چاپسا،
تېنىمنى قاغا چوقۇيدۇ.

ئۈرۈمچىگە پالاندىم،
ھېۋىزە توقاچ ياققىن.
بەش بالام يېتىم قالدى،
تېنەتمەي ئوبدان باققىن.

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
داڭزىدا① خېتىم قالدى.
خېتىمنى ئوقۇپ باقساڭ،
بەش بالام يېتىم قالدى.

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى،
ساغرىسىدا ئالىسى.
ئىلىدا خوتۇن قالدى،
قۇچىقىدا بالىسى.

كۆرە يولىدا يۈرۈپ،
مەپەڭ سۇندىمۇ شەنگەن؟
سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
كۆڭلۈڭ تىندىمۇ شەنگەن؟

بۈگۈن كۈنگە پەيشەنبە،
كەل، مەپىنى قوش ئەمدى.
ئۈرۈمچىگە پالاندىم،
ئەل ـ ئاغىنە خوش ئەمدى !

① داڭزا — خان دەرۋازىسى تاختىسىغا چاپلانغان ھۆكۈم خېتى.

## 2

## سادىر پالۋاننىڭ يېڭى تېپىلغان قوشاقلىرى

تىزلامچىنى كىيمەيمەن،
ئارقام ئوچۇق قالىدۇ.
گەپلىرىمگە كۆل مومام،
كۆلۈپ كۆكسى تالىدۇ.

موماممۇ بەك ئارزۇلايدۇ،
ئاپاممۇ بەك ئارزۇلايدۇ.
پاتقاقتا پېتىپ كىرسەم،
مومام ئاۋۋال تازىلايدۇ.

مومام ئىدى تەقۋادار،
ئۆگەتتى جىق قوشاقنى.
«نامەھەق»نى بىلگۈچە،
قوروۇپ بەردى پۇرچاقنى.

بىر پۇرچاقتا بىر قوشاق،
توقۇپ بەردىم ئاخشىمى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
گۈل مومامدەك ياخشىنى.

مومام توقۇغان بۆزدە،
ماڭا پوسما تىكىپ بەرگەن.
چوڭ دادام پوپۇچ تىكتى،
مەن ئۇنى ئاياپ كىيگەن.

دادام تايغا ئاتماقتا،
يەردىن بىرتال تاش ئالدى.
بىر قوشاق ئېيتىپ بەرسەم،
كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

داۋۇتكام تۆمۈرچىگە،
ياساتتىم بىر نەيزىنى.
شېرىپ دېگەن تاغام بار،
ئالدىم نەيزە پەيزىنى.

قىلىچقىمۇ يېپىشتىم،
ئالدىم تىكەن بېشىنى.
چېرىك قىلىپ چانىدىم،
سايىنىڭ قورام تېشىنى.

ھارسام دۆڭدە ئولتۇردۇم،
نەچچە قىلىچ سۇندۇردۇم.
ئۇستاز بول دەپ تاغامنى،
ئۆيدە نەچچە قوندۇردۇم.

ئەللەر تېرىيدۇ ئاشلىق،
ئاشلىقتا مانجۇ باشلىق.
ئاشلىق تەرگەن ئەللەرنىڭ،
قىش - ياز كۆزى ياشلىق.

بىنەم تەرسەك ھوسۇلغا،
مانجۇلار ئىگە دەيدۇ.
ھوسۇلنى بۇلاپ تۇرسا،
دېھقانلار نېمە يەيدۇ؟

مانجۇلارغا ھاي - ھايچى،
ھەر مەلىدە بىر دورغا.
پۇقرانى قاقشاتقۇچە،
بەگلەر يەپ ئۇلسۇن ئوغا.

بىر پۇت تۇز، بىر دادەن ئاش،
مانجۇلاردا بارمۇ باش؟
مانجۇلارنىڭ دەستىدە،
دېھقان قالدى يالىڭاچ.

رازىلىق ئالدىم ئەلدىن،
پوتا باغلىدىم بەلدىن.
ئەل پەرياد چېكىپ تۇرسا،
ئاش - نان ئۆتەمدۇ گالدىن؟

تاغنىڭ بېشى ئالاڭغۇ،
قارىغاي ئىچى قاراڭغۇ.
ئەلنىڭ دەردىنى ئويلاپ،
سادىر بولدى ياداڭغۇ.

كىمگە ئېيتاي دەردلەرنى،
ئاڭلار بارمۇ گەپلەرنى.
سادىر ناخشىغا قاتتى،
يىغىپ قويغان «خەپ !»لەرنى.

قاغا ـ قۇزغۇن گۆش يەيدۇ،
بۆرە، ئىتمۇ گۆش يەيدۇ.
مانجۇلار چاغان قىلسا،
چەنتۇ، سولۇن مۇشت يەيدۇ.

نوغايتۇنىڭ يولىدا،
مانجۇلار يېتىۋاپتۇ.
تۆت چەنتۇنى بىر مانجۇ،
ساپانغا قېتىۋاپتۇ.

ئاتلىنىپ بەل ياقىلاپ،
دورغىدەك بولۇپ كەلدىم.
بىر كالتەك ئۇرۇپ باشقا،
مانجۇغا ئەجەل بەردىم.

چوڭ ئاكامنىڭ بالىلىرى،
مېنى كىچىك دادام دەيدۇ.
ۋاق يېتىپ دىدارلاشماق،
بىز ئۇچۇن تائام دەيدۇ.

ھەر ئاخشىمى ئۆت دەيدۇ،
مەلىمىزدىن ئاي بولۇپ.
يۇگۇرۇپ چىقىپ كۆرەيلى،
ئويناقشىغان تاي بولۇپ.

تايچاق دېگەن تايچاق ـ تە،
ئات بولۇشنى بىلمەيدۇ.
ئۇستىگە ئېگەر ئارتىپ،
يات بولۇشنى بىلمەيدۇ.

ئاق لەيلىنىڭ بېشىدا،
سېرىق قۇشقاچ سايرايدۇ.
شەرۋانە جۇمە كۇنى،
سۇمبۇلىنى تارايدۇ.

تونۇر بېشىغا كېلىپ،
توقاچ يۇزلۇك ئاي كۆردۇم.
شەرۋانە بىلەن بىللە،
بەك ئوبدان ئۆمۇر سۇردۇم.

قارىغاي ئارىلاپ ئۆتسەم،
ئۇركۇمىدى كېيىكلەر.

سادىرنى تۇتۇش ئۈچۈن،
ئىزدەپ كەلدى چېرىكلەر.

كەلسەڭ كېلىۋەر چېرىك،
قالمايسەن بىرىڭ تىرىك.
سادىرغا تاغ ـ تاش ياراغ،
مېنى ئىزدىمەي سېلىك.

سادىرنىڭ مىلتىقى يوق،
تاش، سالمىنى قىلدى ئوق.
بىر چېرىكنى يۇمىلاتتىم،
يۈز چېرىكتىن بىرىمۇ يوق.

سادىر «ھىيلىگەر» دەيدۇ،
«ھىيلەم» راست يامان مېنىڭ.
يارەنلەرگە ھەيدەتكەن،
سەركەمۇ پالۋان مېنىڭ.

ئۆزمەي ئاتتۇق بەش كىشى،
ئۈركۈپ قاچتى مىڭ كىشى.
جان تاتلىق چېرىكلەرگە،
سادىردا نېمە ئىشى؟

كىمكى تۇتسا سادىرنى،
جاڭجۈن بېرەر مىڭ تەڭگە.
چامىڭ يەتسە تۇتمامسەن،
قوشۇپ بېرەي مىڭ تەڭگە.

ناخشىنى كۈچەپ ئېيتسام،
سادىرنىڭ ئۈنى دەيدۇ.
يايلار كۆرەڭلىشىپ،
تۇتۇڭلار بۇنى دەيدۇ.

تاغلارنىڭ ياغاچلارى،
تاغنى تالىشىپ ئۆسكەن.
سادىرنىڭ ئېتى ئۇلۇغ،
يۇرتنى تالىشىپ ئۆسكەن.

قۇمۇل يامۇلى دەيدۇ،
كەينىدە سېپىلى يوق.
تالاغا چىقاي دېسەم،
سادىرنىڭ كېپىلى يوق.

يىلقا ئۇيىرسى نەدە؟
ئۇيلار پادىسى نەدە؟
سادىرنى يالغۇز دېمەڭ،
يۇرەك پارىسى شەدە (شەھەردە).

سېپىلنى تېشىپ چىقتىم،
كۆزۈمنى ئېچىپ تىقتىم.
ئايماقلارنى جەملەشكە،
تاغلارغا قېچىپ چىقتىم.

ئوتقا كىرسەم ئوت رەستە،
تاغقا چىقسام تاغ رەستە.
كۆزۈمنى ئاچقانلارنى،
دائىم تۇتىمەن ئەستە.

موللا بىلال ئۆز باغرىم،
گېپىم بار ئاڭا دائىم.
يۇزمۇ يۇز سۆزلەشكىلى،
بەيتۇللاغا ئۇچ باردىم.

موللا بىلال تەقۋادار،
ئەلگە بولدى بەك ھەيران.
دېدى: جەڭگە چىققۇلۇق،
يېتىپ كەلگۈچە ۋەيران.

ئوغۇل بالىمەن سادىر،
نەگە بارسام يولۇم بار،
موللا بىلال ئالدىدا،
ئوڭ كۆكسۈمدە قولۇم بار.

موللا بىلال ئۇستازىم،
بېشىمدا ئالتۇن تاجىم.
زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشقا،
يار ـ يۆلەك ماڭا دائىم.

موللا بىلال خاتىپنى،
جاڭجۇن «تۇتىمەن» دەيدۇ.
بەردەڭگىلىك[1] سادىر بار،
جاڭجۇن ھۆل تېزەك يەپتۇ.

① قەددى ـ قامەتلىك، كېلىشكەن مەنىسىدە.

كىمگە ئېيتاي دەردلەرنى،
ئاڭلارغا قۇلاق بارمۇ؟
ئېيتقىنا نازىم ئۇستاز،
قايىنامغا تۇۋاق بارمۇ؟

جاڭجۇن موللا بىلالنى،
ئۆلتۈرۈپ چىدالمايدۇ.
جاڭجۇن قول سالغان كۈنى،
ئىلىدا تۇرالمايدۇ.

يۈز بېگىگە ئات دېسەم،
ھەيدەپ كەپتۇ يۈز ئاتنى.
ئاتلىنىپ چىقىپ ھەريان،
توسۇۋالدۇق ئۈچ ياقنى.

چېرىكلەر ئاتقان ئوقلار،
ھالقىپ كەتتى ئۇ تاغقا.
بىز دۈشمەنگە سىلجىدۇق،
دۈشمەن كەلمەي بۇياققا.

قالماقلارمۇ ئات سالدى،
تۇڭگانلارمۇ ئات سالدى.
قارا تاشقا كەلگەندە،
چېرىكلەر «ۋاي داد !» سالدى.

كۆلدە كۆمەچ پىشۇرغان،
ناسىركامغا ئوق تەگدى.
قىساس ئۇتى يامانكەن،
دۈشمەننى سادىر يەڭدى.①

① سادىر پالۋان قوشاقلىرى ئىچىدىكى 2 – قىسىم (يېڭى تېپىلغان) قوشاقلارنى شائىر مەسۇم باسىت تۇرپانيۇزىلىك موللا ھەمراھ كا-تىپى (1870 ــ 1946) نىڭ قولىيازمىسىغا ئاساسەن خاتىرىلىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى قالايمىقانچىلىق ۋە ھەر خىل توسال-غۇلار سەۋەبىدىن بۇ قوشاقلارنى 30 يىلدەك ئۆيىدە يوشۇرۇن ساقلاپ ئاخىرى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 – يىللىق 3 – سانىدا ئېلان قىلغان. ئالدىنقى قىسىمدىكى قوشاقلارنى تۇرسۇن زىرىدىن، ئابدۇساتتار ناسىرى، تۇرسۇن ياسىن قاتارلىــق ئەدىبلەر ئىلگىرى – ئاخىر رەتلەپ ئېلان قىلدۇرغان.

## 4 - باب
# مايىمخان ھەققىدە قوشاقلار

مايىمخان — شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن بىر تارىخىي شەخس. ئۇ 1812 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئىستىبدات چىڭ خانىدانلىقىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، پاك مۇھەببىتىنى قوغداش يولىدا مەردلەرچە قۇربان بولغان ئايال قەھرىمان.

مايىمخان — كىچىكىدىنلا زېرەك، ئەدەپلىك قىز بولۇپ ئۆسىدۇ، ئاتىسىدىن ناخشا - قوشاق ئۆگىنىپ، ئۆزىمۇ قوشاق توقۇپ، ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ، كېيىنچە دۇتار چېلىشنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، شۇ يېزىدىكى تەڭتۇشى ھېيتباقىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇ يىگىت بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ پۈتۈشىدۇ، بۇ ئىشقا ئاتا - ئانىسىمۇ قوشۇلىدۇ. بىراق، بۇ خەۋەر يۇرت ئىچىگە تارقالغاندىن كېيىن، يېزا بېگى ھامۇت توينى بۇزۇپ، مايىمخاننى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار ھامۇتبەگنىڭ پۈتلىكاشاڭلىرىغا قارىماي توي قىلىدۇ. ھامۇتبەگ توي ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ياۋۇز نىيىتىدىن يانماي، مايىمخان ئۈستىدە نۇرغۇن بەتناملارنى توقۇيدۇ، ئۆزىنىڭ غالچىسى سادىقنى كۈشكۈرتۈپ، شەنگەن ۋە ئامباللارغا مايىمخاننى يالغاندىن قارىلاپ، زىندانغا تاشلاتقۇزىدۇ ۋە ئاخىرى «ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان» دەپ گۇناھ ئارتقۇزۇپ، مايىمخاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدۇرىدۇ. مايىمخان 1840 - يىلى 28 يېشىدا، غۇلجا شەھىرىدىكى ھازىرقى بوينىكېسىك دېگەن جايدا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەكسىيەتچى زالىملار مايىمخاننىڭ جىسمىنى ئەلدىن ئايرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ زۇلۇمغا، فېئودال- لىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى جەسۇرانە روھىنى خەلق قەلبىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. خەلق مايىمخاننى ياد ئېتىپ، ئۇ ھەقتە نۇرغۇن شېئىر - قوشاق، ناخشىلارنى ئىجاد قىلدى، بۇ قوشاقلار تا بۈگۈنگىچە خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

«مايىمخان ھەققىدە قوشاقلار» ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

مايىمخاننىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتى ھېيتباقى بىلەن بولغان مۇھەببىتى ھەققىدە ئېيتقان قوشىقى:

مېنىڭ ئېتىم مايىمخان،
سول يۈزۈمدە خالىم بار.
چوكان جالا چېچىمدا،
خېنىملاردەك ھالىم بار.

مەن بېلىمنى باغلىدىم،
ھاۋارەڭ ياغلىق بىلەن.
تېخى نادان ئىكەنسىز،
يۈرۈسىز شاشلىق بىلەن.

قوش تېرەك ئاراسىدا،
قول ئېلىشقانىم قېنى؟
ئۆمۈرلۈك ئايرىلماسقا،
ۋەدە قىلغانىم قېنى؟

كۆڭۈل بەرمىسەم يارغا،
ئوق تەگمەس ئىدى جانغا.
ۋەدىگە ۋاپا ئىزدەپ،
يۈرەك پاتىدۇ قانغا.

كۆرۈنگەن قارا تاغدا،
ئات قارىندا ياغدى قار.
ئۇنتۇلمايدۇ زادىلا،
كىچىكلىكتە تۇتقان يار.

ئېرى ئۆلسە سارەمنىڭ،
ئوسما قويدى ئەتىسى.
تېگىۋاپتۇ پەرەڭنى،
توشماي تۇرۇپ يەتتىسى.①

هاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى،
ئۆگزىلەردە قار بارمۇ؟
جاھاننى كېزىپ چىقتىم،
ساڭا ئوخشاش يار بارمۇ؟

سىڭلىم ئۆلدى گۈل كۆرۈپ،
ئىنىم بولسا چېچەكتە.②
يامان ئىكەن جۇدالىق،
يېتىپ كەلدىم ئۈۋەكتە.

بارارىمدا كۆك سۇدىن،
تىزغىچە كېچىپ ئۆتتۈم.
يانارىمدا نائىلاج،
كالىغا مىنىپ ئۆتتۈم.

موزاينى بېقىپ قويساق،
ئۈچ يىلدا كالا بولدى.
هامۇتبەگ بىلەن سادىق،
باشلارغا بالا بولدى.

---

① دادامتۇدا ئەينى يىللاردا مۇشۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. مايىمخان بۇنى قوشاققا قوشۇۋالغان.
② چېچەكتە — مايىمخاننىڭ ئىنىسىگە چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

ھەر ئىككىمىز بىر دېمەت،
تەڭلا كۇلگەن غۇنچىدەك.
ئايرىۋەتتى ھامۇتبەگ،
چىدىمىدى ياش يۈرەك.

ئالۋان ـ ياساق ئەۋج ئالغان كۈنلەردە، مايىمخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ، زۇلۇمنى ئەيىبـ-
لەپ ئېيتقان قوشىقى:

دەرياغا كېلىپ باقسام،
ئوتتۇرىسى چوڭقۇر ئىكەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
سىڭلىم ھەم ئاتا ـ ئانام.

سېلىقنى تولا سېلىپ،
«ئۇزۇن ساقال»① تويمىدى.
جېنى قۇرغۇر ئوپقانلار،
ئەل ھالىنى قويمىدى.

يىغلىدىم قاڭغىر قاقشاپ،②
خۇدا ئاھىمغا يەتسىچۇ؟
ئۆلۈمنى قولىدا تۇتماي،
زالىملارغا بەرسىچۇ؟

بىۋاپا ئىكەن ئالەم،
كۆپ جاپا ئىكەن ئالەم.
ئايرىلماس دېگەنتۇق بىز،
ئايرىغان ئىكەن ئالەم.

ئالغاچ كەتسە بولمامدۇ،
ماڭغان يوللىرى تارمۇ؟
ئىلىنى ئاختۇرۇپ كەلسەم،
مېنىڭدەك دەردى غەم بارمۇ؟!

قازاسى يەتمىسە ئۆلمەس،
دەريا سۈيى كەچكەنگە.

① دادامتۇدىكى ھامۇتبەگكە ئوخشاش چوڭ زومىگەر ـ بايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② مۇشۇ كۇپلېتتىن باشلاپ تۆۋەنكى توققۇز كۇپلېت قوشاق (ئالدىنقى ئۈچ كۇپلېت تەكرارلىنىپ) ئەينى زاماندا مايىمخان تەرىپىدىن ناخشا قىلىپ ئېيتىلغانىكەن. كېيىن يەنە بىر قانچە كۇپلېت قوشۇلۇپ بېيىغان.

بويىنى قايرىلار، ئۆلمەس،
زۇلمەت باشقا چۈشكەنگە.

سىڭلىم بەرگەن ئۈچ ئالما،
بىر ـ بىرىدىن بۆلەككەن.
بىزنى شۇنداق ئايرىغان،
مۇشۇ قارا پەلەككەن.

ئورما ئوردۇم سول تارتىپ،
تاناب قويغىن ئۈنچەمگە.
سول بېشىغا چىقالماي،
ئىزا بولدى پەخەمگە.

كەمبەغەلنىڭ يەرلىرى،
ساپان تەگمەي بوز بولدى.
تام ئۈستىدە تاش ئۇرسام،
ئېتىم ئوغۇلقىز بولدى.

هاشار بىلەن ياز كەتتى،
تۇرنا، ئۆردەك، غاز كەتتى.
مەن تىلىلىسام ھامۇتنى،
سادىق تازغا دەز كەتتى.

كۆكتە ئوينىغان قۇشنى،
تۇرامدۇ قويسىلا باغلاپ؟
زۇلۇمنىڭ دەستىدىن كەتتى،①
بىلگەنلەر ئۆزى چاغلاپ.

ئاغا ـ ئىنىلەر كېتەيلۇق،
ئامانلىقتا بەل باغلاپ.
ئاۋۋال ئاڭلىغان بولسام،
كېتەر ئىدىم تاغ ئاتلاپ②.

كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپىم،
يورۇقتى، قارا بولدى.
كۆيگەن يارنىڭ دەردىدە،
يۈرىكىم يارا بولدى.

① شۇ زاماندا نۇرغۇن يېتىم ـ يوقسۇللار كۈن كەچۈرۈشكە ئىلاج قىلالماي، دادامتۇدىن ياقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن. مۇشۇ ئىشنى دېمەكچى.

② ھامۇتبەگنىڭ نىيىتىنى بىلگەن بولسام، تاغ ئاتلاپ جەنۇبقا كېتەتتىم دېمەكچى.

جۇدالىق دەردىنى تارتىپ،
ساق تېنىم يامان بولدى.
پارە ـ پارە ئىچ باغرىم،
ھۆسنىممۇ سامان بولدى.

تېكىلىخاندىن قارىسام،
يۇرتۇمنى كۆرەرمەنمۇ؟
ئۇچۇپ ئوينىغان قۇشتەك،
شاد ـ خۇرام يۈرەرمەنمۇ؟

يۈگۈرۈك ئات تولا يۈگۈرۈپ،
چۆمىدۇ قارا تەرگە.
تېتىيمەن ھامۇتبەگكە !
كىرمىسەم قارا يەرگە.

ئاتام نەدە، ئانام نەدە؟
مەن قالدىم بۇ يەرلەردە.
يالغۇزلۇق ئەسىر قىلدى،
بۇ قاراڭغۇ تۈنلەردە.

ئۇخلىمىدىم زادىلا،
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلەردە.
ئاتا ـ ئانام ئەسكە ئېلىپ،
يىغلىغاندۇر تۈنلەردە.

بۇلۇت ئەگىسە تاغنى،
جۇدۇن بولىدۇ پات ـ پات.
ئالۋان ـ سېلىقى ئاشتى،
پۇقرا ئىچىدە قات ـ قات.

قاراپ باققىن بۇ يۇرتقا،
چېچەكلىگەن تاش قالدى.
ئالۋاندىكى خەقلەرنىڭ،
ياش باللىرى ئاچ قالدى.

ئالۋان بىلەن ھاشاردىن،
ئەلنىڭ بەرى قاقشايدۇ.

دەردۇ – هال ئېيتقانلارنى،
سۇغا تىرىك تاشلايدۇ.

مېنىڭ ئېتىم مايىمخان،
سىڭلىم ئېتى مىنەمخان.
تۇتارنى بىلەر بولسام،
قاچار ئىدىم شۇ زامان.

تېكىلخاننىڭ ئۇستىدە،
ئۇچۇپ يۈرىدۇ قۇشلار.
بەگ بۇزۇلدى، تۈزەلمەس،
ئويلاپ يۈرىلى دوستلار.

مايىمخاننىڭ زىندانغا سولانغان كۈنلەردە ئېيتقان قوشىقى:

يامۇل تېمى ئېگىز تام،
ئەتراپى يالاڭ چىتلاق.
ئەل – يۇرتنى كۆرەي دېسەم،
پۇتۇمدا مېنىڭ تىزلاق.①

زەي زىنداننىڭ ئەتراپى،
قۇرۇق – قاقشال، دەرەخسىز.
سىزنى مەن كۆرەي دېسەم،
كېلىشىڭىزدىن دېرەكسىز.

گۇندا تېمى سىلىق تام،
سامان لايدا سۇۋاقلىق.
قېرىنداشلار نە هالدا؟
مەن يامۇلدا سولاقلىق.

مۇنداقمۇ بولارمەنمۇ؟
ئۇنداقمۇ بولارمەنمۇ؟
بۇ كۈنلەردىن قۇتۇلۇپ،
مەن يارنى كۆرەرمەنمۇ؟

خۇدايىم هۆسن بەردى،
ئىچ – باغرىنى كەڭ قىلىپ.

---

① تىزلاق — پۇتنى تىزىدىن پۇكۇپ يانپاشقا چاپلاپ ئۇستىدىن سالىدىغان جازا قورالى. بۇ قورال ئىلى زىندانلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلگەن.

هامۇتبەگ سولاتقۇزدى،
كەڭ جاھاننى تار قىلىپ.

قاپىقىم تارتىدۇ ھەر كۈن،
ياخشىلىقمۇ، يامانمۇ؟
ھېيتباقى دەپ جورام بار،
دادامتۇدا ئامانمۇ؟

مايىمخاننىڭ ئاشىقى ھېيتباقىنىڭ ئېغىر كۈنلەردە ئېيتقان قوشىقى:

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
باغنىڭ چۆرىسى قورغان.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
ئۆز ياردىن ئايرىلغان.

بېغىڭ گۈل باراڭ ئىكەن،
ھويلاڭ چوڭ ساراي ئىكەن.
مەن سېنى كۆرەي دېسەم،
دۈشمەنلەر مارايدىكەن.

ئىشىكىڭگە مەن بارسام،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ.
تاك ـ تاكچى مېنى كۆرۈپ،
ئارقامدىن غىپىلدايدۇ.

مېنى كۆرگەن تاك ـ تاكچى،
باشقىلارنى كۆرمەيدۇ.
دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن،
چىرايىم ھەرگىز ئۆڭمەيدۇ.

كوچاڭدىن تولا ئۆتتۈم،
سۆگەت شاخىنى تۇتۇپ.
سەن چىقمايسەن ئۆيۈڭدىن،
مەن تالادا قان يۇتۇپ.

ھويلاڭ ئەجەب ياخشىكەن،
كىرىپ كۆرگىلى بولماس.
سەن قەيەردە پايلاقتا،
بىر گەپ قىلغىلى بولماس.

چاقىرىپ قولۇم ئالغىن،
يازغىن خەتنى كۆرگەندە.
ئېگىلىپ قىلاي تەزىم،
سەن بىلەن كۆرۈشكەندە.

ھېيتباقىنىڭ زالىملارنى ئەيىبلەپ ئېيتقان قوشىقى:

ئاتنى سالمىسام بولماس،
دەردنى تارتمىسام بولماس.
پۇلۇم بولمىسا مەيلى،
يارنى كۆرمىسەم بولماس.

دەردى يوق دەمسىز بېگىم،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
پۇلى يوق دەمسىز بېگىم،
پۇل تاپقۇچە سالماڭ زۇلۇم.

ئەل بەرگەننى مەن بەردىم،
تەلەپ قىلمىدىم بەگدىن.
مەن ئۆچۈمنى ئالمىسام،
چىقمايدۇ مېنىڭ دەردىم!

ھامۇتبەگ تۆھمەت بىلەن،
مايىمدىن ئادا قىلدى.
كۆرەلمەيمەن يارىمنى،
باغرىمنى يارا قىلدى.

ھېيتباقىنىڭ مايىمخاننى سېغىنىپ ئېيتقان قوشىقى:

قارا ـ قارا قاشلىقىم،
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن چاچلىقىم.
سەن يارىمنىڭ كويىدا،
قاردا قالدى ئاشلىقىم.

غۇلجىغا كىرىپ كۈزدە،
ياتىمەن تالا ـ تۈزدە.
تەنھالىقتا كاككۇكمەن،
دەرد ئەسىرى سېرىق يۈزدە.

يارىم زۇلۇم تارتقاندۇر،
خىيالدا ياتامدىكىن؟
مەن سېغىنىپ بارغاندا،
قاتارغا قاتامدىكىن؟

نەچچە نۆۋەت چۈشۈمدە،
مايىم كەپتۇ يېنىمغا.
ھەقلىق سۆزىنى سۆزلەپ،
خۇشلۇق سالدى جېنىمغا.

مايىمنى چېپىۋەتتى،
مەن قالدىم نادامەتتە.
زالىملاردىن ئۆچۈمنى،
ئالارمەن قىيامەتتە!

جاللاتلار مايىمخاننى زىنداندىن ئېلىپ چىقىپ قىلىچ بىلەن چېپىش ئالدىدا ئۇنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

زالىم قامچىسى دەيدۇ،
ئوقيىلانغا ئوخشايدۇ.
جاللاتلار كېلىپ بولدى،
ئۆلۈم كەلگەن ئوخشايدۇ.

مەن زىندانغا كىرگەندە،
كىشى يوقتى قېشىمدا.
ئۆلۈم كەلدى بېشىمغا،
يىگىرمە سەككىز يېشىمدا.

ئۆلۈمدىن ھېچ ۋەھىمەم يوق،
قورقۇنچىم ئىمانىمدىن.
مېنى قەستلىگەن ئەبلەخ،
چۆچۈدى زۇۋانىمدىن.

مەن غۇلجىغا كىرگەندە،
قارا بوران قوزغىلىپتۇ.
بېشىمغا ئۆلۈم كەلدى،
ئاتا ـ ئانام بولسىدى؟

ئاتا بولغىنىڭ قېنى؟
ئانا بولغىنىڭ قېنى؟①
قىلىچ بىلەن چاپقاندا،
سوراپ ئالغىنىڭ قېنى؟!

يېتىپ كېلىپ تۆت مانجۇ،
قىلىچنى ئويناتتى.
ھېكىم بەگ ② سوراپ قويسا،
ئۆلتۈرمەيتتى، پالايتتى.

ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ③،
دارىن ئامبال تويامدۇ؟
مايىمخاننى ئۆلتۈرسە،
خۇنى ئۇنى قويامدۇ؟

گۈلباغ سۇپەت قەشقەردەك،
يېڭى سوققان شە بەرمۇ؟
مايىمخاننى ئېپ ماڭدى،
قۇتقۇزارغا ئەر بارمۇ؟

مايىمخاننىڭ سىڭلىسى مىنەمخان بىلەن جازا مەيدانىدا كۆرۈشكەندە ئېيتقان قوشىقى:

ئاچا قارىياغاچ④ يېنىدا،
ئىگچە ـ سىڭىل تېپىشتۇق.
قايچا قىرغان تاۋاردەك،
بىز «ئەلۋىدا!» ئېيتىشتۇق.

قېرىنداشلار خوش ئەمدى،
مەن كەتتىم نادامەتتە.
جان تەندە ئىمان بولسا،
كۆرۈشەرمىز قىيامەتتە.

مايىمخاننى قىلىچ بىلەن چاپقان ۋاقىتتا، ئەل ـ جامائەتنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئۇنى ئالتە نۆۋەت چاپتى،
تۆت ئەتراپنى سۇر باستى.

---

① بۇ ئىككى مىسرا ئەينى يىللاردا ئۆزلىرىنى «يۇرت ئاتىسى» دەۋېلىپ، كەمبەغەل، يوقسۇللارغا خەير ـ خاھلىق قىلمايدىغان دادامتۇدەكى ئەمەلدارلارغا قارىتىلغان.
② ھېكىم بەگ ــ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى ھۆكۈمرانى خالزات ھېكىم بەگنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، مانجۇلاردىن مايىمخاننى تىلىۋالغان بولسا، ئۆلتۈرمەيتتى، پالايتتى دېمەكچى.
③ ئاتمىش يامبۇ ــ ھامۇت بەگ دارىنغا ئاتمىش يامبۇ پارا بەرگەنىدى، شۇ ئىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
④ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى يىللاردا جاللاتلار مايىمخاننى قىلىچ بىلەن چاپقان جازا مەيدانىدا بىر تۈپ قارىياغاچ بار ئىكەن.

بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەل ـ يۇرت،
يۇزلىرىدىن قان قاچتى.

دادامتۇدا مايىمخان،
ئىگىچەمنىڭ قىزى ئىكەن.
ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرى،
خان ـ بەگكە بىگىز ئىكەن.

ھاۋا رەڭدە بويالغان،
مايىمخاننىڭ كۆڭلىكى.
زالىملارغا باش ئاتتى،
قاپتەك ئىكەن يۈرىكى.

مايىمخاننى كۆردۈم مەن،
بىر ئېگىز قارا تاشتا.
قولىدا بار قىلىچى،
چىرايى ئۇنىڭ باشقا.

دادامتۇ تۆپەسىدە،
ئۈچۈپ يۈرىدۇ قۇشلار.
مايىمخان ئۆلۈپ كەتتى،
يىغلاپ يۈرىدۇ دوستلار.

ئاتىسىدىن ئايرىلدى،
ئانىسىدىن ئايرىلدى.
زۇلۇمغا تاش ئېتىپ سۆزلەپ،
ياش جېنىدىن ئايرىلدى.

ئەل ئىچىدە ئۇنتۇلماس،
مايىمخاننىڭ ئۆلگىنى.
مايىمخان شېھىت بولدى،
ئىزىنى باستى ئون مىڭى.

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئەلنى باستى چاڭ ـ تۇمان.
خەق ئىچىدە خۇشلۇق يوق،
ئىچىگە تولدى دەرد ـ پىغان.

زىندان تېمى ئېگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گۆرىستان.
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ،
شېھىت ئۆلگەن مايىمخان.

## 5 ـ باب
## ئابدۇراخمان خان خوجا ھەققىدە قوشاقلار

ئابدۇراخمان خان خوجا ــ يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى بىر مۇھىم شەخس. ئۇ 1830 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1863 ـ يىلى قازا قىلغان. ئابدۇراخمان خان خوجا ھەققىدىكى قوشاقلار تارىخىي قوشاقلار ئىچىدە قەدىمىيلىكى بىر قەدەر ئۇزۇن، دەۋرچانلىقى كۈچلۈك، تەسىرچانلىقى زور بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ قوشاقلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خوتەن خەلقى ئارىسىدا داستان سۈپىتىدە ئېيتىلىپ كەلگەن.

ئابدۇراخمان خان خوجا ھەققىدىكى قوشاقلاردا 1864 ـ يىلى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خوتەندىكى زالىم ئەمەلدارلىرىغا قارشى قوزغالغان خوتەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىسى ئابدۇراخمان خان خوجىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرى، خوتەن خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى، ئابدۇراخمان خان خوجىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش جەريانى قاتارلىقلار تەسىرلىك بايان قىلىنغان. بۇ قوشاقلار ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە خوتەن دىيارىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئابدۇراخمان خان خوجا قازا قىلغاندا، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئېگىز چىنار يىقىلدى،
گۈلدۇرماما چېقىلدى.
نالە ـ پەرياد ئۈستىگە،
قايغۇ، ماتەم قېتىلدى.

غازات قىلغان باتۇرنىڭ،
ئېڭەكلىرى چېتىلدى.
ھەر يۇرەكتىن غەزەپنىڭ،
ۋولقانلىرى ئېتىلدى.

مەسۇم، سۇدۇر كۆز يېشى،
سەل ـ يامغۇردەك بىلىندى.
خان خوجامنىڭ جەستى،
تاختا پۇشقا ئېلىندى.

مەھرەملەرنىڭ مىلتىقى،
تەتۈر قىلىپ ئېسىلدى.
تۇغ ـ ئەلەملەر ئېگىلىپ،
جىنازىغا يېپىلدى.

تەتۈر كىيىپ ئىگىنىنى،
يولدا ساما سېلىنىدى.
كەڭ باياۋان قۇچىقى،
بىر قىيامەت قىلىندى.

چاقماق چېقىپ ئاسماندا،
دۈررى - مونچاق تۆكۈلدى.
گويا قات - قات بۇلۇتلار،
چاك - چېكىدىن سۆكۈلدى.

ئابدۇراخمان خان خوجا قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

بۇگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈن، بالام،
ماڭا بولدى قارا تۈن، بالام.
يېشىم ئاقتى يۈزۈمگە، بالام،
زۇلمەت پاتتى كۆزۈمگە، بالام.
ئاھ، بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان خوجام.

قۇلاق سالغىن سۆزۈمگە، بالام،
تويۇۋالاي يۈزۈڭگە، بالام.
جىنازاڭغا باش قوياي، بالام،
جامالىڭدىن گۈل ئوياي بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان خوجام.

ھەبىبۇللا ھاجىم دادىڭىزنى، بالام،
ئاخۇن ئاغىچا ئانىڭىزنى، بالام.
بەش ناتىۋان بالىڭىزنى، بالام،
پۈتمەس دەردكە قويدىڭىز، بالام.
ئاھ، بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان خوجام.

ئوڭ يېنىڭغا قارىسام، بالام،
مىلتىقلىرىڭ ئېسىقلىق، بالام.
سول يېنىڭغا قارىسام، بالام،
قىلىچ، نەيزەڭ تىزىقلىق، بالام.
جىنازاڭنىڭ ئۈستىگە، بالام،
ئالتۇن توغۇڭ يېپىقلىق، بالام.

باش ـ كۆزۈڭگە قارىسام، بالام،
ئىڭەكلىرىڭ تىڭقلىق، بالام.
ئاھ، بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان خوجام.

سۇلار كەتتى ساي قالدى، بالام،
ئىگىسى يوق جاي قالدى، بالام.
دادىسىدىن ئايرىلغان، بالام،
بەش قۇلۇنۇڭ، تاي قالدى بالام.
ئالما، ئانار ئۈزۈلدى، بالام،
ئەمدى قۇرۇق باغ قالدى، بالام.
پاشا خوجام كەتتى دەپ، بالام،
يۈرىكىمدە داغ قالدى، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان خوجام.

پىيالمىغا① بارغاندا، بالام،
تاشلار تەكيە بولدىمۇ بالام؟
ئاستىڭىزغا سالغاندا بالام،
يانتاق كۆرپە بولدىمۇ، بالام؟
ئۈستىڭىزگە ياپقاندا، بالام،
قامغاق يوتقان بولدىمۇ، بالام؟
ئاھ بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان خوجام.

تاغۇ تاشلار تەۋرەيدۇ، بالام،
بۇلبۇل مۇڭلۇق سايرايدۇ، بالام.
غەمگە پاتقان لەشكىرىڭ، بالام،
خان خوجام دەپ يىغلايدۇ، بالام.
ھاۋادىكى ئاق بۇلۇت، بالام،
ساڭا ماتەم تۇتۇپتۇ، بالام.
غېرىب – غۇرۋا ئەۋلادىڭ بالام،
زەھەر ـ زوقۇم يۇتۇپتۇ بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان خوجام.

---

① خوتەندىكى جاي ئىسمى.

ئېغىلدىكى بوز ئېتىڭ، بالام،
ئوت سېپ بەرسەم يېمەيدۇ، بالام،
قوتاندىكى كالالىرىمۇ، بالام.
سېنى ئىزدەپ مۆرەيدۇ، بالام.
ئاسماندىكى تورغايمۇ، بالام،
ساڭا تەھسىن ئوقۇيدۇ، بالام.
تاغلاردىكى قۇشلارمۇ، بالام،
مەرسىيەڭنى ئوقۇيدۇ، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان خوجام.

ئالا تايغان كۈچۈكۈڭ، بالام،
كۆككە قاراپ ھۇۋلايدۇ، بالام.
ئايۇنىڭدا ئاسلانلار، بالام،
مياڭلىشىپ يىغلايدۇ، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان خوجام.

تىنچ ياتقىن گۆرۈڭدە، بالام،
يۇرتۇڭ ماڭار يولۇڭدا، بالام.
قارا زۇلمەت تەختىنى، بالام،
كۆل قىلارمىز ئوتۇڭدا، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان خوجام.

مەھشەرگاھقا بارغاندا، بالام،
خۇدا قازى بولغاندا، بالام.
دەۋاغا تىك تۇرارمىز، بالام،
دۇشمەندىن خۇن سورارمىز، بالام
ئاھ بالام، ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان خوجام.
ئاھ، ھەسرىتا! خان بالام!
ئاھ، نادامەت، جان بالام!

## 6 ـ باب
## تاش ئاخۇنۇم ھەققىدە قوشاق

تاش ئاخۇن ئەزىزى (ئەسلىي ئىسمى ئابدۇرەشىد) ئۆز زامانىسىدىكى ئىلغار كارخانىچى، تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زات. ئۇ 1866 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسى ۋاقۋاق كەنتىدە بىر تەرەققىيپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. تاش ئاخۇنۇمنىڭ دادىسى ئەزىز ئاخۇن بولۇپ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوتتۇراھال كىشىلەردىن ئىدى. تاش ئاخۇنۇمنىڭ تۆت خوتۇنى بولۇپ، ئۇلاردىن 17 پەرزەنتى بولغان.

تاش ئاخۇنۇم ئەرەب، پارس، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. ئۇ دىنىي ئالىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە پەننىي بىلىملەردىنمۇ چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئىگىلىگەن يەر ـ زېمىنى كۆپ بولۇپ، يەرلىرىنى ئۆزى تېرىماي، ئورتاقچىلارغا تېرىتاتتى، ئۆزى بولسا سودىگەرچىلىك، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئۇ 1894 ـ يىلدىن 1913 ـ يىلغىچە ۋاقۋاق كەنتىدە يېڭىچە مەكتەپ تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى يۇرتلاردىن 40 نەپەر كىشىنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتۇپ، يۇرت ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغان. ئۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلماي، روسىيىگە ئۆتۈپ، موسكۋا، پېتىربۇرگ، فىنلاندىيە قاتارلىق جايلاردا جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. قانداق قىلىپ شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا يۇقىرى قاتلامدىكى بايلار بىلەن سۆزلىشىپ، قاتناش ـ نەقلىيات، تۆمۈريول ۋە يېڭى ئاپتو ـ ماشىنا تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا مۇددىئانامىلەرنى تۈزگەن. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەكەندە سەرەڭگە زاۋۇتى قۇرغان. 200 دىن ئارتۇق ئىشچىنى زاۋۇتقا قوبۇل قىلىپ، سەرەڭگە ئىشلەپ خەلقنى تەمىنلەپ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلىگەن. قەشقەردە سۇ چىغرىقى بىلەن ئىشلەيدىغان پاختا زاۋۇتى قۇرۇپ، 12 تاش تۈگمەن ياساتقان. ئاتۇشتىمۇ قول ھۈنەرۋەنلەر شىركىتى قۇرۇپ، ئاق ماتاغا گۈل بېسىشنى ئىجاد قىلىپ، شاتاۋار رەخت ئىشلەپ چىقارغان. پىلە بېقىش كەسپىنى يولغا قويۇپ، يىپەكچىلىك سانائىتى بىلەن شۇغۇللانغان. قەشقەر ۋە پەيزاۋاتلاردا ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. كارخانىلىرى ئارقىلىق بازارنى يېتەكلەپ ۋە ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ، زور مەبلەغكە ئىگە بولغان ھەمدە تەڭگە قۇيدۇرۇپ پۇل چىقارغان. ئۇ سودا ـ سانائەت، ئاقارتىش، يېڭىچە مائارىپ قاتارلىق ئىشلاردا ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدە ئابرۇيلۇق، داڭلىق مۆتىۋەرگە ئايلانغان. لېكىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشكەندىن كېيىن، ئىلىغا چىقىپ كېتىپ، 1929 ـ يىلى ئىلىدا ۋاپات بولغان.

«تاش ئاخۇنۇم ھەققىدە قوشاق» ـــ ئەينى زاماندا تارقالغان بولۇپ، جەمئىيەتتە خېلى كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ قوشاقلار تەرەققىيپەرۋەر كارخانىچى تاش ئاخۇنۇمنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسىنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى، تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، سودا ـ سېتىق، تىجارەت يوللىرىنى ۋە ئۇنىڭ زاۋۇت، كارخانىلىرىدا ئىشلىگەن ئىشچىلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

بۇ قوشاقلار 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تاش ئاخۇنۇم تاش ئىكەن،
ئالغان خوتۇنى ياش ئىكەن.
خامغا ئۇششاق گۈل بېسىپ،
ئامبال بىلەن باش ئىكەن.

تاش ئاخۇنۇم جازانى،
بىر يىل ئالدى بازارنى.
پۇل تېپىشنىڭ كويىدا،
تاشلىۋەتتى مازارنى.

سازغا چۈشكەن ئۆردەكنى،
نادان باللار غاز دەيدۇ.
ئاتمىش ئالتە نىمكارنى،
تاش ئاخۇنۇم ئاز دەيدۇ.

ئاسماندىكى ئاينى كۆرۈڭ،
تاش ئاخۇنۇم باينى كۆرۈڭ.
ئىشلەپ هارغان مەدىكارغا،
سەرلەپ بەرگەن ناننى كۆرۈڭ.

# 7 ـ باب
# پوچۇنخان قوشاقلىرى

«پوچۇنخان قوشاقلىرى» ۋە ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، چىڭ خانىدانلىقىنىڭ ئوردا ماتېرىيال ـ ئارخىپلىرى ئىچىدىمۇ ئۇنىڭغا ئائىت گەپ ـ سۆزلەر بار. پوچۇنخانىنىڭ ئەسلىي ئىسمى مېھرىبانۇم بولۇپ، پوچۇن ئۇنىڭغا خانلىق ئوردىدىن بېرىلگەن پەخرىي نام. ئۇ خەنزۇچىدىكى 福晋 — مەرتىۋىلىك خېنىمدىن كەلگەن.

پوچۇنخان 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئىلىدا بەگ بولۇپ تۇرغان خالزات ھېكىمنىڭ ھەدىسىنىڭ قىزى.① خالزاتخان ئىلى گۇڭ بەگلىكىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد ھاكىمبېگى ئىدى. پوچۇنخان تەخمىنەن 1810 ـ يىللىرى تۇغۇلغان. پوچۇنخانىنىڭ دادىسى نۇرزات بەگ ھايات ۋاقتىدا قىزىنى ئوبدان تەربىيىلىگەن، ئۇنىڭغا ئەدەبىياتتىن دەرس ئۆتكەن، شەرق خەلقلىرىنىڭ تىللىرىنىمۇ ئوبدان ئۆگەتكەن. شۇڭا ئۇ ئىلىم ۋە پەزىلەتتە ھەممە ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك بىر قىز بولۇپ يېتىشكەن. مېھرىبانۇمنىڭ تاغىسى خالزاتخان 1825 ـ يىلى بېيجىڭغا بېرىپ، چىڭ خانىدانلىقىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا مەلۇم ۋاقىت تۇرۇپ قالىدۇ ھەمدە قۇمۇلنىڭ جاساق جۇنۋاڭى بەشىرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، مېھمان قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ بەشىر ۋاڭنىڭ ئايالى بۇۋىھەجەرنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەدىسىنىڭ قىزى مېھرىبانۇمنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولىدۇ ۋە پۈتۈشىدۇ. كېيىن، ئىلى بىلەن قۇمۇل ئوتتۇرىسىدا توي تەييارلىقلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، ئىككى جايدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا توي مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن 60 ئائىلىلىكتىن كىشى ئىلى ۋە قۇمۇلغا بېرىپ تويغا قاتنىشىدۇ. بىراق، بەشىرۋاڭ ئۆزى كېلەلمىگەنلىكتىن، مېھرىبانۇم خەنجەرگە نىكاھ قىلىنىدۇ. خالزات ۋاڭ يەنە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بەشىرۋاڭدىن 30 ئائىلىلىك قۇمۇللۇقنى ئىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئىلىغا كەلگەنلەرنى ھازىرقى خۇدىيار يۈزى يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. گەرچە ئۇلار توي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تويدىن مېھرىبانۇم ناھايىتى نارازى بولغان. ئۇنىڭ ئەسلىدە كېپەكيۈزى مەھەللىسىدە ئۆمەرجان دېگەن بىر يىگىت بىلەن مۇھەببىتى بار بولۇپ، توي ئۇنىڭ رازىلىقى بولمىغان ئەھۋالدا قىلىنغان. شۇڭا ئۇ قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇيالماي، تولا ھەسرەت چېكىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالغان. بەشىرۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوردىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى پوچۇنخان ئۆز قولىدا تۇتۇپ، خەلققە پايدىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. «گادايلار سېپى» قۇرۇپ، نامراتلارغا ھەر پەسىلدە بىر قېتىم ئاشلىق تارقىتىپ بەرگەن، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كارىزلارنى چاپتۇرغان، قۇمۇلنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئوردا ۋە مەدرىسلەردە كۇتۇپخانا تەسىس قىلىپ، خەلقنى بىلىم ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلەشكە دالالەت قىلغان. ئۇ ئاخىرى ئاغرىقتىن ساقىيالماي 1878 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى ئىچىدىكى چىنە گۈمبەز دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان.

مېھرىبانۇم ئۆز ھاياتىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز دەرد ـ ئەلەملىرىنى قوشاق قىلىپ، خەلق ئارىسىدا تارقاتقان. ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا فېئوداللىق نىكاھ، قائىدە ـ تۈزۈملەرگە بولغان قارشىلىق، ئاۋام خەلققە بولغان ھېسداشلىق، ئاياللار ئازادلىقى، ئەركىن مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىش ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

① «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» 93 ـ جىلد، 16 ـ بەت.

ئۇ، خەلق قوشاقچىسى، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئادىل، خەلقپەرۋەر ۋاڭى سۈپىتىدە تارىختىن ئورۇن ئالغان.

مېھربانۇمنىڭ تويىدىن كېيىن نارازى بولغان ھالدا، ئۆزىنىڭ تارتقان دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى بايان قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

تاغام خالزات چىقمۇپلىپ،
مەنسەپ تەختىگە.
تۇتۇپ بەردى قۇمۇللۇقنىڭ،
تەلەي بەختىگە.

تاغام مېنى خازان قىلدى،
ياڭغان ۋاقتىدا.
ئاكام بولسا بېرەر ئىدى،
باھار ۋاقتىدا.

باشىمدىكى كوكۇلامنى،
ئانام ئۆرۈگەن.
بىر چاقماققا نىكاھ كۈنى①،
بېشىم تۆرىگەن.

ماڭارىمدا تۇتۇپ بەردى،
قۇلان يورغىنى.
ھەمسايەڭ دەپ قوشۇپ قويدى،
دالىن دورغىنى.

قۇلان يورغا كىشنەپ چىقتى،
ئوردا قوۋۇقتىن،
مېنىڭ مۇنداق دىشۋارلىقىم،
تاغام بۇزۇقتىن.

مەن تاغامنىڭ گەپلىرىنى،
يولدا ئاڭلىدىم.
ئۈمىدىمنى ئانا جانىم،
ساڭا باغلىدىم.

كۈرە يولى ئەگرى ـ توقاي،
ئەتراپى توغراق.

① چاقماق — پىچاق، خەنجەر. بۇ يەردە خەنجەرگە نىكاھ قىلىنىپ، بېشىم باغلاپ قويۇلدى دېمەكچى.

ئىلى دەريا ئاقار ياندا،
لەۋلىرىم قۇرغاق.

كېچىلىرى جىرىڭلايدۇ،
ئالتۇن تەڭگىلەر.
قەيەرلەرگە يوقالدىكىن،
خۇشال كۈلكىلەر؟

تىللا ـ تەڭگە ئالغان تاغام،
زەرگە تويامدۇ؟
ئون بەش ياشلىق قىزنى سېتىپ،
گۆردە ياتامدۇ؟

تاغام مېنى تۇتۇپ بېرىپ،
يامبۇ تاپامدۇ؟
يىراق يەردە ئۆلۈپ كەتسەم،
قۇمدىن تاپامدۇ؟ ①

مېھرىبانۇمنىڭ قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن، ئاشىقى ئۆمەرجاننى ياد ئېتىپ توقۇغان قوشىقى:

كاككۇكلار كېلىپ قوندى،
ياشارغان دەرەخلەرگە.
يارنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

كاككۇك تولا سايرايدۇ،
باھار بولغان ئوخشايدۇ.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
يارىم كېسەل ئوخشايدۇ.

تاغدا كاككۇك، باغدا زەينەپ،
چىلگە شاپتۇل قايدا بار؟
بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن،
مېھرىبان يار قايدا بار؟②

مېھرىبانۇم مەجبۇرىي توي قىلىنىپ، قۇمۇلغا ئېلىپ مېڭىلغان چاغدا، ئانىسى سۇمانىخان بىلەن يىغلىشىپ تۇرۇپ ئېيتقان قوشىقى:

---

① بۇ قوشاقلارنى ئىلى ھاكىمبەگلىكىنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئەزىز نۇرزات ۋە خەلق ناخشىچىسى نىياز نۇرى ئېيتىپ بەرگەن ۋە شۇ ئاساستا رەتلەنگەن.

② مىرئەلىنىڭ «پۇچۇنخان» ناملىق ئوچېركىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

سۇمانىخان:

مېھرىبانۇم كەتتىڭىزمۇ،
سۆيۈۋالاي سىزنى.
يىل ئارىلاپ كېلىپ تۇرۇڭ،
كۆرگىلى بىزنى.

پۇچۇنخان:

ئاي ئارىلاپ، يىل ئارىلاپ،
كېلىمەن سىزگە.
جېنىم ئانا بىر ئاق پەتە①،
بەرسىلە بىزگە.

مەن ئانامنى تاپشۇردىما،
جان ئاكا سىزگە.
مېھمان بولۇپ بىر بارسىلا،
قۇمۇلغا بىزگە.

سۇمانىخان:

ئاھ، بالام، جېنىم بالام،
يىغلاپلا قالدىم.
قولۇمغا بىر ئالتۇن كاسا،
ھەي ھاراق ئالدىم.②

سۇمانىخانىنىڭ قۇمۇلدىن قىز يۆتكەش ئۈچۈن كەلگەن بىر توپ بەگلەرگە قاراپ ئېيتقان قوشىقى:

قاتار ـ قاتار كۆرۈنگەنلەر،
خۇمدان ئوخشايدۇ.
قۇمۇل ياقتىن كەلگەن بەگلەر،
تۇڭگان ئوخشايدۇ.③

قۇمۇلدىن كەلگەن بەگلىرىم،
ۋەدە بېرىشسىلە.
ۋەدە يېتىپ كەلگەن چاغدا،
ئېلىپ كېتىشسىلە.

① ئاق پەتە ــ ئاقيول تىلەپ، دۇئا قىلسىلا دېگەن مەنىدە.
② ھاراق ــ بۇ مىسرالار: پانتۇسوف تۈزگەن «تارانچى ناخشىلىرى»دىن ئېلىنغان.
③ ئەينى زاماندىكى بەگلەر مانجۇچە كىيىملەرنى كىيگەن بولۇپ، سۇمانىخان ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قاراپلا خۇيزۇغا ئوخشاتـقانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قۇمۇل ياقتىن كەلگەن بەگلەر،
سىلكىمەڭ قىزىمنى !
ئامالىم يوق، مەن تاپشۇردۇم،
گۆھەر ــ نۇرۇمنى.①

سۇمانىخان ئانا قىزىنى قۇمۇلغا ئۇزىتىۋاتقاندا پەرزەنت ئىشقىدا ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ ھوشىدىن كېتىدىكەن. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن يەنە قىزىغا ئېسىلىپ يىغلىغان، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئايرىلىش ئازابىدا ئېيتقان قوشىقى:

ئارپا، بۇغداي، سامانىنى،
سەلكىن ئايرىيدۇ.
ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشنى،
ئۆلۈم ئايرىيدۇ.

بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە بار،
تېرىسا ئۈنمەس.
بىرى ئاتا، بىرى ئانا،
بىرى قېرىنداش.

ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشنى،
تېرىسا ئۈنمەس.
كۆز يېشىمنى دەريا قىلىپ،
سۇغارسام قانماس.

مەن ئېتىمنى تاغدا دېسەم،
يۇرۇپتۇ سايدا.
بىر ئاتىدىن يەتتە ئىدۇق،
بىرىمىز قايدا؟ ②

ئەينى چاغلاردا ئېلىنىڭ ھارۋىكەشلىرى كىراكەشلىك قىلىپ، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، پىچان، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا قاتناپ تۇرىدىكەن. بىر قېتىم بىر توپ ھارۋىكەش قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئېلى ناخشىلىرىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پوچۇنخان ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ، ھارۋىكەشلەرنى ئوردىغا چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا يېتەرلىك يول راسخوتى بېرىپ، ئۇلارنى ئېلىغا چىرايلىق يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەينى چاغدا گۈزەل يۇرتى ئېلىنى سېغىنغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

① ئەزىز نۇرزات خاتىرىسىدىن.
② ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېلىدا تارقالغان «جېنىم خېنىم»، «بىز ئاتلاندۇق» دېگەن ناخشىلارنى سۇمانىخان قىزىنى قۇمۇلغا ئۇزاتقاندا ئېيتقانىكەن. بۇ ناخشىلار «ئېلى خەلق ناخشىلىرى»غا كىرگۈزۈلگەن، 4 ـ بەت.

ئاتالىقلار ئاتا دېسە،
قۇيۇلدى ياشىم.
ئانالىقلار ئانا دېسە،
ئېگىلدى باشىم.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
تەستۇر يەتمىشىم.
غېرىبلىقنىڭ ئازابىدىن،
قاتماقتا باشىم.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
نېمىدەپ باقتىڭىز؟
شۇ كۈنلەرگە قالارىمنى،
بىلمەپتىمىكىن؟

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتىپىدا،
كۆيدى پېشانەم.
ئۆلۈپ كەتسەم قالۇرمۇ ئاھ !
نامۇ نىشانەم.

ھارۋىكەشلەر ۋاڭ ئوردىسىدا ئولتۇرۇپ بۇ قوشاقلارنى ئاڭلاپ، پۇچۇڭخانغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىپتۇ. بۇ قوشاقلار «ئا» ھەم «قا» بىلەن باشلىنىدىغان قوشاقلار ئىكەن. ھارۋىكەش يىگىتلەر پۇچۇڭخاننىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تېخىمۇ قايىل بولۇپتۇ. تۆۋەندىكىسى پۇچۇڭخاننىڭ «قا» بىلەن باشلانغان قوشىقى:

قارلار يېغىپ ياز بولمايدۇ،
باغداشنىڭ تاغى.
دەرد كەلگەندە پايلىمايدۇ،
يۈرەكنىڭ داغى.

قارا كېچە، قارا ياغاچ،
مېنىڭ سىردىشىم.
يوپۇرمىقى شىلدىرلىسا،
تۆكۈلەر ياشىم.

قارىسام مەن كۆرۈنمەيدۇ،
ئىلىنىڭ تاغى.
ئەجەب ـ ئەجەب يامان ئىكەن،
ئايرىلىش داغى.

پۇچۇنخان ھەمىشە ياز كېلىش بىلەنلا، قۇمۇل تاغلىرىغا چىقىپ، ساياھەت قىلىپ كۆڭلىنى ئاچىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ تاغدا ئۇخلاپ قېلىپ چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ چۈشتىن ئويغانغاندا، ئاتا ـ ئانىسىنى ئەسلەپ ئېيتقان قوشىقى:

تاغلار بېشىدا،
چېدىر كۆرۈنەر.
چېدىر ئىچىدە،
ئانام كۆرۈنەر.

دۆلىتىم ئاكام،
غېرىبىم ئانام.
چوكان سېكىلەك،
سىڭلىمغا سالام.

يولدا يولداشىم،
سىرداش ـ مۇڭداشىم.
كۆڭۈل شادلىقىم،
دوستلارغا سالام.

پۇچۇنخان ئېيتقان ناخشا ـ قوشاقلارنى ھارۋىكەش يىگىتلەر ئىلىغا ئەكېلىپ تارقاتقاندىن كېيىن، سۇمانىخان ئانا قىزى ھەققىدە مۇنداق قوشاق توقۇپ خەت يازغان:

دەردى بار بالام،
چىرايىم سامان.
غەمكىن بولمىغىن،
بىز بۇندا ئامان①.

پۇچۇنخاننىڭ 1873 ـ يىللىرى قۇمۇل خەلقى بىلەن بىللە، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا مەجبۇري كۆچۈرۈلگەندە، سەرگەردانلىق تۇرمۇشقا ئېچىنىپ ئېيتقان قوشىقى:

مەن ئۆزۈمنىڭ شەھىرىدە،
ئۇلان ئىدىم، خان ئىدىم.
كىشى شەھىرىگە كېلىپ،
غېرىب بولۇرنى بىلمىدىم.

شۇل ئەزەلدىن بار ئىكەن،
مېنىڭ بۇ يەرگە كەلمىكىم.
كېچە ـ كۈندۈز غەم بىلەن،
ئۆتەر كۈنۈم، ئەمگىكىم.

---

① ئەزىز نۇرزات خاتىرىلىرىدىن.

نەقىلاي، نىمە قىلاي،
يېتىم كۆڭۈلنى ئۇۋۇلماي.
ئەر بولسام كەتمەسمىدىم،
باش ـ كۆزۈمنى ئورىماي.

1878 ـ يىلى چىڭ خاندانلىقى يوچۇڭخاننى ياقا يۇرتلاردىن قوغۇلغا قايتۇرۇپ ئەكېلىپ، تۇرمۇشىدىنى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى. ئۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ قىسمەتلەرنى ئەسلەپ مۇنۇ قوشاقنى توقۇغان:

يازغى بۇغداي مايسا بولدى،
كۈزگى بۇغدايلار قېنى؟
جان چىقار ھالەتكە يەتتىم،
جان قېرىنداشلار قېنى؟

دۆلىتىڭنىڭ بارىدا،
دوستمۇ دوست، دۈشمەنمۇ دوست.
باشقا غەم چۈشكەن چېغىڭدا،
جان قېرىنداش، جېنىڭغا دوست.

يوچۇڭخاننىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئېيتقان قوشىقى:

مەن ئۆلسەم جەسەتمنى،
تاغدا قويۇڭلار.
تاغ يولى يىراق كېلىپ قالسا،
باغدا قويۇڭلار.

ئوڭ يۈزۈمنى قىبلە سايان،
ئاچىپ قويۇڭلار.
باشلىرىمغا بىر دەستە گۈل،
سانجىپ قويۇڭلار.

ئاقتى ياشىم، تامدى ياشىم،
شىشىلەر باشىم.
مەن ئۆلگەندە ياخشى يىغلاڭ،
جان قېرىنداشىم.

# 8 ـ باب
# سىيىت نوچى قوشاقلىرى

سىيىت نوچى ــ بىر تارىخىي شەخس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سىيىت نوچى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەر شەھىرىدىكى كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرى 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىدە خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتقا توغرا كەلگەن. ئۇ چىڭ خاندانلىقىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا قارشى قۇرۇلغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەشكىلات «گېلاۋخۇي»نىڭ تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلغان. «گېلاۋخۇي» شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھەرقايسى جايلاردا ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ مەقسىتى ئىستىخىيىلىك ھالدا خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇلار پەقەت «مەنسەپدارلار ئۆلتۈرۈلسىلا زۇلۇم تۈگەيدۇ» دەپ تونۇغان. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىمۇ «گېلاۋخۇي»نىڭ شۆبىسى قۇرۇلغان. سىيىت نوچى بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشىپ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن. ئاقسۇ، ئۈچتۈرپان، قارا شەھەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردا زۇلۇمغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلقنى ئويغاتقان. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئامما ئارىسىدىكى تەسىرىدىن قورقۇپ، ئۇنى قولغا ئالغان ۋە ئەڭ ئاخىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سىيىت نوچى شىنخەي ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان «گېلاۋخۇي»نىڭ بىر ئەزاسى. ئۇ كونا جەمئىيەت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگەن، ئىلغار ئىدىيىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بىر خەلقپەرۋەر كىشى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئارىسىدا ئۇ توغرۇلۇق كۆپ ھېكايىلەر تارقالغان. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئېيتقان قوشاقلىرى تا ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدىكى مەدداھلار، داستانچىلار، قوشاقچىلار، سۆزمەن قىزىقچىلار تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كەلمەكتە. سىيىت نوچىنىڭ ھاياتى ھەققىدە خېلى كۆپ ئەدەبىي ئەسەرلەر يارىتىلغان.

سىيىت نوچى قوشاقلىرىدا سىيىت نوچىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خىيانەتچى ـ پارىخور ئەمەلدارلىرى بىلەن يۈزمۇيۈز كەسكىن ئېلىشقان جاسارىتى، ئۇنىڭ كەڭ ئەمگەكچى خەلق بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتى، زالىم ئەمەلدارلار ئالدىدىكى مەردانە قىياپىتى ۋە ھەق ـ ئادالەتنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچى ئەكس ئەتكەن.

قارا ساچىم يەلپۈنۈپ،
قاشىمغا چۈشتى.
تۈمەن سەۋدا، مىڭ بالا،
باشىمغا چۈشتى.

بولدى خەنزۇ ئوتياشچى،
لاۋجاڭ ئاداشىم①.
ئۇ ئۆگەتتى چامباشى،
قاتقاندا باشىم.

① لاۋجاڭ ــ ئەينى يىللاردا قەشقەر شەھىرىدە جاڭ ئىسىملىك بىر چامباشچى ئۆتكەن ئىكەن.

گىلاۋخوْيغا① جەم بولدۇق،
دارىنغا② قارشى.
خىيانەتچى ـ پارىخور،
زالىمغا قارشى.

بەلنى باغلاپ، يەك تۇرۇپ،
ئىسيان كۆتۈردۇق.
خەلقئالەم ئالدىدا،
داستان كۆتۈردۇق.

باستۇرۇلدى گىلاۋخوْي،
زىنداندا لاۋجاڭ.
زۇلۇم ـ كۈلپەت ئەۋج ئېلىپ،
قىينالدى بۇ جان.

قەشقىرىمدە كۈن ئالماق،
تەس بولدى، كەتتىم.
ياۋا قۇشتەك ئايلىنىپ،
ئاقسۇغا يەتتىم.

قەشقەردىنمۇ بەك غېرىب ـ
غۇرۋانە ئاقسۇ.
ھەم خارابە يۇرت ئىچى،
ۋەيرانە ئاقسۇ.

راۋابىمنى سايرىتىپ،
يەتتىم كۇچاغا.
ئالتە چېرىك بىر بولۇپ،
ئالدى ئاراغا.

قاراقچىلار ئارىسىدىن،
مۇشتلاپلا قاچتىم.
قاراشەھەر دەرۋازىسىنى،
پەشۋادا ئاچتىم.

---

① شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە قەشقەر شەھىرىدە زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى قۇرۇلغان خەلق تەشكىلاتى.
② دارىن ـــ ئەمەلدار، مەنسەپدار.

ما بايۋەچچىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە كۆرەڭلەپ، سىيت نوچىغا دېۋەيلەپ تۇرۇپ ئېيتقان قوشىقى:

قەيەرلىكسەن؟ نەدىن كەلدىڭ؟
ئاتىڭنى سۆزلە.
تېگى ـ تەكتىڭ، ئەجدادىڭ،
زاتىڭنى سۆزلە.

راۋاب، زەخمەك قولۇڭدا،
زارىڭنى سۆزلە.
ئايىغىمغا باش قويۇپ،
دادىڭنى سۆزلە.

تىلەمچىمۇ، رەمچىمۇ،
دىۋانىمۇ سەن؟
ئۆز يېرىڭدە خارۇ زار،
سەرسانىمۇ سەن؟

تەڭگە ـ داچەن دەردىدە،
ئاۋارىمۇ سەن؟
تەمە قىلساڭ خەير ـ ئېھسان،
ھالىڭنى سۆزلە.

سىيت نوچىنىڭ ما بايۋەچچىگە بەرگەن جاۋابى:

ئەزىزانە قەشقەرنىڭ،
سېپىل تېشىدىن؛
شېرىن ـ شەربەت سۈيى بار،
تۈمەن قېشىدىن؛

كوزىچى يار بېشىدىن،
خۇمدان بېشىدىن —
چىققان سىيت گاڭگۇڭ مەن،
گاڭگۇڭ يىگىت مەن.①

كىچىكىگە كىچىك مەن،
چوڭىغا چوڭ مەن.

① گاڭگۇڭ — مەرد، قەتئىي، قەيسەر، نوچى ئادەمنى كۆرستىدۇ.

پىشىقىغا پىشىق مەن،
توڭىغا توك مەن.

تەتۈرىگە تەتۈر مەن،
ئوڭىغا ئوڭ مەن.
كەمبەغەلنىڭ سازچىسى،
سېيىت گاڭگۇڭ مەن.

رەمچىلىكنى ئۆقمايمەن،
رەمبال ئەمەسمەن.
يا قەلەندەر ـ دىۋانە،
ئابدال ئەمەسمەن.

خەقنى ئۇرۇپ سوقمايمەن،
ئامبال ئەمەسمەن.
يامىنىدىن قورقمايمەن،
سېيىت گاڭگۇڭمەن.

سېيىت نوچىنىڭ قاراشەھەردە يارۇ دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئېتىغا مىنىپ ئىلىغا قاراپ ماڭغان چېغىدا ئېيتقان قوشىقى:

ئىلىخوغا بارماڭلار،
يولى خەتەردۇر.
قەھرىتان قىش نەشتىرى،
جاندىن ئۆتەدۇر.

مۇساپىرلار، دەردمەنلەر،
يولدا ياتادۇر.
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ،
غەمگە پاتادۇر.

ئىلىخوغا مەن بېرىپ،
قالدىم بالاغا.
جەللىگۇر شۇم ئون ئورۇس،
ئالدى ئاراغا.

ئالتىنىڭ سۇندۇرۇپ،
ئوتتۇز چىشىنى،

پەشۋا بىلەن ـ مۇشت بىلەن،
ياردىم بېشىنى.

ئىلى دەريا بويىدا،
چالدىم راۋابنى.
رازى قىلدىم تۇل خوتۇن،
دەردمەن بىتابنى.

سىيىت نوچىنىڭ ئۇچتۇرپانغا كەلگەن ۋاقتىتا ئېيتقان قوشقى:

يىگىرمە ئالتە ياشىمدا،
كۇنلەر چۇشتى باشىمغا.
ئەرزىمنى بايان ئەيلەي،
يارۇ دوست، ئاداشىمغا.

ئەزىزانە قەشقەردە،
تۇغۇلۇپ ھەم چوڭ بولۇپ.
شۇ يەردە ئاتالغان مەن،
سىيتاخۇن گاڭگۇك بولۇپ.

سىيىت نوچى، سىيىت گاڭگۇك،
شەمۇ ـ شەنى ئايلىنىپ.
قەشقەرگە كېتەر ۋاقتا،
ئۇچتۇرپانغىمۇ كېلىپ.

ئاتنى دەڭجاغا بېرىپ،
ساماۋەرخانىغا كىرىپ.
چاي ئىچەي دەپ ئولتۇرسا،
ئۇچتۇرپاننىڭ ئامبىلى.

مادوتەي كېلىپ قالدى،
گاڭگۇكنى كۆرۇپ قالدى.
ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي،
بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
ئۇ قانداق تونۇپ قالدى ؟

ئۇچتۇرپاندا مادوتەينىڭ سىيىت نوچىغا قارىتىپ ئېيتقان قوشقى:

ھەي نوچى، سىيىت گاڭگۇك،
ئۇچتۇرپانغا خۇش كەپسەن.
مەن كۆرۈپ دىدارىڭنى،
بولدۇم تولىمۇ خۇرسەن.

جېنىم سۆيۈنەر، يايرار،
قەشقەرلىكنى كۆرسەم مەن.
ئالدىڭغا چىقار ئىدىم،
كەلگىنىڭنى بىلسەم مەن.

ھەي نوچى ـ سىيىت نوچى،
يۇرسەڭ ـ ئوردىغا بارساڭ.
ئۇستىخان چۇشۇپ قالسا،
بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قالساڭ.

* * *

«ماقۇل» دەپ نادان گاڭگۇك،
بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قالدى.
چۇشىدە غېرىب ـ مىسكىن،
ئانىسىنى كۆرۈپ قالدى.

قەشقەرگە كېتەي ئەمدى،
ئەلنى خۇش ئېتەي ئەمدى.
ئانام بىلەن ئۇكامنىڭ،
قېشىدا ئۆتەي ئەمدى.

دوتەيدىن سوراپ رۇخسەت،
قوش قامچا سالاي ئاتقا.
چۆل كېزىپ داۋان ئاشاي،
ئەل ـ يۇرتنى ئېلىپ يادقا.

سىيىت نوچىنىڭ ما دوتەيىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئېيتقان ئەرزى:

قوي ئىزدەر قوزاسىنى،
قوزىمۇ ئاناسىنى.
ھاۋادىكى قۇشلارمۇ
سېغىنار ئۇۋاسىنى.

سېغىنىدىم غېرىب ـ مىسكىن،
يالغۇز مېھرىبانىمنى.
سېغىنىدىم ئېتى مەمەت،
ئۇكامنى غەمگۈزارىمنى.

تۇمەن بويى، يار بېشىدا،
راۋابىم چالاي ئەمدى.
خەلقىمنىڭ غېرىب ـ سولغۇن،
كۆڭلىنى ئالاي ئەمدى.

قەشقەرگە باراي دەيمەن،
مېھرىگە قاناي دەيمەن.
ما دارىن ئىجازەت بەر،
يولغا ئاتلىناي دەيمەن...

ما دارىننىڭ سېيىت نوچىغا بەرگەن جاۋابى:

ئىجازەت بېرەي دېسەم،
قانداق چىدىسۇن يۈرەك؟
مەن سېنى دېمەيمىتىم
«توغقاندىن يېقىن يۆلەك»؟

ئىجازەت بېرەي گاڭگۇڭ،
چارەم يوق مېنىڭ بۆلەك.
يالغۇز ئانىغا سەندەك،
جان كۆيەر ئوغۇل كېرەك.

قەشقەردىكى دارىنغا،
خەت يېزىپ بېرەي ئەپكەت.
خەتنى كۆرسە خەن دارىن،
دەيدۇ ساڭا كۆپ رەھمەت...

بۇ يۇرتتىن كېتەر بولدۇڭ،
ئىچىمگە سېلىپ دەردنى.
ئەتە يولغا چىق گاڭگۇڭ،
تەييارلاپ قوياي خەتنى...

سېيىت نوچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئېلىپ يولغا چىقىش ئالدىدا ئېيتقانلىرى:

خوش بۇرادەر دەردمەنلەر،
دوست ـ يار بولۇپ ئۆتكەنلەر.

ئۆزرەمنى ئېلىپ قالاي،
قەشقەرگە كېتىپ قالاي.

داغى پەرزەنت ئانامنىڭ،
قان - قېرىنداش ئۇكامنىڭ؛
جىسمىگە سىڭىپ ئالاي،
مېھرىگە قېنىپ ئالاي.

قىلغان بولسام مەنمەنلىك،
ئۆتكەن بولسا سەۋەنلىك.
كەچۈرۈڭلار يۇرتداشلار،
خەير - خوش، قېرىنداشلار...

سىيىت نوچىنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، تۇمەن دەرياسى ۋە مەھەللىسى كوزىچى يار بېشىنى كۆ- رۈپ ئېيتقان قوشىقى:

سىيىت نوچى، سىيىت گاڭگۇڭ،
يارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ؛
ئانا ئىشقىدا جىسمى،
شام بولۇپ ئېرىپ - ئېقىپ.
ئىشىكى ئالدىغا كەلسە،
ئىشىكى تاقىلىپ قاپتۇ.
چىراغمۇ ئۆچۈپ قاپتۇ،
ئانىسى غېرىب مەزلۇم،
ئاھ، ئۇرۇپ يېتىپ قاپتۇ،
ئۇخلاپمۇ قېتىپ قاپتۇ.
«جان ئانا» دەپ سۆز باشلاپ،
ئۆگزىگە چالما تاشلاپ.
بەلگىسىنى بەرگەندە،
ئانىسى غېرىب مەزلۇم،
چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ،
چىرىغنى ياندۇرۇپ،
ئىشىك ئالدىغا چىقىپ،
قۇچاقلاپ تويماي بېقىپ،
كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ،
هارماڭ، بالىكام دەپتۇ.

غېرىب ئۆيىگە باشلاپ،
كونا داستىخانىنى يېيىپ،

تۇن كېچىچە مۇڭدىشىپ،
ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا،
ناماز جۈمە چاشكادا
ئەي ئانا غەمگۇزارىم،
جاھاندا يوقتۇ – بارىم،
ماڭا ئىجازەت بەرسەڭ،
ھەزرەتنى كۆرۈپ كەلسەم،
دەپ مېھرىبان ئانىسىدىن،
رۇخسەت – ئىجازەت ئېلىپ،
ئاپپاق خوجامغا چىقىپ،
يورۇق مەھەللىنى كېزىپ،
ئەلنىڭ ھالىنى كۆردى،
يۈرىكىدە ئوت كۆيدى.

نۇرغۇن – نۇرغۇن شەھەر كۆردۈم،
ھەسرەت ئەندىشە كۆردۈم.
ھەممە يۇرتتا خار پۇقرا،
دەرد – ئەلەمگە يار پۇقرا،
قان يىغلايدۇ ھەر يەردە،
بۇردا نانغا زار پۇقرا.

سېيىت نوچىنىڭ قەلبى،
قىزىل چوغ بولۇپ يېنىپ،
شەربەت كۆلگە بېرىپ،
سۇنى چاڭگالغا ئېلىپ،
بىر ئىچەي دەپ تۇرغاندا،
خەت خىيالغا كېلىپ،
گاڭگۇڭلۇقنى، مەردلىكنى،
جاندىن ئەتىۋار بىلىپ.
خەتنى ئاپىرىپ بېرەي،
ئاندىن تاماشا كۆرەي،
دەپ يولغا راۋان بولدى،
پىيادە كارۋان بولدى.

سېيىت نوچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئېلىپ، خەن دارىنىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، دارىنىنىڭ ئېيتقاندىرى:

ھەي نوچى، سېيىت گاڭگۇڭ،
كەپسىز تىنچ – ئامان؟

يۇرتمۇ يۇرتلار ئايلىنىپ،
ئېشىپ تاغ ـ داۋان.

بىزمۇ سىزنى ياد ئېتىپ،
تۇردۇق ھەر زامان.
نېمە ئىشلار كۆردىڭىز،
قىلغايسىز بايان؟

سىيىت نوچىنىڭ جاۋابى:

كەزدىم دەشت ـ باياۋان،
ئېشىپ تاغ ـ داۋان.
نەگە بارسام پۇقرانىڭ،
ھالى بەك يامان.

زالىملارنىڭ زۇلمىدىن،
باغرى لەختە قان.
ئىچكىنى ئوغا ـ زەھەر،
چەككىنى پىغان.

ئۈچتۇرپاندا ما دوتەي،
يېزىپ بەردى خەت.
سىزگە تىلەپ ئامانلىق،
دۆلەت ـ پاراغەت.

بۇ مەندىكى ئامانەت،
قېنى مەرھەمەت.
سىزگە ئۇشبۇ سوۋغىنى،
ئەپكەلدىم پەقەت.

خەن دارېن سىيىت نوچىنىڭ قولىدىن ما دوتەي يېزىپ بەرگەن ئۆلۈمنامىنى ئېلىپ ئوقۇپ، كۆڭلىدە خۇشال بولۇپ ئېيتقان قوشىقى:

ھەي نوچى ـ سىيىت گاڭگۇڭ،
نېمەڭ بۇ ئېلىپ كەلگەن؟
ئۆزۈڭنىڭ ئۆلۈمنامەڭ
مادوتەي يېزىپ بەرگەن.

يەر تەۋەتسەڭ بولمامدۇ؟
يەتتە ئۇرۇۋەتسەڭ بولمامدۇ؟
تاشلاپ ئوتقا ــ ئاتەشكە
كۆيدۈرۈۋەتسەڭ بولمامدۇ؟

مەن ساڭا ئىجىل ــ ئامراق،
ئۆلتۈرەي سېنى قانداق؟
ئۆلتۈرمەي دېسەم، نوچى،
خاننىڭ يارلىقى شۇنداق.

ئۆلۈمنامەڭنى كۆرگەندە،
كۆكسۈمگە پىچاق پاتتى.
قانداق قىلىمىز گاڭگۇڭ؟
ئەجەبمۇ بېشىم قاتتى.

سىيىت بولۇپ ھەيرانە،
جاۋاب بەردى مەردانە:
ــ ھەي دارىن، ــ دېدى گاڭگۇڭ،
تەڭلىكتە تۇرۇپ قالما!
خاننىڭ ئالدىدا ئاسىي ــ
گۇناھكار بولۇپ قالما!

چېرىكلەرگە ئېيت دەرھال،
ملتىقىغا ئوق سالسۇن!
ھايالسىز جېنىم ئالسۇن،
«گاڭگۇڭ» دەپ ئېتىم قالسۇن!

جاللاتلار كېلىپ شۇدەم،
بوينىغا تاقاق سالدى.
پۇتىغا سېلىپ ئىشكەل،
زىندانغا سولاپ قويدى.

ئون تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى،
كۆك پىت، بۈرگە يەپ كەتتى.
مەرد يىگىتنىڭ، گاڭگۇڭنىڭ،
تاقىتى تۈگەپ كەتتى.

دېدى ئۇ: چىدامىم يوق،
يا بۆلەك تەمەيىم يوق.

ئۆلتۈرسەڭ بۈگۈن ئۆلتۈر !
ھېچقانداق گۇناھىم يوق !...

ئامباللار جەم بولۇشتى،
تۆت ئاتلىق ھارۋا قوشتى.
ئېلىپ سېيىت گاڭگۇڭنى،
ھارۋا يولىغا چۇشتى.

توققۇز پاي پو ئاتقۇزۇپ،
ھارۋىنى تېز ماڭغۇزۇپ،
توققۇز دەرۋازىغا يۈزدىن،
تۆت يۈز چېرىك تۇرغۇزۇپ.

قارىقى دەرۋازىغا،
ئېلىپ كەلدى پالۋاننى.
قەشقەرنىڭ يىگىتلىرى،
ئوراپ ئالدى ھەريانني.

«ئەي نوچى ـ سېيىت گاڭگۇڭ
نېمە گەپ، نېمە ئىش بۇ؟
يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشكەن
قانداق ئەلەم ـ تەشۋىش بۇ؟

كىم سالدى كىشەن سىزگە؟
كىم سالدى تاقاق سىزگە؟
بۇ قەشقەردە كۈن ئالماق
بولمامدۇ راۋا بىزگە؟»

تۇتتى بىر قاچا شەربەت،
رازى بولۇڭ، بىزدىن دەپ.
رازى بىز ئۆمۈرۋايەت،
سېيىت نوچى سىزدىن دەپ.

شەربەتنى ئېلىپ گاڭگۇڭ،
ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ،
خەير ـ خوش، قېرىنداشلار!
دېدى سۆزىنى باشلاپ:

«ئەزىزانە يۇرتداشلار،
مەندەك نادان بولماڭلار !

چۇشۇپ ھىيلە ـ قىلتاقتا،
ناھەق قۇربان بولماڭلار !...»

سىيىت ئاخۇن – سىيىت گاڭگۇڭ،
ئەلدىن رازىلىق ئالدى.
ھارۋىمۇ قومۇش بازىرى،
قوينىغا بېرىپ قالدى.

ــ ئات ! ــ دېدى سىيىت گاڭگۇڭ،
ھارۋىدىن چۇشۇپ سەكرەپ.
ئات جاللات ! يۇرەككە ئات !
مىلتىقىڭنى راسا بەتلەپ.

تەپكىنى بېسىپ جاللات،
ئۆزى يىقىلىپ كەتتى.
مىلتىقىدىن ئوق چىقماي،
پىستان چېقىلىپ كەتتى.

ئىككىنچى رەت ئاتقان ئوق،
كېلىپ تەگدى تاغاقتا.
سىيىت ئاخۇن دېدى شۇ دەم،
مىلتىق ئاتقان جاللاتقا:

«مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات !
نائۇستاڭ يېقىن كەلمە.
سول كۆكسۇمنى چەنلەپ ئات،
جا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە !...»

سىيىت ئاخۇن ـ سىيىت گاڭگۇڭ،
تىك تۇرار ئىدى سۆزلەپ.
ماداخۇ دېگەن دارېن،
ئاتتى كۆكسىنى كۆزلەپ.

سىيىت ئاخۇن دېگەن گاڭگۇڭ
جېنىدىن جۇدا بولدى.
جاللاتلارغا خەن دارېن،
يار ـ يۆلەك پاناھ بولدى.

گاڭگۇڭمۇ ئۆلۈپ كەتتى،
تۇپراققا كىرىپ كەتتى.
بۇ ئەلەم ـ مۇسىبەتتىن،
يۈرەك يېرىلىپ كەتتى.

چالدى مۇڭ بىلەن قەشقەر،
دۇتارى ـ راۋابىنى.
ئۆلمىسەك ئىچەرمىز دەپ،
تاڭ ۋەسلى شارابىنى.

نوچىنىڭ ئېتى ـ نامى،①
ئەلنىڭ يادىدا قالدى.
يۈرەك ـ باغرىدا قالدى،
راۋاب تارىدا قالدى.

① «سىيىت نوچى قوشاقلىرى» ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن، پارچە ـ پۇرات ھالەتتە ئېيتىلىپ كەلگەن، تولۇق خاتىرە قالدۇرۇلمىغانىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى يولۋاسخاننىڭ ئېيتىپ بېرىشى، ئەمەت ئۆمەر، سەپەر ھۇسىيىنلەرنىڭ تولۇقلىشى، يازغۇچى تۇردى سامساقنىڭ كۆرسەتمە ـ مەسلىھەتى ئارقىسىدا شائىر، دراماتورگ، يازغۇچى مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ئۇيغۇر قوشاقچىلىقى ۋە مەدداھ ـ ۋائىزلىق شەكلىنى قوللىنىش ئاساسىدا، بۇ قوشاقلارنى تۈنجى قېتىم ئىجادىي رەتلەپ مۇكەممەللەشتۈرگەن. شۇندىن باشلاپلا بارلىق مەتبۇئاتلاردا مۇشۇ نۇسخا ئاساسلىق ئۆلچەملىك نۇسخا بولۇپ ئېلان قىلىنىپ تارقالغان.

# 9 ـ باب
# ياڭ زېڭشىن ھەققىدە قوشاقلار

ياڭ زېڭشىن ــ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن زالىم شەخس، چوڭ مىلىتارىست. ئۇ 1863 ـ يىلى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭزى ناھىيىسىدىكى مۇبېي يېزىسىدا بىر بيۇروكرات فېئودال ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1889 ـ يىلى بېيجىڭدا دۆلەتلىك كېجۈي ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئۇنۋان ئېلىپ ئەمەلدار بولغان، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇڭۋېي ناھىيىسىدە ئامبال، خېجۇ ۋىلايىتىدە ۋالىي، ئۆلكىلىك ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1907 ـ يىلى شىنجاڭغا چىقىپ ئۆلكىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ باشلىقى، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى، باش قانۇن تەپتىشى، باركۆل ـ ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان ۋە مەخسۇس خۇيزۇ قوشۇنى تەشكىللەپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي قارانىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئەكسىيەتچى، مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، يۇمشاق، قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئالداش، پارچىلاش، باستۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان. «ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش» ھىيلىسىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سېلىپ قويۇپ، مىللىي زىددىيەت، دىنىي زىددىيەت پەيدا قىلغان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇلار ئارقىلىق كەڭ ئاۋام خەلقنى يوگەنلەش، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، پۇل پاخاللىقى يۈرگۈزۈش، ئەپيۇن ئارقىلىق باي بولۇش قاتارلىق ئەكسىيەتچىل سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، زالىملىقتا ئۇچىغا چىققان. شۇڭا، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتلىرى ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى تەۋرەتكەن. 1928 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي ئىشلار نازىرى فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى 17 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان.

ياڭ زېڭشىن ھەققىدىكى قوشاقلار ــ بۇ چوڭ مىلىتارىستنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەت ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى ۋە شىنجاڭنىڭ شۇ دەۋردىكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە مۇھىم ماتېرىياللىق رولىنى ئوينايدۇ.

1

ياڭ زېڭشىن دېگەن مەككار،
كۆڭلىدە تەڭگە چۈشەيدۇ.
مەنسەپخۇمار موللىلار،
ئىشىكىدە كۈشەيدۇ.

ياڭ زېڭشىن دەر قازىنى،
«مۇسۇلماننىڭ سەركىسى».
قازى بىلەن موللىلار،
ياڭ زېڭشىننىڭ بەكىسى.

ياڭ زىېچشىنىنىڭ ھويلىسىدا،
«غاق» قىلىدىغان غازى بار.
ئۇنىڭ ئىككى بىقىنىدا،
موللا بىلەن قازى بار.

ياڭ زىېچشىن بىلەن بەگلەر،
ئوينىاپ كۈلگەن مەيدە.
كەمبەغەل، مۇساپىرلار،
توڭلاپ ئۆلگەن كەيدە.

ھەر ئازىدا ياڭ زىېچشىن،
بىرىپ سىپىل قېشىغا.
سۇپىيۇ[1] نى چاچىدۇ،
قىمارۋازنىڭ بېشىغا.

ئىشىك ئالدىدا سىدە،
ئۆينىڭ ئارقىسى بىدە.
ياڭ زىېچشىنىنىڭ ۋاقتىدا،
يۈرەكلەر بولغان زىدە.

غازاڭ بولۇپ تۆكۈلدى،
شاخ ــ شېخىدىن يوپۇرماق.
مەرد ئادەمگە نومۇستۇر،
ئۆتكەن كۈننى ئۇنتۇماق.

**2**

ياڭ زىېچشىن يۇرت سورىغان،
بارمىقى بىلەن.
ئىككى ئاچا، بىر ئىلمەك،
قارمىقى بىلەن.

بارمىقىنى كۆرسەتسە،
ئىشلىرى ھەلكەن.
بۇنداق چارە بولمىسا،
گەپ دېگەن يەلكەن.

① سۇپىيۇ ــ ياڭ زىېچشىن دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن پۇل.

بارماق قولى تاپاركەن،
ئالتۇن بىلەن زەر.
بىگىز قولى ئۇنىڭكى،
خۇددى بىر نەشتەر.

باي پۇلىنى يۇلغانمۇ،
ياڭنىڭ[①] يارمىقى.
بەگلەرنى ئات قىلغانمۇ
ياڭنىڭ بارمىقى.

كۆلۈپ تۇرۇپ كۆرسەتسە،
بارماقنى بىردەم.
ئالتۇن ـ كۈمۈش تولاركەن،
قازناققا شۇدەم.

خاسىيەتلىك بارماققا،
ياغاركەن تەزىم.
دەركەن بايلار: «ئۆزلىرىگە
نېمىلەر لازىم؟»

بىگىز قولمۇ نەشتەر بولۇپ،
تاپىدىكەن پۇل.
تىترەپ كېتىپ قورقۇنچاقلار،
بولىدىكەن قۇل.

ياڭ زېڭشىننىڭ باردۇر يەنە،
ھەرخىل قارمىقى.
شۇ قارماقتا بويالغانكەن،
ئۇنىڭ بارمىقى.

ئىككى ئاچا[②] يۆلىكىدۇر،
قازى، لويىلار.
ئۇلار بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ،
ئىشى ھەل بولار.

دارىن ئالدى قىلچىنى،
قامچىنى دوتەي.

① ياڭ زېڭشىننى دېمەكچى.
② ئىككى ئاچا ــ دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ۋە زالىم بايلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ياڭ زېڭشىنغا يېقىن يار – يۆلەك بولۇپ، خەلقنى ئەزگەن.

زۇلۇم سېلىپ مېھنەتكەشكە،
سالدۇردى پوتەي.

لاي بولغاچقا سۇنىڭ بېشى،
ئايىغى لاي ئاقتى.
ياڭ زېڭشىنغا قازى، بەگنىڭ
ئىشى خوپ ياقتى.

شەرىئەت — دەپ قازى - قۇززات،
كۆتۈردى دەررە.
ھۆكۈمەت دەپ دارىن، لويى،
تارتىدۇ نەرە.

كۆز ئالايتساق ئەمەلدارغا،
سالىدۇ تاقاق.
باشلىرىڭغا قاسىلدىتىپ،
تېگىدۇ تاياق.

**3**

ياڭ زېڭشىن ئۆلگەندە، خەلق ئارىسىدا ئېيتىلغان قوشاقلار:

ئۇستامىنىڭمۇ ئۇستىسى بار،
چامغۇرغا ئورا.
ياڭ زېڭشىنغا جىن شۇرېن،
بېرىپتۇ دورا.

كار كەلمەپتۇ بۇ چارىمۇ،
جا چىقىپ ئوغا.
مەندۇرمەن دەپ فەن داۋيۇ،[①]
چىقىپتۇ دوغا.

جىن شۇرېن ئۇ كەمەك ئەيىار،
جىنىنىڭ نەق ئۆزى.
فەن داۋيۇگە يېقىپتۇدەك،
ئۇنىڭ ھەر سۆزى.

---

① فەن داۋيۇ — فەن ياۋنەن — ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى ھەربىي ئەمەلدار، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ گۇڭئەن ناھىيىسىدىن. ياشلىقىدا ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى شىنجاڭغا كەلگەن. شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدە، يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى، ئۈرۈمچىنىڭ دوتيىى، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

تەڭ سورىماق بولۇپتۇدەك،
ئىككىسى يۇرتنى.
پاك ـ پاكىز يوقاتماقچى،
ياڭ دېگەن جۇتنى.

فەن پەم بىلەن شۆتاڭدا
ياڭنى ئېتىپتۇ.
جىن شۇرېنىڭ ئوقىدا فەن،
موللاق ئېتىپتۇ.

ياڭ زېڭشىنغا قەست قىلغاننى،
يوقاتتى ئۇ دەپ.
ئوردا ئەھلى جىن شۇرېنگە،
بەردى چوڭ مەنسەپ.

شۇندىن بېرى ئۆزى بەگ، ئۆزى خان،
جىن شۇرېن قالدى.
بۇ كەڭ زېمىن ھوقۇقىنى،
قولىغا ئالدى.

4

ئېگىز ئاسمان تۈۋرۈكمىش،
ئۆزۈلۈپ چۈشكەن.
كۆكنىڭ يورۇق يۇلتۇزىمىش،
ۋاقىتسىز ئۆچكەن.

يۇرت چوڭلىرى قارلىق تۇتۇپ،
ئېچىشتى ھازى.
يىغا ـ زار قىلدى ھەتتا،
موللايۇ ـ قازى.

ئاق باغلىدى بەللىرىگە،
بېشىدا سەللە.
ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلۈمى بۇ،
چىقارماڭ غەلۋە.

جىن شۇرېنمۇ ئۇن سېلىپ ئۇ،
تۆكتى كۆزدىن ياش.
ئىشى بولدى فەن داۋيۇنى،
تىنماستىن قارغاش.

بەش كۈن ئۆتمەي باشلاندى،
يامۇلدا سوراق.
ياڭغا ھازا تۇتقانلارغا،
يېپىشتى چاتاق.

موللا، ئىشان، سوپىلىرىم،
يىغىغا تويۇڭ !
تاپىنىنى يالاپ ئەمدى،
جىنغا باش ئۇرۇڭ ![1]

① ئەينى تارىخىي دەۋردە ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىقلارنى پاش قىلغان نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى ئىجاد قىلىنىپ تارقالغان. بۇ بىر تۈركۈم قوشاقلارنى خەلق قوشاقچىسى شازادىخان ئانا 1927 ـ يىلى ئەڭ دەسلەپ ئىجاد قىلغان. كېيىن، ئېزىلگەن ئەمگەكچى خەلق بۇ قوشاقلارنى تېخىمۇ بېيىتىپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرگەن.

## 10 ـ باب

## جىن شۇرېن ھەققىدە قوشاقلار

جىن شۇرېن — شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چوڭ مۇستەبىت. ئۇ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ھازىرقى لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن. جىن شۇرېن دەسلەپتە گەنسۇدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك شۆتاڭدا ئوقۇغان، 1909 ـ يىلى بېيجىڭدىكى دۆلەتلىك كېجۈي ئىمتىھانىدا يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، ياڭ زېڭشىن ئىشلىگەن ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن. بۇ مەزگىلدە ئاقسۇ، قەشقەر، ئۈرۈمچى ناھىيىلىرىگە ئامباللىققا تەيىنلەنگەن. 1926 ـ يىلى مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. ياڭ زېڭشىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆلكىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسى، ھەربىي قىسىملارنىڭ باش قوماندانى بولغان. كېيىن «چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى» دەپ ئاتالغان.

جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قانلىق قىلىچىنى تېخىمۇ ئىتتىك بىلەپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلىغان ساندۇقلارنىڭ ئۆزىنىمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسىتىپ، ھەددىدىن ئاشقان ئاچ كۆز ۋە نەپسانىيەتچىلىك بىلەن خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى زىيادە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان. نەتىجىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە مۇستەبىتلىككە قارشى قوزغىلاڭلىرى پارتلاپ، خەلق ئىنقىلابى ئەۋج ئالغان.

«جىن شۇرېن ھەققىدە قوشاقلار»دا، بۇ كالتە پەم، ئەپيۇنكەشنىڭ شىنجاڭدىكى زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى، پۇقرالارغا سالغان دەرد ـ ئەلەم، كۆلپەتلىرى، نادانلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئاقىللارغا، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرگە قىلغان زىيانكەشلىكلىرى پاش قىلىنغان. بۇ قوشاقلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭنى قاپلىغان سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچىنىڭ سېپىلى جىق،
چۆرىسى خەندەك.
كۆرمىڭ باشلار كېسىلدى،
قان ئاقتى سەلدەك.

سورىدى يۇرت جىن شۇرېن،
ئالۋىنى بىلەن.
كۆڭلى قارا، مۇشتۇمزور،
گالۋىڭى بىلەن.

دوپپا دېسە باش كېسەرلەر،
چىقتى مەنسەپكە.
ئاقىللارنىڭ يۈرەك ـ باغرى،
تولدى ھەسرەتكە.

ئەل ـ پۇقراغا جىن شۇرېن ئۇ،
سالدى جىق كۈلپەت.

كۆڭلى قارا بەتنىيەتكە،
بولدى ئۇ، ئۇلپەت.

نادانلارنى دانالارنىڭ
پېيىگە سالدى.
راستچىللارنىڭ كۆزلىرىنى،
ئويۇپلا ئالدى.

بىر قولىدا جىن شۇرپىنىڭ،
قانلىق قىلىچى.
بىر قولىدا باردۇر ئۇنىڭ،
ھىيلە ـ يېمىشى.

جىن شۇرپىنىڭ ئاتلىرىغا،
بېرىدۇ بېدە.
نادانلارنىڭ بۆكلىرىگە،
سالىدۇ جىگدە.

باي، ئامباللار مەززە قىلىپ،
چاينىشىدۇ ياغ.
پۇقرالارنىڭ دەرد ـ ئەلەمدە،
يۈرەك ـ باغرى داغ.

نى ـ نى يىگىت قۇرۇپ قاقشال،
بولۇشتى ئوتۇن.
نى لەۋەنلەر ناكارلارغا،
بولۇشتى خوتۇن.

كەمبەغەللەر ئاشلىق تېرىپ،
ئالغىنى سامان.
پۇقرالارنىڭ ھال ـ ئوقىتى،
بولدى بەك يامان.

ھەپتە ـ ھەپتە بۇ شەھەردە[1]
قوۋۇق تاقالدى.
ئاشلىق بولدى بىر تۇتىيا،
سۇلار زەمزەم ئاتالدى.

قانلار ئاقتى دەريا كەبى،
يوقمۇ ھېسابى؟
زامان بولدى مۇشتۇمزورنىڭ،
يوقكەن ئىنسابى.

---

① شەھەر ــ ئۈرۈمچى شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

# 11 ـ باب
## شېڭ شىسەي ھەققىدە قوشاقلار

شېڭ شىسەي ــ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن، جاللاتلىقتا داڭ چىقارغان لەنەتلىك شەخس، چوڭ مىلىتارىست، چوڭ ئىككى يۈزلىمچى.
شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون يىل ۋاقىت ئىچىدە، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، نىقابلىنىپ بىر مەزگىل ئىلغارلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن، دۇنيا ئىنقىلابىي كۈچلىرى بىلەن ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشى نەتىجىسىدە، ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، فاشىستلارچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، ماۋزېمىن، چېن تيەنچۇ، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئىنقىلابچىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. يەنە شىنجاڭدا يۈز مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ پۇقرا ۋە ئىلغار، ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەرنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، زىيادىكەشلىك قىلىپ، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھەرقانداق ئەكسىيەتچىلەردىن ئېشىپ كېتىپ، زۇلمەتنىڭ قارا بەلگىسى بولۇپ قالغان.
شېڭ شىسەي ھەققىدىكى قوشاقلار ــ شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جىن شۈرېندىن قۇتۇلۇپ،
شېڭ دۇبەنگە[1] تۇتۇلدۇق.
زالىملارنىڭ قارنىغا،
تىرىك ـ تىرىك يۇتۇلدۇق.

ئاتلارنى باغلاپ قويدۇق،
ساي بويىدىكى[2] دەڭگە.
ئاتام دەردكە چىدىماي،
چىقىپ كەتتى تاشكەنتكە.

ئېتىكىمگە ياش تولدى،
ياش ئەمەس قانىم مېنىڭ.
شېڭ دۇبەننىڭ ۋاقتىدا،
تاس قالغان باشىم مېنىڭ.

ھويلامدىكى چۇجەمنى،
سار كېلىپ يۇلۇپ كەتتى.
شۇ مېھرىبان ئاتامنى،
شېڭ دۇبەن تۇتۇپ كەتتى.

① شېڭ دۇبەن ــ ئەينى يىللاردا شېڭ شىسەي شېڭ دۇبەن دەپ ئاتىلاتتى.
② ساي بويى ــ ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق ساي بويى دېگەن جاي.

شىڭ دۆبەننىڭ چېرىكى،
كېلىپتۇدەك رېسىدىن.①
ئامراق ئىمىش نەق پۇلغا،
تەلىيى يوقمىش نېسىدىن.

ئارغىماق مىنگەن ئورۇسلار،
قامال قىلدى يامۇلنى.
ھوقۇق تۇتتى شىڭ دۆبەن،
تاشلاپ كېلىپ قۇمۇلنى.②

جىن شۇرېن بەدەر قاچتى،
خۇرجۇننى تولدۇرۇپ.
ۋەدە قىلدى چىرايلىق،
دۆبەن تەختكە ئولتۇرۇپ.③

قوناقلىقنىڭ تېمىغا،
قونۇۋالدى قارغىلار.
شىڭ دۆبەندىن نەپ ئالدى،
قارا نىيەت دورغىلار.

قارلىغاچ قارا ئىكەن،
قانىتى ئالا ئىكەن.
شىڭ دۆبەن دېگەن قانخور،
بۇ يۇرتقا بالا ئىكەن.

پۇقرالار كېپەن كىيدى،
ھالىمىز خەتەر بولدى.
جانلار يەتتى ھەلقۇمغا،
يېگەن ئاش زەھەر بولدى.

تويدۇق ئەزىز جانلاردىن،
مىلتىقىڭنى بەتلەپ قوي.
جىڭساجۇي④ گە بارمايمىز،
قارا موزاڭغا⑤ خەتلەپ قوي.

---

① رېسى — رۇسىيىدىن قېچىپ كەلگەن ئاق ئورۇسلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② قۇمۇل — ئىلگىرى شىڭ شىسەي قۇمۇل گارنىزونىنىڭ باشلىقى بولغان.
③ دۆبەن تەختى — شىنجاڭنى مۇستەقىل باشقۇرىدىغان ھەربىي ئەمەلدار.
④ جىڭساجۇي — ساقچى ئىدارىسى.
⑤ قارا موزا — شىڭ شىسەي ساقچىلىرىنىڭ شەپكىسى قارا ئىدى.

كۆچەت تىكسەم بىر كۈنى،
بولار ئۆينىڭ تۆۋرۈكى.
ئەركىنلىككە تەلپۈنەر،
خەلقىمىزنىڭ يۈرىكى.

قىيان كېلىپ دەريانىڭ،
كۆۋرۈكىنى يىقىتتى.
ياش ئورنىغا شېڭ شىسەي،
كۆزدىن قانلار ئېقىتتى.

ساي مەلىدىن ئۆتكەندە،
قويۇق ئۆسكەن بىدە بار.
شېڭ دۇبەننىڭ كۆڭلىدە،
تۈرلۈك ـ تۈمەن ھىيلە بار.

شېڭ دۇبەننىڭ چەينىكىدە،
چىلاپ قويغان چىلان بار.
ئۆزى كۈلۈپ تۇرغان بىلەن،
ئىچىدە مىڭ پىلان بار.

بۇغداي تېرىپ ئېتىزغا،
مەڭگەن باستۇق ئۆگزىگە.
شېڭ دۇبەننىڭ ۋاقتىدا،
ئايلاندۇق بىز ئۆكۈزگە.

جاڭگاللىقتا توك قاغا،
قەنت ـ دەپ يەيدۇ تېزەكنى.
ئىنساپى يوق شېڭ دۇبەن،
ئېشەك ئەتتى بوزەكنى.

باي ـ بېگىم دالان ئۆيدە،
خېنىملىرى مەيدە.
يالاڭ ئاياغ دېھقاننىڭ،
بالا ـ ۋاقىسى كەپىدە.

تاغ ـ دالىدا ھايۋاننىڭ،
بار ماكانى، ئۆڭكۈرى.
شېڭ دۇبەننىڭ ۋاقتىدا،
قىسقاردى ئەل ئۆمۈرى.

## 12 ـ باب
## ما جۇڭيىڭ ھەققىدە قوشاقلار

ما جۇڭيىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 30 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا غەربىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكىدە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قەلبىدە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان تارىخىي شەخس.

ما جۇڭيىڭ 1911 ـ يىلى گەنسۇنىڭ جەنۇبىدىكى خېجۇ دېگەن يەردە كىچىك بىر ئوفىتسېر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 17 ياش ۋاقتىدا ئەكسىيەتچى ما بۇفاڭ قوشۇنىدا پولكوۋنىك بولغان. دادىسى ماباۋمۇ باتالىيون كوماندىرى بولغان. ئۇ ھەربىي ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقتىن، كىچىكىدىن باشلاپلا غەربىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكە بويىچە نام چىقىرىش قارا نىيىتى كۈچىيىپ، 1928 ـ يىلى يەتتە نەپەر ئادىمى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەسكەر كۈچىنى كۆپەيتىپ ۋە زورىيىپ، نىڭشىيا، گەنسۇ، چىڭخەي ۋە شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىنى ئىشغال قىلغان، خەلقنى بۇلاپ ـ تالىغان، 1931 ـ، 1933 ـ يىللىرى شىنجاڭغا ئىككى نۆۋەت ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، جىن شۇرېن ۋە شىڭ شىسەيلەر بىلەن زېمىن، ھوقۇق تالاشقان. 1934 ـ يىلى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندىن كېيىن، بۇ يەردىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرگە قارىتا باستۇرۇش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن، مىللەتلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ھاقارەت قىلىدىغان نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلغان، ھەتتا شىزاڭغا چېكىنىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، زاڭزۇ خەلقىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋە قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئەڭ لەنەتلىك شەخسكە ئايلانغان.

«ما جۇڭيىڭ ھەققىدە قوشاق» ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن زالىم سىياسەت ۋە قىلمىشىنى پاش قىلغان. بۇ قوشاقلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ماجۇڭيىڭ دېگەن كاجى،
يەكەن شەھىرىگە داجى.①
يەكەن شەھىرىگە داجىمىساڭ،
يانجىيدۇ بىزنىڭ ھاجى.②

شۇ ھاجىمنى دېگەنلەر،
چىبەرقۇتنى كىيگەنلەر.
ما جۇڭيىڭنى دېگەنلەر،
بۆز چاپاننى كىيگەنلەر.

ھەي خالايىق قاراڭلار،
ئەجەب بىر زامان بولدى.
ماجۇڭيىڭنىڭ دەستىدىن،
بەختىمىز قايان بولدى؟

ماجۇڭيىڭمۇ ـ ماجۇڭيىڭ،
ئىچى قوتۇر ماجۇڭيىڭ.
ئەلنىڭ قىساس كۈچىدىن،
موللاق ئاتۇر ماجۇڭيىڭ.

---

① داجى ـــ چېكىنىش، داجىش، ئارقىغا قايتىش مەنىسىدە.
② ئەينى ۋاقىتتىكى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## 13 ـ باب
## ما خۇسەن ھەققىدە قوشاقلار

ما خۇسەن ــــ ماجۇڭيىڭنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى داۋانچىلىق ئۇرۇشىدا تەيىنلىگەن ئالدىنقى سەپ قوماندانى ھەم ئۇنىڭ قېيناكىسى. ئۇ 1934 ـ يىلىدىن باشلاپ چوڭ مىلىتارىست ماجۇڭ ـ يىڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋارىسلىق قىلىپ، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ ، بىگۇناھ خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە زىيان سالغان. ئۇ خوتەندە ھەر ـ بىي ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، خوتەن خەلقىنى بۇلاپ ـ تالاپ، بايلىق توپلىغان. ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە ئۆزىنى سەمرىتىپ، ئەيش ـ ئىشرەت تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ ئەتراپىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار بىلەن بولۇپمۇ شېڭ شىسەي بىلەن قاتتىق قارشىلىشىپ قالغانلىقى تۈپەيلى، 1937 ـ يىلى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، 40 قېچىر ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قىممەتلىك مال ـ مۈ ـ لۈكلەرنى ئېلىپ ھىندىستان تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. يەنە بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ئارقىلىق چېگرىغا يۈرۈش ۋاقتىدا، ما خۇسەن ما بۇفاڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان. ئاخىرى ئۆزى مەغلۇپ بولغاندا، ئوغلى بىلەن بىر راۋاق ئۈستىگە چىقىۋې ـ لىپ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. يېنىدىكى ئوقلىرى تۈگەپ، ئىككى پاي ئوق قالغاندا، ئاۋۋال ئوغ ـ لىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئاخىرقى بىر پاي ئوقتا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغان.

«ما خۇسەن ھەققىدە قوشاقلار»دا ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ما خۇسەننىڭ زۇلۇمى ئاستىدا بېشى ـ دىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قوشاقلار زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ما خۇسەندۇر بۇلاڭچى،
قولدا ياراغ، تاپانچا.
خام چەكمەننى كۆپ ئېلىپ،
ئاتقا قىلدى ئارغامچا.

ئۆزىگە شىجاڭ① ئات قويۇپ،
بۇلاپ ـ تالاپ ئوت قويۇپ.
ھۆكۈم قىلدى «بەرسۇن» دەپ،
خۇڭبى② ئاتلىق خەت ئويۇپ.

ئالۋان سالدى خام چەكمەن،
يىغلاپ قالدى كۆپ دەردمەن.
بۇلاپ يىغدى پۇقرادىن،
ھەتتا پالتا ھەم كەتمەن.

① شىجاڭ ــــ دىۋىزىيە باشلىقى، 1930 ـ يىلى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ قوشۇنىغا 36 ـ دىۋىزىيە (شى) دەپ نام بەرگەن.ئۇ شىجاڭ ـ لىققا تەيىنلەنگەن.

② خۇڭبى ــــ قىزىل باشلىق خەت، ھۆججەت مەنىسىدە.

تىرىكلەرنىڭ سۆڭىكىنى
تەشتى تۆمۈر بىگىزدە.
ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈردى،
ئويمان ـ چوڭقۇر، ئېگىزدە.

كىمدە ئالتۇن بولسىلا،
كۆزى چۈشتى مۈشۈكتەك.
تولماي كەتتى تاغىرى،
تۈۋى تۆشۈك كۆشۈكتەك.

زامانەمدىن بۇ كەمگە،
قويۇلمىغان جىق ئالۋان.
ما خۇسەنگە ئات چاپتى،
چېرىك ئاتلىق شۇم گالۋاڭ.

ئالدى بېدە، ئوت، پىچان،
تۆشۈك جۇۋا، توكۇر داڭقان.
كىگىز ـ كېچەك، تەكى ـ يوتقان،
ئارا، تاماق، تورۇز ـ خاپان.

كونا تەلپەك، كونا چاپان،
بەرمەي دېسە زۇلۇم يامان.
قانداق قىلاي، جان قاقشىدى؟
چاقتى ئەلنى بۇلاپ چايان.

ئانا ئۆلسە، گۆدەك باللار،
بۆشۈكىدە يىغلاپ قالغان.
لويى، شويى «پات بەرگىن» دەپ،
ئوقنى ئاتقان، تاياق سالغان.

قاچاي دېسە ياياق قالغان،
ئاسمان ئېگىز، يەرمۇ قاتتىق.
كۇندە ئۆلۈم، كۇندە هازا،
ئىلچىدىن① قاچتى شادلىق.

سامان توشار خالايىق،
تامبال بىلەن تاغاردا.

① ئىلچى ــ خوتەننى كۆرسىتىدۇ.

توشۇمغان بىرەرى،
يىللاپ ياتتى سولاقتا.

ئاتقا بىدە دەپ ئالدى،
قومۇش بىلەن ياتاقتىن.
ئوخشاش ئالدى كۆرسىلە،
قۇملۇق بىلەن شورلۇقتىن.

ھەيدەپ ماڭدى سەيسىگە،①
توكۇر بىلەن دۈمچەكنى.
كۆتۈرەلمىسە تاغارنى،
ئۇرۇپ چاقتى كۆمچەكنى.

ئالدى، ئالدى توختىماي،
پۇلنى ئېلىپ تۈگەتتى.
پۇلى يوقنى پۇل ئۈچۈن،
«قازان سات !» دەپ يۈگرەتتى.

قازان قالدى قۇرۇقداپ،
مالنى ئېلىپ جۈنەتتى.
لەشكەرلىككە باللىنى،
تۇتۇۋېلىپ تۈگەتتى.

مىسكەرلەردىن مىس يىغىپ،
مىشەك بىلەن ئوق ئەتتى.
بەرگەنسىرى «بەرگىن !» دەپ،
دېھقانلارنى ئاچ ئەتتى.

ئوتۇن ئۈچۈن ئۆي ئېچىپ،
سانسىز ئۆينى يوق ئەتتى.
ئۆي ـ ماكانسىز خالايىق،
خۇدايىمغا زار ئەتتى.

تۆت ئەتراپنى ئىز بېقىپ،
تاپالمىسا ئىشىك قېقىپ.
تېپىۋالسا تىرىكنى،
ئۆلۈك قىلدى ئوق ئېتىپ.

① سەيسى ــ ئالۋان ـ ياساق، ھاشار مەنىسىدە.

ناھەق گەپكە كۆندۈرۈپ،
يەر ـ زېمىننى ساتقۇزۇپ.
ئالدى تاغار تولدۇرۇپ،
ئۆتنە ـ يېرىم تاپقۇزۇپ.

كەمبەغەللەر چىديالماي،
بازاردا ئىسيان بولدى.
ئاچ ـ زارلىقتىن يىقىلىپ،
يوللاردا ياتار بولدى.

چىدىمىغان زۇلۇمغا،
بۇ يۇرتتىن قاچار بولدى.
قۇلۇپ سالغان ئىشىكنى،
ئەمەلدار چاقار بولدى.

سۇپرا بىلەن تاختا ـ نوغۇچ،
ساتقان بىر زامان بولدى.
بىر پۇڭ كەلسە، ئون پۇڭ دەپ،
نامراتتىن ئالار بولدى.

پارا بەرگەن، ئامان قالدى،
يوقنى چاپتى، دارغا ئاستى.
ما خۇسەن ئالتۇن يىغىپ،
نەگىدۇر ئېلىپ قاچتى.

كەمبەغەللەر چىن سىرداش،
بىر ـ بىرىگە يار ـ قاياش.
تامامىسىنىڭ كۆزى ياش،
ما خۇسەننىڭ باغرى تاش.

پۇلغا ئالدۇرۇپ پاقلاننى،
بەرسە، زادى ئالمىدى.
بىرنى بەرسە يۈزنى دەپ،
خۇي ـ پەيلىدىن يانمىدى.

بىزگە ناننى ياقتۇرۇپ،
بىرنى قويماي ئەپكەتتى.
كۆمىچىنى بەرمەستىن،
تاغىرىغا سېپ كەتتى.

تارىخى بىرمىڭ ئۈچ يۈز،
ئەللىك ئالتە، قوي يىلى.①
يېڭى چىققان تىزىسى،②
بەك ئەتىۋار شۇ يىلى.

كۈمۈش بىلەن تىيىن داچەن،
قىسلاپ كەتتى شۇ يىلى.
يىغىپ بوپتۇ ئۇقساق بىز،
ما خۇسەننىڭ ئامبىلى.

شۇنداق ئالامەت ئۆتتى،
پۇقرانىڭ تاقىتى پۈتتى.
ما خۇسەننىڭ رەھمى يوق،
ئاللادىن رەھىم كۈتتى.

ھەي قېرىنداش، قېرىنداش،
خوتەن بىلەن قاراقاش.
ما خۇسەن زامانىدا،
راستىقا يالغان ئارىلاش.

باققاللىرى ئۆرۈكچى،
قاسساپلىرى ئېرىكچى.
پايدا ـ زىيان ئوڭچە ئەمەس،
ما خۇسەنگە شېرىكچى.

بۆزچى ئارقاقنى زىيادە ئالدى،
ئۆلاغنى سېتىپ پىيادە قالدى.
سەيپۇڭلار چاپان تىكىپ،
ياقىسىنى قىسقا سالدى.

ئەجەب بىر زامان بولدى،
مىڭ بەش سەرگە ئاش ساتماس.
دېھقان تېرىپ ـ يىغسىمۇ،
بىر قېتىم قورساق تويماس.

① تارىخي ھىجرىيە 1356 ـ يىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يىلى قوي يىلىغا توغرا كەلگەن.
② تىزا — يېڭى چىققان پۇل.

ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇزدا،
قورسىقى تويماي.
بىر گۆشگىردە نان كۆرسە،
ئالدى زەپ قويماي.

يېڭى ئۆتۈكنىڭ يەتتە مىڭ سەرگە،
نەرخى بولماي.
كونا ئۆتۈكنى ئىككى يۈز سەرگە،
ئالدىلەر قويماي.

ناۋاي تۇتۇلۇپ قالدى،
كېپەك بىلەن دىۋىرگە.
قاسساپ تۇتۇلۇپ قالدى،
ئۈچەي بىلەن چىلپىرگە.

بوياقچى تۇتۇلۇپ قالدى،
داۋا بىلەن شاخاغا.
يىپەكچى تۇتۇلۇپ قالدى،
دۇردۇن بىلەن تاۋارغا.

چىرىيە بىلەن يورۇڭقاش،
كېرىيە، نىيە ھەم قاراقاش.
خوتەن بىلەن لوپ ئارىلاش،
تارتتى زۇلۇم بىر تۇتاش.

ئاقسۇ يولى يول بولدى،
باسقان ئىزى شور بولدى.
كەمبەغەلنىڭ باللىرى،
ما خۇسەنگە قۇل بولدى.

كۆرگەن كۈننى ئۇنتۇما،
يار - بۇرادەر، قېرىنداش.
بىزگە قىلدى بەك زۇلۇم،
ما خۇسەن دېگەن باغرى تاش.

# 14 ـ باب
# ما تىتەي ھەققىدە قوشاقلار

ما تىتەي يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن تارىخىي شەخس،ئەسلىي ئىسمى مافۇشىڭ. ئۇ 1911 ـ يىلىدىن 1923 ـ يىلىغىچە قەشقەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەينى يىللاردا، شىنجاڭ رايونىنىڭ ھاكىمىيەت تەختىدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمەت قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق ئالتە شەھەر تەرەپتە ما تىتەينى ھەربىي ئەمەلدار قىلىپ بەلگىلەپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان ـ سېلىقنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرغان. ئەينى ۋاقىتتىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، «تىتەي» نامى بىلەن يۇرت سورىغان بۇ زالىم ئەمەلدار قىزىلبويىدىن چىققان نېفىتنىڭ دۇغىنى موم ئېتىپ ساتتۇرۇپ، ئۇنى سېتىۋېلىشنى ھەربىر ئۆي، ھەربىر ئائىلىگە ئالۋان تەرىقىسىدە مەجبۇرىي تېڭىپ، پۇقرالارنى جاق تويغۇزغاچقا، خەلق ئارىسىدا «مومچى تاز» دېگەن لەنەتلىك لەقەم قالغان. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ناھايىتى ھاكاۋۇرلىشىپ، ئۆزىدىن يۇقىرى مەمۇرلارنىڭ يارلىقىغا بويسۇنماي، ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋالغان. بۇنىڭغا چىدىيالمىغان ھاكىمىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن، يەنە بىر زالىم ئەمەلدار، مىللەتارىست ماشاۋۇ (马沙武)نى سېلىش ئارقىلىق ئۇنى دارغا ھۆكۈم قىلغان.

بۇ قوشاق ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ھۆججەتلىك رول ئوينايدۇ.①

1

ماتىتەي دېگەن تۈڭگان،
«ياساۋۇلبەگ» ئىكەن ئۇنۋان.
ئاغزىدا دېسە سۇبھان،
روياپتا قىلىچ، زىندان.

ماتىتەي راسا ساختا،
ئىشرەتتە ئۇ، ھەر ۋاقتا.
غۇلامنى قىلىپ ئاختا،
بىر ئۆزى كۈلەر خەندان.

موللائىق قىلار دەۋۋا،
كۆزلەر جەننەتىل مەۋا.

① «ماتىتەي ھەققىدە قوشاقلار» 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. ماتىتەينى سۆكۈپ قامچىلاپ پاش قىلغان بۇ قوشاقلارنى ئەينى يىللاردا قەشقەرلىك ئەدىب ناتاۋانى يازغان، ھەم بىر قىسمىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇغان. بۇ قوشاق خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، زور داغدۇغا قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، ماتىتەي چىداپ تۇرالماي ناتاۋانىنى تۈرمىگە تاشلىغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ قوشاققا يەنە نۇرغۇن مەزمۇنلار قوشۇلۇپ بېيىپ، خەلقنىڭ ئومۇمىي بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئوينىشى سەتەڭ ـ رەنا،
تەللىسى ئۇرۇر ئەپشان.

ماتىتەي بەك خۇنبازكەن،
ئون قىز كۇنگە ئاز ئىكەن.
كۆزى جىتتاق، بېشى تازكەن.
رەئىيەنى قىلىپ ۋەيران.

نەقۇشقاچ[1] سېلىق سالدى،
مېڭىدىن قېتىق ئالدى.
شەھۋانىي دېپىن چالدى،
يېيىشى قۇش گۆشى دەندان.

يەرلىك بەگ، مۇناپىقلار،
خۇشامەتگۇي قارانچۇقلار.
سۇڭلاپ قىزنى تارتۇقلاپ،
تىتەيدىن كۇتۇپ دەرمان.

ماتىتەي باغرى تاشكەن،
نىيەت: ئالتۇن، يامبۇ، ئاشكەن.
ياڭ دارېن[2] ئاڭا باشكەن،
يۇرەكلەردە زەرداب قان.

چېكىشى بەڭ ـ نەشە، ئەپيۇن،
تۇپەيلى تۆكۇلەر كۆپ خۇن.
موللىلار ئوقۇپ ئەپسۇن،
قىلىپ تەزىم كۇتەر پەرمان.

يۇرت بېشى بۇزۇق بولسا،
ئەل قېنى ئوزۇق بولسا،
بۇ تەنلەر سوزۇق بولسا،
تەختى بولغۇسى گۇمران.

ماتىتەي تۇلۇمچاشقان،
ئالۋاننى تولا چاچقان.
ئاق تەڭگىنى جا چىقىرىپ،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

---

① نەقۇشقاچ ــ ئەركەك قۇشقاچ مەنىسىدە. ماتىتەي ئەركەك قۇشقاچنىڭ مېڭىسىدىن مەجۇن (روھلاندۇرۇش دورىسى) ياساپ شەھۋەتپەرەسلىك قىلغان. شۇ ۋەجىدىن ئەسكەرلىرىگىلا ئەمەس، پۇقرالارغىمۇ ئەركەك قۇشقاچ سېلىقى سالغان.
② ياڭ دارېن ــ ئەكسىيەتچى ئەمەلدار ياڭ زېڭشىننى دېمەكچى.

ساۋ خۇ يولى① قومۇشلۇق،
پۇقرالارغا تونۇشلۇق.
ئۆتكەن ئىشلار نومۇسلۇق،
ئۆزگىرەر بۇ كۆك ـ جاھان.

تاڭ ئاتماس كېچە بولماس،
خاقان رايىچە بولماس.
زالىم قولىدا تويماس،
ئاللا بەرگۈسى ئىمكان.

2

ھەيۋە بىلەن تاج كىيدى،
يۇرت ئۈستىگە بۇ تۇڭگان.
دۆلەت قۇشى بىر چاغلار،
بېشىغا كېلىپ قونغان.

ئاتى ئىكەن مافۇشىڭ،
ھۆكۈمى قاتتىق، تاشتىن چىڭ.
پۇقرا تۈگۈل بەگ ـ سىفاھ،
ئالدىدا قىلالماس غىڭ.

مەسچىت سالدى كۆلىچە،②
يېڭىشەھەرنىڭ كىندىكىگە.③
سېلىق چېچىپ ھېسابسىز،
پۇلنى سالدى چۆنتىكىگە.

چىقار بولسا رەستىگە،
«چاچقۇ» قىلدى بارماقنى.
سېخىيلىقتىن سۆز ئېچىپ.
ئىشەندۈردى ئەخمەقنى.

بېشىدا ئاق سەللە، تون،
مۇسۇلماننى ئالدىدى.
ئۆشرە ـ زاكات، باج پۇل دەپ،
دېھقانلارنى يالىدى.

① ساۋخۇيولى ـــ ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە بىر جاينىڭ ئىسمى.
② كۆلى ـــ سەددىچىنىنىڭ ئىچى ـ سىرتى مەنىسىدە. ئىچكىرىنى دېمەكچى.
③ كىندىكىگە ـــ ئەينى يىللاردا ماتىتەي يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى يامۇلنىڭ قېشىغا ناھايىتى چوڭ ھەم ھەشەمەتلىك بىر تۇڭگان مەسچىتى ياساتقان. ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدا ناھىيىلىك كىنو ـ تىياتىرخانا بار.

سېپىل سوقتى، لۈ① سالدى.
ساۋخۇ دېگەن جاڭگالغا.
ئىشرەتخانا، مابەنزە، ②
دوتەيلەرگە، ئامبالغا.

ماتىتەي بىر بۇزۇقتۇر،
شارابخورلۇق ئادىتى.
توققۇز خوتۇن، قىرىق دېدەك،
قولغا كەلگەن ئامىتى.

چىقسا بىر كۈن داتاڭغا،③
ھەپتە ئوينار ساۋخۇدا.
سەيلى، شىكار، ئوۋ ئوۋلاش،
مەيلى سەتەڭ، پوخۇردا.④

ساۋخۇ يولى يامان يول،
شورى بار، توپاسى يوق.
ما تىتەينىڭ خەلققە،
زۇلمى بار، ۋاپاسى يوق.

ماتىتەينىڭ پوچتىسىنىڭ
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
ما تىتەينىڭ ۋاقتىدا،
كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

ما تىتەي ئاتمىش ياشتا،
كۆۋرۈك سالدى توققۇز تاشقا.⑤
ما تىتەينىڭ ئالۋىنى،
بالا بولدى جىمى باشقا.

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
باغلىغىلى تانام يوق.

① لۈ — شىپاڭ، ئارامگاھ مەنىسىدە.
② مابەنزە — پاھىشىخانا.
③ داتاڭ — سوراقخانا.
④ پوخۇردا — ئەخلاقسىزلىق قىلىش، ئايالالارغا پوخۇرلۇق قىلىش، بۇزۇقچىلىق قىلىش.
⑤ توققۇز تاش — ھازىرقى قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق بىر جاينىڭ ئىسمى. ئەينى ۋاقىتتا ما تىتەي بۇ يەرگە بىر كۆۋرۈك سالغانىدى.

ما تىتەينىڭ دەستىدىن،
كەمبەغەلگە ئارام يوق.

ماتىتەي چېرىك ئالسا،
پۇلغا زورلىغان بايلار.
ئىلىغا قىچىپ بېرىپ،
كۆمۈر كولىغان باللار.

ئوق سېلىپمۇ ئاتقان تاز،
ئوق سالمايمۇ ئاتقان تاز.
قارا لاينى موم قىلىپ،
پۇقرالارغا ساتقان تاز.

ماتىتەينىڭ پۇل ـ مېلى،
خەزىنىدە تولۇپ تاشقان.
ئۆزىنى يوغان چاغلاپ،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

چىقسا سەگىپ شىپاڭغا،
يەلپۈپ تۇرار دېدىكى.
ئاز كەلگەندەك شۇنچىسى،
خوتۇن تاپار بېدىكى.

ساراڭ بولۇپ مەستلىكتىن،
نامى چىقتى پەسلىكتىن.
جان تالاشسا كارى يوق،
پۇقرا كۈنى تەسلىكتىن.

ئۆتۈپ كەتتى جان ـ جاندىن،
ماتىتەينىڭ زۇلۇمى.
بۇلاڭ ـ تالاڭ شۇنچە كۆپ،
توشماي كەتتى تۇلۇمى.

ساۋخۇ يولى قومۇشلۇق،
ئورغاق بىلەن ئورغان يوق.
ئون يىلدەك شەھەر سوراپ،
ماتىتەيدەك بولغان يوق.

خان ــــ پۇقرا بىلەن خاندۇر،
بولمىسا مازارغا شەيخ.
ئۆلگەندىن سوراپ ئىمان،
بولماس ھېچنېمىسى تەق.

خاننى باققان پۇقرانىڭ،
بولسا يېتىشى خۇمدان.
مەزلۇملارنىڭ ئاھىدىن،
زالىملار بولۇر گۇمران.

## 3

سېپىل سوقتى ماتىتەي،
پاقىلىق ① نىڭ جاڭگىلىغا.
قورال تەڭلەپ جىق يەرنى،
ئېلىۋالدى چاڭگىلىغا.

سازلىققا، قومۇشلۇققا،
ئات قويدى ئۇ، «ساۋخۇ»دەپ.
يۇز مىڭلىغان جاپا سالدى،
مىڭدىن بىرىنى «خو»②دەپ.

سوڭكىدىن پۇقرانىڭ،
شىپاڭ سالدى، لۇ سالدى.
تەرئاققۇزسا پۇقرالار،
بەگ ـ بوجاڭلار «خو»ئالدى.

تىتەي چىقسا «ساۋخۇ»غا،
يان ـ يېنىدا تە ـ تەچى.③
قىزلارنى سولاپ بەرگەن،
بيۇلەندى④ لەببەيچى.⑤

ساۋخۇدا قىلار ئىشرەت،
ماتىتەي دېگەن ئامبال.
ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى،
كىيمەي كۆتىگە تامبال.

① پاقىلىق ــــ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر جاي ئىسمى.
② خو ــــ «ياخشى» مەنىسىدە.
③ تە ـ تەچى ــــ يېتىلەپ ماڭغۇچى، يولباشلاپ ھەمراھ بولغۇچى مەنىسىدە.
④ بيۇلەندى ــــ يۈزى قېلىن، نومۇسسىز مەنىسىدە.
⑤ لەببەيچى ــــ خۇشامەتچى، سولامچى مەنىسىدە.

سىخىيلىقتىن قىلار دەۋا،
يوللاردا چىچىپ داچەن.①
يامۇلدىن چىقار بولسا،
ئالدى ـ ئالدى ياچەن.②

ئاغزىدا ئەدەپ، ئىنساپ،
قىلمىشى قاۋان توڭگۇز.
ئەلنىڭ قېنىنى ئىچكەن،
قارنى تويماس يالماۋۇز.

ئۇ پاسىق كاساپەتتىن،
بۇلغاندى ئانا تۇپراق.
قوينىغا ئالار بىر كۈن،
زالىمنى ۋەيلۇن دوزاخ.

يۇرتىمىزدا تەڭلىك يوق،
بىرسى كۈلسە مىڭ يىغلار.
قورساق ئاچ، ئۇچا يېلىڭ،
نالىسى يۈرەك تىغلار.

ماتىتەي زالىم، قانخور،
كىمگە ئېيتىلى دەردنى؟
ئىگەمسەن كۆتۈرگەيسەن،
يۇرتتىن ئازاب ـ كۈلپەتنى.

① داچەن ـــ شۇ چاغدىكى مىس، قۇيما پۇل. ماتىتەي سىرتقا چىققاندا، ئۆزىنى ساخاۋەتچى كۆرسىتىش ئۈچۈن ماڭغان يولىغا داچەن چاچىدىكەن.

② ياچەن ـــ سىرتقا چىقىشتىن ئىلگىرى يىغىۋالىدىغان سېلىق (يول پۇلى).

## 15 ـ باب
## ياڭ تۇڭ ھەققدە قوشاق

«ياڭ تۇڭ ھەققدە قوشاق» ـــ غۇلجا ناھيە سۇلتان ئۇۋەيس يېزىسى ئەتراپلىرىدا خېلى كەڭ تارقالغان.

ياڭ تۇڭ ـــ ئەسلدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىلىدىكى كۇرە جاڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى. ئۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پۇقرالارغا زۇلۇم سېلىپ، خەلقنى شىلىپ يەپ، ئۆزىنى سەمرىتكەن. ئۇ كۇرەدىكى جاڭجۇن مەھكىمىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش ھارپىسىدا، ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئوت ـ گۈلخانلىرى ئىچىدە كۈل بولۇپ كۆيۈپ تۈگەشتىن قورقۇپ، جېنىنى ئېلىپ، ئۆزىگە ئەگىشىدىغان بىر تۇركۇم ئەسكەرلەر ۋە باشقا خىيانەتچى، پارىخور، ئەپيۇنكەش ئەمەلدارلارنى باشلاپ يۇلتۇز ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەتكەن. بۇ قوشاق ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىكى چىڭ خاندانلىقىنىڭ چىرىك ئەمەلدارلىرىنىڭ قورقۇنچاق، رەزىل سىنىپىي ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بەرگەن.

ياڭ تۇڭ قاچتى قەشقەرگە،
ئىككى تاغنىڭ ئارقىسى.
ياڭ تۇڭ چېرىكى دەيدۇ،
كىمگىز، خامدىن ياقاسى.

دىڭ دارېن① تۇلۇمچاشقان،
يارنى ياقىلاپ قاچقان.
ئەلنى ئالدىغا ھەيدەپ،
ئۆزى دالدىدا ماڭغان.

ياڭ تۇڭ چېرىكى قورقاق،
ئۆزى دەيدىكەن «باتۇر».
پۇقراغا زۇلۇم سېلىپ،
ئۆز بېشىنى يەپ ياتۇر.

لىن تەتەي② قېچىپ كەتتى،
مەيگە پەرەڭ تارتىپ.
مادارېن③ كەينىدىن كەتتى،
قامچىسىنى سويلاتىپ.

ياڭ تۇڭ ئىكەن بۆلارنى،
باشلاپ قاچقان تۆرىسى.
دارېن، مادا، لىن تەتەي،
بىر جاڭگالنىڭ بۆرىسى.

---

① دىڭ دارېن ـــ ھەربىي ئەمەلدار، ياڭ تۇڭنىڭ شېرىكى.
② لىن تەتەي ـــ جاڭجۇن مەھكىمىسىدىكى زالىم ئايال.
③ ما دارېن ـــ ياڭ تۇڭنىڭ شېرىكى، ھەربىي ئەمەلدار.

## 16 - باب
## تۆمۈر خەلپە ھەققىدە قوشاقلار

تۆمۈر خەلپە — يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن داڭلىق شەخسلەرنىڭ بىرى. 1891 - يىلى قۇمۇلنىڭ تاربوغۇز يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە قۇمۇلدا قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى ۋە يولباشچىسى. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى خەلق تارىختىن بۇيان داستان قىلىپ مەدھىيىلەپ كەلگەن.

تۆمۈر خەلپە ئەسلى ئاددىي بىر ياغاچچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ شاھ مەخسۇتنىڭ قەسىر - ئايۋان قۇرۇلۇشلىرىدا ئون يىلدىن ئارتۇق ئىشلەپ، خان، ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانىدى. بۇنداق ئېغىر ئازاب ۋە تەڭدىشى يوق خورلۇق ئۇنىڭدا فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمىگە نىسبەتەن چەكسىز غەزەپ - نەپرەت ئويغىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ دەسلەپ 1907 - يىلى باشلانغان قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ «تورپاق يېغىلىقى»غا قاتنىشىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ۋە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلىشقا يول ئىزدەۋاتقان قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى 1912 - يىلى ئەتىيازدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا مىلتارىست يۈەن داخۇئانىڭ ئەسكەر ئېلىشىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغايدۇ. قوزغىلاڭچىلار يۈەن داخۇا ۋە شاھ مەخسۇتلارنىڭ ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىملار ئېلىشىپ ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ. نەتىجىدە تۆمۈر خەلپىنىڭ ئەل ئارىسىدىكى شۆھرىتى ئاشىدۇ. يۈەن داخۇا ئاغدۇرۇلۇپ، ئورنىغا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ. ھىيلىگەر ياڭ زېڭشىن قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، دەللال لى شۇفۇنى ئىشقا سېلىپ، تۆمۈر خەلپىنى «قاپقان»غا چۈشۈرىدۇ. لى شۇفۇ قۇرئان تۇتۇپ، تۆمۈر خەلپىگە قەسەم بەرگەندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە سۈلھىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇرۇش توختىتىدۇ. تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، جاللات ياڭ زېڭشىن قاتتىق، يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپىنى تۈرمىگە سولاپ ئېتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پاجىئەلىك ھالدا باستۇرۇلۇپ مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنىڭدىن بۇيان قۇمۇل خەلقى قوزغىلاڭنىڭ يېتەكچىسى تۆمۈر خەلپە ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى ئەسلەپ نۇرغۇن ناخشا - قوشاقلارنى ئىجاد قىلىدۇ. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىنىپىي ئېزىلىشكە قارشى قەھرىمانلىق كۈرەشلىرىنى، بېسىپ ئۆتكەن شانلىق تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ھازىر قۇمۇلنىڭ بوغاز يېزىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى «ساي پارچا» دەپ ئاتالغان تېرىلغۇ يەرلەر، ئۈجمە دەرەخلىرى، ۋەيران بولۇپ كەتكەن سۇ تۈگمەنلىرىنى كىشىلەر يەنىلا تۆمۈر خەلپىنىڭ نامى بىلەن ئاتايدۇ. قۇمۇلنىڭ مەشرەپ، توي - تۆكۈن، بەزمىلىرىدە تۆمۈر خەلپە ھەققىدىكى قوشاقلار ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە. بۇ قوشاقلار شىنجاڭ تارىخىنى، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆمۈر خەلپە قۇمۇلدىن،
ئېتىلغان بىر ئوق ئىدى.
پالۋانلىقتا ئۇنىڭدەك،
نام چىقارغان يوق ئىدى.

تۆمۇر خەلىپە خوخەنزە،①
ياۋغا ئوقلار يېگۈزدى.
مەنمەن دېگەن دارېننى،
بوي ئەگدۈرۈپ «خوش» دېگۈزدى.

تۆمۇر خەلىپە خوخەنزە،
پۇقرالارغا باش بولغان.
دۈشمەنلەرنىڭ بېشىغا،
غۇلاپ چۈشكەن تاش بولغان.

تۆمۇر خەلىپە ئاتلاندى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
دۈشمەن ئەسكىرى قاچتى،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

ساي ئارا چېرىك چىقتى،
تۇغ ـ ئەلەمنى دىڭگايتىپ.
چەنلەپ ئاتتۇق، ياۋ قاچتى،
موزىسىنى② قىڭغايتىپ.

دۈشمەنلەر تەڭ كېلەلمەي،
باتۇر تۆمۇر خەلپەمگە.
ھەر تەرەپكە قېچىشقان،
چىدىيالماي ئەلەمگە.

تۆمۇر خەلىپە باش ئىكەن،
قوراي دېگەن تاش ئىكەن.
ئەجەبمۇ ئۆلۈپ كەتتى،
راجى بالا③ ياش ئىكەن.

بۇ تاغلارنىڭ ئارقىسىدا،
پۇتۇتى④ دېگەن تاغ بار.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
بىز قۇچاقلاشقان باغ بار.

---

① خوخەنزە ــ قەھرىمان، باتۇر، نوچى مەنىسىدە.
② موزا ــ قالپاق، كۇلا.
③ راجى ــ قۇمۇلدىكى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەزاسى.
④ پۇتۇتى ــ قۇمۇلدىكى ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن.

جاڭجۇن بىلەن شاھ مەخسۇت،
ئەسكەر ئالدى قۇمۇلدىن.
ئەسكەر بەرمەي قۇرايلىق،
نەپرەتلەندى زۇلۇمدىن.

چىڭۋاڭ خوجام خەت بەردى،
جۇنجاڭ①لارنى «بەرسۇن» دەپ.
تۆمۈر خەلپەم خەت بەردى،
«سوقۇشار بولسا كەلسۇن» دەپ.

خويما قاتتىق جەڭ بولدى،
كۇشۇتى دېگەن جايدا.
جىڭ ئەن② باشلىق چېرىكلەر،
سېسىپ ئۆلدى شۇئاندا.

لاۋدۇڭدىكى③ سوقۇشتا،
يىپىڭۋەنچەنگە④ ئات سالدۇق.
دو لۇيجاڭ⑤ دېگەن گۇينى،
چىگىلوچەندە⑥ قاق سالدۇق.

يۇەن داشۇي⑦ مۇ كەلگەندە،
تولا سوقتى داڭ ـ داڭنى.
تاغچىلار يامان ئىكەن،
تارتىۋالدى جۇنجاڭنى.

چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكى،
چىڭخۇاڭمياۋ⑧غا پاتمىدى.
چەندارېننىڭ⑨ ئەسكىرى،
يەرلەر تېپىپ، ياتمىدى.

دۇشمەنلەرمۇ ئاتاركەن،
يەرنى كولاپ ياتاركەن.

---

① جۇنجاڭ ــ مىلتىق، قورال ـ ياراغ.
② جىڭ ئەن ــ دۇشمەننىڭ ھەربىي باشلىقى.
③ لاۋدۇڭ ــ قۇمۇلدىكى جاي ئىسمى.
④ يىپىڭۋەنچەن ــ جاي ئىسمى.
⑤ دۇشمەننىڭ بىرىگادا كوماندىرى.
⑥ جاي ئىسمى.
⑦يۇەن داخۇا ــ 1851 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئەنخۇي ئۆلكىسى گۇيىياڭ ناھىيىسىدىن، ئەينى يىللىرى شىنجاڭدا دۇدۇ (باش مۇپەتتىش) بولغان.
⑧ قۇمۇلدىكى بىر بۇتخانا، ئەينى يىللاردا چىڭخۇاڭمياۋ دەپ ئاتالغان.
⑨ چەندارېن ــ ھەربىي ئەمەلدار.

تاغچىلارمۇ ئاتاركەن،
مېڭىسىنى چاپاركەن.

چېرىك ئاتىدۇ ئوقنى،
قۇرۇق تاغنىڭ قېشىغا.
تاغچى پالۋان ئاتىدۇ،
چېرىكلەرنىڭ بېشىغا.

كوتەل[①] بېشى تەڭشىندە،[②]
تەسكەن ئوتۇن چاپتۇق بىز.
قىرنى بىلەن شە (ھەر) سوقۇپ،
ئوتتۇرىسىدا ياتتۇق بىز.

ئۈچ كۈرە بۇغداي ئۇنى،
بىر چۆشلۈككە ئاش بولدى.
تۆمۈر خەلپەم باتۇركەن،
ئون ئىككى يۇرتقا باش بولدى.

شاھ مەخسۇتتىن خەت چىقتى،
ئۇقالماستىن دۆگىلەتتۇق.
سۇخەنچى، لالىملارنى،
تاغ بېشىدىن دۇگىلەتتۇق.

ئۈچ يىل ياتتۇق تاغدا بىز،
ئارچا بىلەن ئوت قالاپ.
«بابلايلى !» دەپ راسلاندۇق،
دۈشمەن يولىغا قاراپ.

قورايلىقتا[③] تۆمۈرخان،
پۈتۈن تاغلىق قوزغالغان.
غول ئىچىدە چېرىكنىڭ،
مېڭىسىدىن قان چاچقان.

قورايلىقتا تۆمۈرخان،
گۆڭشاڭ[④]نى قوناق قىلغان.

---

① كوتەل ــ جاي ئىسمى.
② تەڭشىن ــ جاي ئىسمى.
③ قورايلىق ــ ياغاچلىق مەنىسىدە.
④ گۆڭشاڭ ــ جاي ئىسمى.

ئۆچ كۇرە بۇغداي تارتىپ،
بىر چۆشلۈك تاماق قىلغان.

خويمۇ كاتتا جەڭ بولدى،
گۇڭشاڭ دېگەن بىر يەردە.
جىڭتەي[①] بىلەن ئېتىشىپ،
يېڭىپ چىقتۇق بۇ جەڭدە.

تاغدا يايلىغان ئات، قوي،
قارىغاي ئارىلاپ كەتتى.
دوست بولدۇق بىز دېگەنلەر،
ئەمدى ئايرىلىپ كەتتى.

لى گەندەي[②] قەسەم بېرىپ،
تۇزاق قويدى تۆمۈرگە،
نېمە ئانچە قىلىسەن؟
شۇ بەش كۈنلۈك ئۆمۈرگە.

ئاشۇ ۋەجىدىن چاقىردى،
تۆمۈر خەلىپىنى جاڭجۇن.
«تيې دارېن[③]» دەپ نام بېرىپ،
قوزۇقتا ئاستىغۇ جاڭجۇن.

ئۈرۈمچىگە ئەپكەلدى،
ئۇنىڭغا مەنسەپ بېرىپ.
تۆمۈر خەلىپە ئالداندى،
دۈشمەن سۆزىگە كىرىپ.

ئۈرۈمچىگە ئېپ چىقىپ،
قات - قاتلاپ سوراق قىلدى.
قولىنى مىلەپ قانغا،
تۆمۈرنى هالاك قىلدى.

كۇشۇتنىڭ داۋانىدا،
ئات كۆكسىدە جوغۇلا.
تۆمۈرنى تۇتۇپ بەردى،
مەمەتقۇلدەك دورغىلار.

① جىڭتەي — هەربىي ئەمەلدار.
② لى گەندەي — هەربىي ئەمەلدار، ئەسلىي ئىسمى لى شۇفۇ.
③ تيې دارېن — «تۆمۈر ئامبال» مەنىسىدە.

ياڭ زېڭشىن دېگەن زالىم،
تۆمۈر خەلىپىنى ئېپ كەتتى.
ئىككى يۈز فۇگۇەن① كېلىپ،
چىلبۆرىدەك يەپ كەتتى.

جىڭتەي ئەسكىرى ساپتۇ،
ئاقچۇق يولىدا ئوقۇر.
تۆمۈر خەلىپىنى ئۆلتۈرگەن،
چيەن دارېن ② دېگەن چوقۇر.

تۆمۈرنى ئالداپ چىقىپ،
ئاتمىش يەردىن چاپتۇردى.
يۈزى قارا شاھ مەخسۇت،
شۇنچە خەقنى ئاتتۇردى.

قوراي يولى ھەيۋەتلىك،
ئۇنىڭ ئىچى زاراتلىق.
مۇرادىغا يەتمىگەن،
تۆمۈر خەلىپە رەھمەتلىك.

① ئىككى يۈز فۇگۇەن — ئىككى يۈز ئوفىتسېر، يارەمچى ھەربىي ئەمەلدار مەنىسىدە.
② چيەن دارېن — ئۇرۇمچىدىكى ھەربىي ئەمەلدار.

## 17 ـ باب
## خوجىنىياز ھاجى ھەققىدە قوشاقلار

خوجىنىياز ھاجى ـــ يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق شەخس، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە قوزغالغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى. ئۇ 1889 ـ يىلى قۇمۇلنىڭ تاراتۇ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكەن. كېيىنچە ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئادەتتىكى ئەسكەرلىكتىن قوشۇننىڭ لۈيجاڭلىقىغا، ئەڭ ئاخىرىدا قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ يولباشچىسىغا ئايلانغان. ئۇ ئەنە شۇ مۇرەككەپ، جاپالىق يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك شىجائىتى، جەڭ مەيدانلىرىدىكى باتۇرلۇقى بىلەن خەلق ئارىسىدا تەڭداشسىز شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

خوجىنىياز ھاجى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئاستىدا نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇ قۇمۇل ـ ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان كۆپ قېتىملىق قوراللىق جەڭلەرنى شەخسەن ئۆزى پىلانلاپ ۋە لايىھىلەپ، پەم ـ پاراسەت ئىشلىتىپ، پالۋانلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار بىلەن بولغان ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشتە، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى زورايتىپ، ھىيلىگەر، ياۋۇز كۈچلەر بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى تەۋرىتىپ، ۋەزىيەتتە يېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشقا تىرىشقان ھەمدە خەلقنى قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلار بىلەن تەمىنلىگەن. خوجىنىياز ھاجى مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئاستىدا، قوشۇن دۇچ كەلگەن خىلمۇ خىل بېسىم ۋە قىيىنچىلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ يېڭىپ، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋاتقان پەيتتە، سۇيىقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەرگە ئالدىنىپ قېلىپ، جاللات شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 1937 ـ يىلى ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە قەتلى قىلىنغان. جەسىتى كېيىن ئۈرۈمچىدىكى «شېھىتلىك قەبرىستانلىقى»غا دەپنە قىلىنغان.

«خوجىنىياز ھاجى ھەققىدە قوشاقلار» ـــ ئەنە شۇ 30 ـ يىللار تارىخىنىڭ ئۆچمەس بەدىئىي خاتىرىسى، بۇ قوشاقلاردا قۇمۇل، تۇرپان، پىچانلاردىكى دېھقان پارتىزانلارنىڭ خوجىنىياز ھاجى رەھبەرلىكىدە جاللات شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرى، ئەل ـ يۇرتنى قوغداش يولىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخى ۋە خەلق ئىنقىلابىنى تەتقىق قىلىشتا زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

بوغدا تېغى بېشىدا،
خوجىنىياز پالۋان بار.
زۇلمەتنى گۇم قىلىشتا،
بىلىكىدە دەرمان بار.

خوجىنىياز لۈيجاڭ بولۇپ،
تاغ تۈرادا جەڭ قىلغان.

باتۇرلارچە سوقۇشۇپ،
دۈشمەنلەرنى يەر قىلغان.

يېتىمبۇلاق①قا بارغاندا،
پازىل دورغىدىن تەر چىقتى.
بەش چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ.
ئىمىن پالۋاندەك② ئەر چىقتى.

ئىمىن پالۋان قوشۇننى،
سالۇۋا③غا باشلىدى.
ئۈركۈپ قاچقان دۈشمەنلەر،
بەرەم توننى تاشلىدى.

ئىمىن پالۋان ياخشى ئەر،
ھەممە ئىشنى ئەپلىگەن.
ئۈركۈپ قاچقان دۈشمەننىڭ،
توغراقتا بېشىنى كەپلىگەن.

سادىر④ چەبدەس، ياخشى ئەر،
پىلان سوقۇپ، ئويلىغان.
ھۇجۇم قىلغان دۈشمەننىڭ،
بىرنى قويماي قوغلىغان.

ئېگىز تاغنىڭ ئارقىسىدا،
كاتتا ـ كاتتا شە (ھەر) لەر بار.
دۈشمەنلەرنى قاقشاتقان،
خوجىنىيازدەك ئەرلەر بار.

خوجىنىياز جەڭ قىلدى،
باتۇرلارغا باش بولۇپ.
ۋەيران بولدى دۈشمەنلەر،
كۆزنگە قان ـ ياش تولۇپ.

خوجىنىياز تارىختا،
ئادالەتلىك جەڭ قىلغان.

① يېتىمبۇلاق ــ قۇمۇلدىكى جاي ئىسمى.
③ سالۇۋا ــ جاي ئىسمى.
②④ قومۇل دېھقانلار پارتىزان ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى.

ئېزىلگەننى، دەردمەننى،
ئۆزى بىلەن تەڭ قىلغان.

خوجىنىياز ياخشى ئەر،
ئاتقان ئوق ئوت چاچىدۇ.
خوجىنىيازنى كۆرگەندە،
دۈشمەنلەر دەل قاچىدۇ.

ئۈرۈمچىدەك شە(ھە)ر بارمۇ؟
خوجىنىيازدەك ئەر بارمۇ؟
ھاجىم جەڭگە ئاتلانسا،
دۈشمەنلەردە جان بارمۇ؟

ئادەمنىڭ ئالىسىنى،
تېشىدىن بىلىپ بولمايدۇ.
ھاجىم بەك پەخەس بولۇڭ!
ئىشىڭىزنى بۇلغايدۇ.

شېڭ شىسەي دېگەن جاللات،
خوجىنىيازنى ئالدىغان.
قاتمۇ قات تۇزاق قۇرۇپ،
پۇت ـ قولىنى باغلىغان.

داۋانلاردا گۈلدۈرلەپ،
ئاتلار چېپىپ كېلىدۇ.
«پالۋان ئۆلۈپ كەتتى» دەپ،
خەتلەر ئۇچۇپ كېلىدۇ.

ئاتاڭلار بولۇر رازى،
ئاناڭلار بولۇر رازى.
ئۆلگەنلەر شېھىت كەتسە،
قالغانلار بولۇر غازى.

پالۋانلار ئۆلۈپ كەتتى،
ئەل ـ يۇرت ھەم جاھان قالسۇن.
بىزنى دېگەن يارەنلەر،
ئۆلمەستىن ئامان قالسۇن.

# 18 ـ باب
## ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قوشاقلار

ئابدۇقادىر داموللام ــ شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان سىياسىي، دىن، مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان ۋەتەنپەرۋەر ئالىم، شائىر ۋە جامائەت ئەربابىدۇر.

ئابدۇقادىر ئەزىزى (داموللام) 1862 ـ يىلى (ھىجرىيە 1279 ـ يىلى) ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تۇغۇلغان (قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان دېگەن قاراشمۇ بار). ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى ئۆز يېزىسىدا، بىلىم ئېلىش ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋاقىتلىرى قەشقەر، ئاتۇش، تاشكەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ئۆتكەن. كېيىنكى ھاياتى يېڭىچە مەكتەپلەردە مۇئەللىملىك قىلىش، مۇدەررىسلىك قىلىش، جامائەت پاراۋانلىق خىزمەتلىرى بىلەن ئۆتكەن. ئۇ ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش مەقسىتىدە، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، دائىرىسى، دەرسلىك مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەرەپلەردە ئەجىر سىڭدۇرۇپ ناھايىتى كۆپ ئىزدەنگەن. ئۇ «سەرپ ـ نەھۋىي» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «ئىلمىي تەجۋىت» (قىرائەت)، «ئىلمىي ھېساب» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ، مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغان. ئۇ يەنە مەكتەپلەردىكى ھۆسنخەت ئۆگىنىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بېرىپ، «ئاقائىد زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)، «ئىبادەت ئىسلامىيە» (ئىسلام ئىبادەتلىرى)، «تەلىم سەبىھيان» (گۆدەكلەرگە تەلىم)، «نەسەيھۇل ئەتپال»، (ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىش بىلەنلا قالماستىن، گېزىت ـ ژۇرنال، مەتبۇئات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، باشقا جايلاردىن، دۆلەت سىرتىدىن مەتبەئە ئالدۇرۇپ كىرىپ، «نەسىھەتى ئام» قاتارلىق ئەسەرلەرنى باستۇرۇپ، خەلققە ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەن. ئۇ يازغان «جاۋاھىرۇل ھەققان» (ھەقىقەت جەۋھەرلىرى) ناملىق شېئىرىي ئەسەر ھازىر مىسىردىكى «ئەزھەر» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇ يەنە «مۇفتاھىل ئەدەپ» (ئەدەپ ـ ئەخلاق ئاچقۇچى) ناملىق نەزەرىيىۋى ئەسەرنى يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئۆز زامانىسىدا قەشقەردىكى تەرەققىيپەرۋەر بايلارنىڭ ياردىمى بىلەن رۇسىيىنىڭ قازاندىكى «مىللەت» مەتبەئەسىدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان.

ئابدۇقادىر داموللام شىنجاڭ تارىخىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر زات بولۇپ، يۈكسەك ئابرۇي، نوپۇزغا ئىگە. ئۇ 1900 ـ يىللاردىن كېيىن شىنجاڭغا دىن تارقىتىش نامى بىلەن كىرىپ، مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان شۋېت مىسسىئونېرلىرىغا قارشى خەلقنى تەشكىللەپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرغان ئۇلۇغ بايراقتۇر. ئۇ ئۆز زامانىسىدا، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بېسىمى ۋە قاتتىق سىياسەتلىرىدىن قورقماي، جاھانگىرلارنىڭ قەشقەردىكى مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. نەتىجىدە جاھانگىرلار ۋە يەرلىك فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۇنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك جاسارىتىدىن قورقۇپ، يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلاپ، ئىشپىيون، خائىنلارنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان. ۋەھشىي قاتىل 1924 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرى كونا ئوردىدىكى ئالىمنىڭ قىرائەتخانىسىدا ئۇنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، تەرەققىياتنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى، ئۇلۇغ ئالىمنىڭ جىسمىنى خەلقتىن ئايرىۋەتكەن

بولسىمۇ، لېكىن، خەلق بۇ ئالىمنى «قەدىرلىك ئۇستاز» دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ماتەم تۇتۇپ، مەرسىيە ـ قوشاقلارنى تۈزۈپ، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

«ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قوشاقلار» ـــ ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ياش ئەۋلادلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى، ئىلىم ـ پەن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا زور تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئېتى بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ؟
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئۆمرى ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟

دامولامنىڭ سەللىسىنى،
ئۇستا بابكار توقۇغان.
دامولام ئۆزى موللا،
بۇخارادا ئوقۇغان.

ئاپئاق، سىلىق شايىنى،
سەللە قىلسا ئاملاشقان.
ئابدۇقادىر دامولام،
چوڭ مەدرىسكە[①] ياراشقان.

مەدرىستە دامولام،
تالىپلارغا باش بولغان.
دامولامنىڭ سۆزىدە،
ناھەقچىلىك پاش بولغان.

دامولامنىڭ سۆزىدىن،
ئەلەم كەلدى لوزۇڭغا.[②]
گېلىدىن تاماق ئۆتمەي،
داستىخان قالدى مەزلۇمغا.

باغرىق[③] بىلەن مەشھەتنىڭ،[④]
ئاراسىدا سېپىل يوق.
ئالداندىڭمۇ مەزىن تاز،[⑤]
پۇلنى كۆرۈپ گېپىڭ يوق.

---

① قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② يەرلىك ئەمەلدار.

③④ ئاتۇشتىكى جاي ئىسىملىرى.

⑤ ئەينى ۋاقىتتىكى دىنىي ئەمەلدارلار.

ھەپتە دېگەن يەتتە كۈن،
ھەپتە بېشى دۈشەنبە.
داموللامغا مەزىن تاز،
بولۇپ قالدى كۈشەندە.

بۇلبۇل ئىدىڭ بۇ باغدا،
سايرار ئىدىڭ بار چاغدا.
دۈشمەن سەندىن ئايرىدى،
ئەجەبمۇ يامان چاغدا.

ئاتۇش يولى تاشلىق ساي،
يېتىم يىغلار، ماڭالماي،
قارشى چىقتى يولۇڭغا،
مۇتەئەسسىپ، رودۇپاي.

قەتلى قىلدى دۈشمەنلەر،
كۆرەلمىگەن مەنمەنلەر.
سەن ئۈچۈن تۆكۈپ كۆز ياش،
يىغلاپ قالدى دەردمەنلەر.

داموللام ئۆلۈپ كەتتى،
شاگىرتلار يېتىم قالدى.
سەن ياشىغان بۇ يۇرتتا،
شەيتانۇ رەجىم قالدى.

ئۈچاق بېشى ئۈياقلىق،
ئالتۇن چۆگۈن قوياقلىق.
ئابدۇقادىر داموللام،
قىزىل قاندا بوياقلىق.

ئۆچۈپ قالغان چىراغنى،
ياقالمىغان داموللام.
قوزۇقتا مىلتىق تۇرۇپ،
ئاتالمىغان داموللام.

جايىڭ بولسۇن جەننەتتە،
ھۆرلەر بولسۇن خىزمەتتە.
ئۇنتۇمايمىز بىز سېنى،
تا ئەزەلدىن ئەبەدكە.

ئابدۇقادىر داموللام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ ئىككى قاسنىقىنى مۇسىبەت قاپلىـ
غان. ئاقسۇ، كۇچا، باي تەرەپلەردە كىشىلەر داموللامنىڭ تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ، مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان:

تاغۇ تاشلار تەۋرىشىپ،
قاتتىق چاقماق چاققانمۇ؟
دەريا سۈيى قان بولۇپ،
بۈگۈن تەتۈر ئاققانمۇ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى،
چاڭ ـ تۇمانلار باسقانمۇ؟
ئاتۇشنىڭ ئاسمانىنى،
قايغۇ ـ ماتەم باسقانمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز،
داموللامغا دەيۈزلەر،
قەست قىلالماس دەپتىمىز.

قىلماق بولغان قەستىڭنى،
ماڭا قىلساڭ بولمامتى؟
قولۇڭدىكى پىچاقنى،
ماڭا سالساڭ بولمامتى؟

داموللام شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى.
داموللامغا قەشقەرلىك،
كۆپ يىغلاپ بىھوش بولدى.

ئاق قۇشقاچ چۇرۇقلايدۇ،
چاڭگاسىنى تاپالماي.
شاگىرت باللا يىغلايدۇ،
داموللامنى تاپالماي.

داموللام چىراغىغا،
پەرۋانە بولاي دەيمەن.
ناھەق بولغان بۇ ئىشقا،
دىۋانە بولاي دەيمەن.

داموللامغا قەست قىلدى،
يۈزى قارا دەيۈزلەر.
كۆڭلىدە چىراغى يوق،
دىلى قارا ياۋۇزلار.

ئەجەل كەلدى مۇئەللەق،
مۇئەللەققە نە چارە؟
لوزۇڭ بېگىم بەرگەنكەن،
مەزىن تازغا جىق پارا.

داموللامنىڭ بېغىدا،
ئۆرۈك بىلەن ئەنجۈر بار.
مەزىن تازنىڭ بوينىدا،
تاقاق بىلەن زەنجىر بار.

## 19 ـ باب
## شاھ مەنسۇر ھەققىدە قوشاقلار

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى كەينى ـ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ ئەركىن ـ ئازادلىق، تەڭ ـ باراۋەرلىك، ئەدلى ـ ئادالەتلىك ھاياتقا بولغان ھەققانىي ئارزۇسىنى ۋە ئەزگۈچىلەرگە قارشى تىز پۈكمەس ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. شاھ مەنسۇر خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى. ئۇ 1905 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1934 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئابدۇللا بولۇپ، خوتەن قوزغىلىڭى جەريانىدىكى باتۇرلۇقى، چەبدەس، قورقۇمسىزلىقى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقتىن، ئۇنى «شاھ مەنسۇر» دەپ ئاتاشقان ھەمدە ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ نۇرغۇن قوشاقلار ئىجاد قىلىنىپ خەلق ئارىسىدا تارقالغان.

«شاھ مەنسۇر ھەققىدە قوشاقلار» ــ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

شاھ مەنسۇر چىقتى،
ئاي ۋە يۇلتۇزدەك.
دۈشمەنلەر قاچتى،
قاۋان توڭگۇزدەك.

شاھ مەنسۇر كەلسە،
ئەسكىرىنى باشلاپ.
ماجۇڭيىڭ قاچتى،
تەتىيىنى[1] تاشلاپ.
تەتىيىمۇ قاچتى،
سۆڭگىچىنى قاشلاپ.

ئەمىر ساھىپ،[2] ئابدۇللا،[3]
ئەسكەر باللىنى جابدۇللا.[4]

---

① تەتەي ــ خوتۇنى.

② ئەمىر ساھىپ ــ شاھ مەنسۇرنىڭ ئىنىسى نۇرمۇھەممەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇمۇ قوزغىلاڭ سەركەردىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېگانە سىپىلى ئىچىدە قورشاۋدا قېلىپ، دۈشمەن بىلەن كەسكىن ئېلىشقان ۋە ئاخىرىدا ئوق تېگىپ قۇربان بولغان.

③ ئابدۇللا ــ شاھ مەنسۇرنىڭ ئەسلىي ئىسمى.

④ جابدۇللا ــ تەييار قىلىش مەنىسىدە.

پىيالمىغا[1] ئېپ چىقىپ،
خوتەن خەلقىنى قوغدىللا. [2]

شاھ مەنسۇر ئاتلانغاندا،
ئالتۇن ئۈزەڭگىنى قېقىپ.
خوتەنلىك يىغلاپ قالدى،
باغرىنى ھۆلگە يېقىپ.

شاھ مەنسۇر ئېتىلىپ قالدى،
خوتەندە خېتىلىپ قالدى.
جەڭلەردە سەن ياش ئىدىڭ،
ئەسكەرلىرىڭ يېتىم قالدى.

① پىيالما ــ قاراقاش بىلەن گۇما ئارىلىقىدىكى بىر جاي ئىسمى.
② قوغدىللا ــ قوغداش مەنىسىدە. خوتەن تەلەپپۇزىدا ئېيتىلغان.

# 20 ـ باب
# قۇمۇللۇق قاسىم پالۋان ھەققىدە قوشاق

قاسىم پالۋان ھەققىدىكى قوشاقلار ــــ قۇمۇلدىكى تاغ خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى.

قاسىم پالۋان ــــ قۇمۇلنىڭ قالغايتى دېگەن يېرىدىن بولۇپ، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى قوزغالغان مەزگىللەردە، خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1931 ـ يىلى يازدا قارمۇقچىدا بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە، ئاجايىپ قەيسەرانە جەڭ قىلىپ، بەختكە قارشى قۇربان بولغان. ئۇ ئالەمدىن ئۆتـ ـكەندىن كېيىن، قۇمۇل ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى خەلق ئارىسىدا قاسىم پالۋاننىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيىلەپ نۇرغۇن قوشاقلار ئىجاد قىلىنغان.

قاسىم پالۋان خۇش ئاتۇر،
تاغلار باشىدا ياتۇر.
توققۇزئاتار مىلتىق بىلەن،
چېرىكلەرنى قىڭغايتۇر.

ئوت تۇتاشتى يۇرت ـ يۇرتتىن،
قۇمۇلدىكى شىجاڭغا.[1]
قاسىم پالۋان ئېسىلدى،
ھارۋىدىكى جۇنجاڭغا.

قاسىم پالۋان ئاتىدىكەن،
ياۋنى قورشاپ چاپىدىكەن.
چېرىكلەرمۇ ئاتىدىكەن،
ئورا كولاپ ياتىدىكەن.

قارمۇقچىنىڭ يولىدا،
يولغا يېقىن زاراتلىق.
ھەممە پالۋان ئىچىدە،
قاسىم پالۋان غەيرەتلىك.

---

① شىجاڭ ــــ ھەربىي ئەمەلدار.

# 21 ـ باب
## ياچىبەگ ھەققىدە قوشاقلار

ياچىبەگ 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇمۇلدا ياشاپ ئۆتكەن خەلق قەھرىمانى. «ياچىبەگ ھەققىدە قوشاقلار» قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان داستان ۋە قوشاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرغا قەدەر خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن تارىخىي قوشاقلارنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

1668 ــ 1690 ـ يىللار ئارىسىدا، ئەبەيدۇللا دارخانبەگ زامانىدا جۇڭغار غالدان ھۆكۈمرانلىرى قۇمۇل بەگلىكىنى بويسۇندۇرۇش غەرىزىدە، قۇمۇلغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ، قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، خەلققە بالايىئاپەت ئەكەلگەنىدى. بۇ يېغىلىق، ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن قۇمۇلدا بىر مەزگىل قۇرغاقچىلىق، ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، جەمئىيەت ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، ياچىبەگ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قولىغا قورال ئېلىپ، يارۇ دوست، بۇرادەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى جەڭنى قانات يايدۇرۇپ، زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردۇ. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئۇنى «كۆزگە قادالغان مىخ» دەپ قاراپ، تىرىك تۇتۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردۇ.بۇ چاغدا مال ـ دۇنيا، مەنسەپ ئۈچۈن سېتىلغان سامانچىدەك بەزى كىشىلەر سالما تاشلاپ ياچىبەگنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بېرىدۇ. ياچىبەگ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالسىمۇ، ئۇلارغا باش ئەگمەي، زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان خەلقنى جەڭنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرىق قىلىدۇ ۋە قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. ساتقۇن سامانچىمۇ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ.

«ياچىبەگ ھەققىدە قوشاقلار» ـــ ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، ياچىبەگنىڭ باتۇرلۇق ئىش ئىزلىرىنى ئاممىباب تىل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ قوشاقلار ئەينى دەۋردىكى قۇمۇلنىڭ سىياسىي، تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆتكەنىدى ياچىبەگ،
بۇلاڭ ـ تالاڭ زاماندا.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
كەتتى ئاخىر ئارماندا.

ياچىبەگنى كۆرگەنلەر،
سۇمباتلىقكەن دەر ئىدى.
گۇرزە ـ بازغان قوللىرى،
يولۋاس كەبى ئەر ئىدى.

ياچى دېگەن بىر كىشى،
ئارقىسىدا مىڭ كىشى.

ئېگىلمىسە ئۇنىڭغا،
قۇتۇلالماس ھېچ كىشى.

يېمەك ـ ئىچمەك نەرسە يوق،
قاپلاپ كەتتى قۇرۇقلۇق.[1]
ھالسىزلاندى خالايىق،
تېپىلمىغاچ ئوزۇقلۇق.

شۇڭا چىقتى ياچىبەگ،
ئوڭ قولغا نەيزە ئېلىپ.
تاغلار ئارا جەڭ قىلدى،
ئەلنى كەينىگە سېلىپ.

قالماق خانىنىڭ خېتىدە،
«تۇتسۇن !» دېدى ياچىنى.
توغام ـ توغام يول ياساپ،
چېرىك قويدى بارچىنى.

«كىمكى تۇتسا ياچىنى،
مالدار قىلاي مەن ئۇنى.
ئۆزۈم بىلەن تەڭ قىلىپ،
ھاكىم قىلاي مەن ئۇنى.»

ئەھدى قىلدى ئوسمان بەگ،
شۇ بۇ ئىشقا «مەن بار»دەپ.
ۋەھشەت چۈشتى بېشىغا،
«تۇتماق تىرىك، جاپا» دەپ.

قالماق خانى چىللىدى،
ئوسمان بەگنى يېنىغا.
ئوسمان بەگمۇ سېتىلدى،
سەككىز مىسقال ئالتۇنغا.

ئۇيان ئويلاپ ئوسمان بەگ،
بۇيان ئويلاپ ئوسمان بەگ.
سامانچىنى گوللاشقا،
تۇتۇش قىلدى ئوسمان بەگ.

---

① قۇرغاقچىلىق مەنىسىدە.

سامانچىمۇ سىتىلدى،
ئوسمان بەگكە قىتىلدى.
كەينىگە چۇشۇپ ياچىنىڭ،
تۇتماق بولۇپ ئىتىلدى...

«بىزنىڭ ئۆيلەر بۇ يەردە،
چۇشۇپ ئۆتۈڭ ياچىبەگ.
ھىرىپ - ئىچىپ قالغانسىز،
سىنچاي ئىچىڭ ياچىبەگ.»

شول مەھەلدە چاقىردى،
«چاققان چىقىڭ ياچىبەگ !»
چىقىپ دەرھال ئىتىنى،
مىنمەك بولدى ياچىبەگ.

ئۇزەڭگىگە پۇت سىلىپ،
يىقىلىپ قالدى ياچىبەگ.
مىكىر بىلەن قىلتاققا،
ئىلىنىپ قالدى ياچىبەگ.

«يولۋاس يانماس ئىزىدىن،
ئەر يانمايدۇ سۆزىدىن.
شىھىت كەتسەم ئەل رازى»،
دىدى ياچى كۆڭلىدىن.

ھەسرەت بىلەن خالايىق،
دۇئا قىلدى دوستىغا.
سامانچىنى تۇتۇۋىلىپ،
سامان تىقتى پوستىغا.

ياچىبەگ ئاپئاق ئىكەن،[1]
بىلىدە چاقماق ئىكەن.
ياچىبەگنى ئۆلتۈرگەن،
جاللىق قالماق ئىكەن.

[1] ئاپئاق — پاكىز، ئىتىقادلىق، ۋىجدانلىق مەنىسىدە.

## 22 ـ باب
## ئەپەندى مەخسۇم ھەققىدە قوشاق

ئەپەندى مەخسۇم — بىر تارىخىي شەخس. ئۇ 1863 ـ يىللىرى 12 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرى ھازىرقى يارباغ كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق زەرگەرلەر كوچىسىدا دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1943 ـ يىللىرى 80 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئەپەندى مەخسۇم يەتتە ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. دەسلەپكى باشلانغۇچ دىنىي ساۋاتىنى ئانىسىدىن ئالغان. كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇغان. ئاتىسىغا ئەگىشىپ ھەج قىلغان، مەككىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن ئۈچ مەدرىسىنى تاماملاپ، «ئەللامە» دېگەن نام ـ ئاتاققا ئېرىشكەن. ئۇ ھەج ـ تاۋاپ مەزگىلىدە، ئەرەب، ئىسلام ئەللىرىدە زىيارەتتە بولۇپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىپ، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. كېيىن، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. قەشقەرنىڭ شەيخۇلئىسلاملىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئىلغار ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى قەشقەر مەدرىسلىرىگە تەتبىقلاپ يېڭى دەرسلىك تۈزۈپ، مائارىپ ساھەسىدە نۇرغۇن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدا ئابرۇيى كۈندىن كۈنگە ئۆسىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ جامائەت ئۇنى ئەسلەپ ئۇنىڭغا ئاتاپ بەزى قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان.

چاپىنىڭنىڭ يېڭىنى،
مامۇت سەيپۇڭ[1] ئويغانمۇ؟
ئېتىڭ نېمانداق چىرايلىق،
ئەپەندى مەخسۇم قويغانمۇ؟

ئەپەندى مەخسۇم چەت ئەلدە،
ئوقۇغان، بىلىم ئالغان.
مەكتەپ، مەدرىس ئاچماقنى،
كۆڭلىگە سىلىپ يانغان.

مىسكىن بىلەن ھال ـ مۇڭلۇق،
دوتەي بىلەن تەڭتۇشلۇق.
ئەپەندى مەخسۇم قەشقەردە،
قىلمىغان ھەرگىز بوشلۇق.

① مامۇت سەيپۇڭ — ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكەن ئۇستا ماشىنىچى.

دوتەي كۆرمىدى خوۋلۇق،
شەنگەن كۆرمىدى خوۋلۇق.
ئەپەندى مەخسۇم ئالدىدا،
قىلالماس ئۇلار چوڭلۇق!

خاتىپلىق قىلىپ ئۆتكەن،
ھېيتگاھنىڭ جامەسىدە.
بىلىم ئەھلىگە دەرس بەرگەن،
پېقىر - مىسكىن ئاراسىدا.

مەنسەپدارلار، دوتەيلەر،
ئەل - يۇرتنى شوراپ يەيتتى.
پۇقرانى قىلىپ بوزەك،
نومۇس دېگەننى بىلمەيتتى.

ئەپەندى مەخسۇم پۇقرانى،
ساقلاپ قالغان بالادىن.
ئىنساپلىق، دىيانەتلىكتى،
خالىي ئىدى تەمەدىن.

## 23 ـ باب
## ناتاۋانى قوشاقلىرى

ئوسمان بىننى ئابدۇراخمان ناتاۋانى — ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئىلىشقا تېگىشلىك ئەدىبتۇر، ئۇ 1860 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر بارىن يېزا قېچىچى يۇرتىدىكى باغئېرىق كەنتىنىڭ دولان مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپكى ساۋاتىنى ئائىلىسىدە، كېيىن قېچىچىدىكى «مەتلەئىل ھۇسەينىيە» ناملىق مەدرىستە چىقارغان. 1875 ـ يىلى قەشقەر «خانلىق مەدرىسى»دە ئوقۇپ، ئابدۇقادىر داموللام بىلەن ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. بولۇپمۇ ئۇ رىياكار مولللار، ئىشان ـ خۇراپاتچىلار، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى سۆكۈپ بىر قىسىم شېئىر ـ قوشاقلارنى يازغانلىقتىن، ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ تەقىپ قىلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىشىغا دۇچ كېلىدۇ. ھەتتا ئۈچ قېتىمدا 21 يىل چەت ئەللەردە سەرگەندارلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزىدۇ. چەت ئەللەردە يازغان بىر قىسىم ئەسەرلىرى «شۇرا»، «كەمبەغەللەر ئاۋازى»، «شەرق ھەققىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدۇ. چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاقارتىش، مائارىپنى گۈللەندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە پائال قاتنىشىپ، قېچىچىدا تۆت سىنىپلىق، 127 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ، مەكتەپ راسخوتىنى ئاتىسى ئابدۇراخمان باي ھاجىم بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلىپ، نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلەيدۇ. لېكىن، قورقۇپ كەتكەن ئەكسىيەتچى دائىرىلەر ئۇنى قولغا ئالىدۇ. ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇساپىسىدە، قەلەمنى تاشلاپ قويماي، «دىۋان ناتاۋانى»، «تەپسىرى قۇرئان تۈركىي»، «ئەل بايانى قەرز تىل ئوروز» (ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلار ھەققىدە بايان) قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان. بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرى قازان، تاشكەنت، مىسىر قاتارلىق جايلاردا نەشر قىلىنغان. ئۇ خەلقنىڭ چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى قوشاق شەكلىدە، يېنىك تىل ئاساسىدا يېزىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان. ئۇنىڭ شېئىر ـ قوشاقلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا باغلاش جەھەتتە مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئوسمان بىننى ئابدۇراخمان ناتاۋانى 1955 ـ يىلى باش باھاردا بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ۋاپات بولغان.

ناتاۋانىنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى بەگلىك پەزىلىتى ۋە خەلقنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ھەققىدە ئىجاد قىلغان قوشاقلىرىدىن نەمۇنە:

«بىلىگ»دىن چىقىپتۇر «بەگ»،
دېيىلۇر «بەگلىكگە باش ئەگ».
بولمىسا بىلىگ بەگ،
ئىرۇر ئۇ بەئەينى سەگ.

بەگ يۇرت پاسىبانىدۇر،
رەئىيەنىڭ يولباشى.
خان باش بولسا، پۇقرا تەن،
بىر ـ بىرىنىڭ قاياشى.

بەگ ئەدلى يولى تۇتسا،
كەڭتاشا زامان بولۇر.
پۇقرادىن چىقىپ هاردۇق،
يۇرت ـ ئايماق ئامان بولۇر.

چەيلىسە ئادالەتنى،
ئەل هالى يامان بولۇر.
خىيانەتچى ئەمەلدارلار،
قانغا زار چايان بولۇر.

يۇرتقا بەگ ـ خاقان بولدى،
قارا تۈرك، يوغان قورساق.
«باي بولماق، — دىدى، — پەرزدۇر،
يىلىكىگە ئىلىك سوزساق.»

قۇرۇسا يىلىك تەندە،
بولالماس ئۆرە ئادەم.
زالىملار ئازابىدىن،
ئۆي ـ ئۆيدە پىغان، ماتەم.

كونا جەمئىيەتتىكى هەرخىل باج، ئالۋان ـ ياساقلار توغرىسىدا ئېيتقان قوشاقلىرى:

باج ئالماق قەدىمدىندۇر،
دۇرۇس يولى ئادالەتتۇر.
ئەدلىدىن يىراقلانسا،
ۋاباللىق داۋامەتتۇر.

«باج»نى خەلق «خىنى» دەيدۇ،
«خىنى — خاننىڭ جىنى» دەيدۇ.
بەگ ـ بوجاڭ، بالاخورلار،
«خىنى بەرا» دەپ بۇلاپ يەيدۇ.

باجگىرلار قۇرۇپ «چازا»،[1]
قورۇپ گۆش، تۇخۇم، لازا.

① چازا — هەرقايسى يۇرت دوقمۇشلىرىدا قۇرۇلغان باج ئېلىش نۇقتىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

چوڭ كارۋانغا «خوش ـ خوش» دەپ،
ئۇششاقىغا بېرەر جازا.①

ئىش تۇتسا ھۈنەرۋەنلەر،
باج سۈيلەپ كېتىشمەيدۇ.
«باج»نىڭ ئات ـ جۇنى بەك جىق،
ساناققا سان يېتىشمەيدۇ.

توختام بېجى، قان بېجى،
تۇخۇم، تۇياق بېجى دەيدۇ.
ھارۋا بېجى، تاماكا بېجى،
ماركا، هاراق بېجى دەيدۇ.

زىياپەت، كۆڭۈل ئېچىش،
ئاشلىق، تۇز بېجى دەيدۇ.
ئىشرەتنىڭ زاكۇسكىسى②
تەشنالىق — مۇز بېجى دەيدۇ.

ھەتتارلىق، ئېلىم ـ سېتىم،
ئورمان، ئۆي بېجى دەيدۇ.
غەللە ـ پاراق، ئۆلۈم ـ يېتىم،
چېگرا، قوي بېجى دەيدۇ.

ئۇنى دەيدۇ، بۇنى دەيدۇ،
بۇلاپ ئالغاننى «باج» دەيدۇ.
باجغا پۇل بېرەلمىسە،
ئۇرۇپ «سىڭكو،③ كاج» دەيدۇ.

باج دېگەن تۇمەن ياڭزا،
بەرمىگەنگە باڭ ـ باڭزا.④
نەدە بار تۇخۇم تاشقا،
تەڭ كېلىدىغان چاڭزا.⑤

① جازا — باج ئالغانىنىڭ ئۈستىگە قوللىنىلغان چارە، ئۇششاق تىجارەتچىلەرگە بېرىلىدىغان جازا ـ جەرىمانە.
② ئىشرەتنىڭ زاكۇسكىسى — زاكۇسكا رۇسچە ئاتالغۇ بولۇپ، ناتاۋانى رۇسىيىدە تۇرغان مەزگىلدە بۇ ئاتالغۇنى ئۆگەنگەن ھەمدە شېئىر ـ قوشاقلىرىدا قوللانغان.
③ سىڭكو — خەنزۇچە سۆز بولۇپ، «牲口 — ھايۋان» مەنىسىدە.
④ باڭ ـ باڭزا — خەنزۇچە سۆز بولۇپ، كالتەك، توقماق، جازا قورالى.
⑤ چاڭزا — خەنزۇچە سۆز بولۇپ، يەر ـ جاي، ئۆي ـ ماكان، زامان مەنىسىدە.

باج بىلەن قانائەت يوق،
يۈز خىل نامدا پۇل ئالدى.
خانغا كۆرسىتىپ بىرنى،
مىڭنى قوينىغا سالدى.

ئات پۇلى، تاقاق پۇلى،
جابدۇق ۋە قوناق پۇلى.
ئوتۇن، بېدە، سامان پۇلى،
تۆگە كىرا، تاقاق پۇلى.

لەڭ پۇلى، پىيما پۇلى،
مەدىكار، هاشار پۇلى.
قازان، قاسقان، تۇۋاق پۇلى،
گاڭزى[①] غا باسار پۇلى.

دوتەي پۇلى، پوتەي پۇلى،
چاجاڭ[②] پۇلى، چۇشكۇن پۇلى.
گۆش پۇلى، تۇخۇم، جاڭيۇ،
پوجاڭ پۇلى، كەشكۇن[③] پۇلى.

شەتەيگە[④] تاسما[⑤] پۇلى،
تەتەيگە ئوسما پۇلى.
ئاشنىسىغا قۇيما ئۈزۈك،
نەۋرىسىگە پوسما پۇلى.

كەتتى هالىدىن پۇقرا،
يۈرەكلەردە زەرداب قان.
يېگىنى زەهەر — زوقۇم،
تۇمشۇقتا تاقالدى جان.

«ئۇها!» دېسەك جىگەر لەختە،
تۆكۈلىدۇ قان سەپرا.
ئادەم رەڭگىدىن كەتتۇق،
هەريانىدىن تېگىپ پەشۋا.

---

① گاڭزى — جازا قورالى.
② چاجاڭ پۇلى — مەخسۇس كۈتۈۋېلىش پۇلى، ئالدىغا چىقىش پۇلى.
③ كەشكۇن پۇلى — ئالۋان ـ ياساق، زۇلۇم ـ سېيىسىگە چىدىماي، سازايى قىلىنىغانلارنىڭ ئاغزىغا سالىدىغان كويزا، بۇمۇ ئەينى يىللاردا بىر خىل جازا قورالى ئىدى هەم باج ئېلىناتتى.
④ شەتەي — هەربىي ئەمەلدار.
⑤ تاسما — باغلايدىغان تاسما، كەمەر.

زالىمغا ئويۇن بولدى،
پۇقراغا زۇلۇم بولدى.
يۇرتنى قاپلىدى ماتەم،
شىۋىرغان ـ جۇدۇن بولدى.

قانخور دەستىدىن پۇقرا،
ئىسسىق ئۆيىدىن سەرسان.
ئايرىلىپ ئانا يۇرتتىن،
كەتتى قاڭقىشىپ ھەريان.

ئايرىلدى ماكانىدىن،
قىلغان كەسپى ـ كارىدىن.
ئۆمۈرلۈك قەدىردانى،
ۋاپادارى ـ يارىدىن.

مەيلىمۇ ئانا تۇپراق،
خارلانسا، خاراب بولسا؟
ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان،
بالىغا ئازاب بولسا؟

بۇ يەڭلىغ ئوقۇبەتكە،
چىدىماس ئادەم زاتى.
يۇلقۇنار قۇش جىنىدا،
زەخىملەنسە قاناتى.

بولدىلەر تامام پۇقرا،
يامۇلنىڭ قارا قۇلى.
تۆككەن قان قىساسىدىن،
گۇم بولغاي بىر كۈن ئۇلى.

# 24 ـ باب
# قەمبەرخانىم ھەققىدە قوشاق

ھازىرقى زامان ئۇسسۇل پېشۋاسى، ئۇسسۇل مائارىپچىسى، مەشھۇر ئۇسسۇلچى قەمبەرخانىم 1922 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ئاۋات يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1994 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

قەمبەرخانىم كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، سەھنىلەردە ئويناپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 1927 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئۆزبېكىستان بالېت مەكتىپى ۋە موسكۋا مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئالغان ھەمدە تاشكەنت قىزىلبايراق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىدا يالغۇز ۋە باشلامچى ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئارتىس بولۇپ ئىشلىگەن. موسكۋادا ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇلى «نىم پەدە»نى ئورۇنداپ، رۇس خەلقىنى تاڭ قالدۇرغان. 1942 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، شىنجاڭ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدا، سانائىي نەفىسەدە ئىشلىگەن. سىڭلىسى گۈلبەھرەم بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، تاماشىبىنلارغا زوقمەنلىك ئاتا قىلغان. 1947 ـ يىلى شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى تەركىبىدە نەنجىڭ، شاڭخەي، خاڭجۇ، لەنجۇ، تەيۋەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سەييارە ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ، «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىزىلگۈلى»، «شىنجاڭدىكى مېي لەنفاڭ» دېگەنناملارغا ئېرىشكەن ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەخمەتجان قاسىمى تەرىپىدىن ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئازادلىقتىن كېيىن، داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئوقۇپ، ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرغان. سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ، شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، زور تۆھپىكارلىقتا سەنئەت شاگىرتلىرىنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ ئۆمرىدە ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش تارىخى، نەزەرىيىۋى قاتلىمىنى قېزىش ۋە دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش يولىدا قان ـ تەر ئېقىتىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇسسۇل خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

«قەمبەرخانىم ھەققىدە قوشاقلار» ـــ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۇزۇن تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان.

قەمبەرخانىم، قەمبەرخانىم،
بويلىرى زىلۋا.
قەمبەرخانغا كۆز تىكمىگەن،
بۇ يۇرتتا كىم بار؟

قەمبەرخانىم چېچەن ئايال،
يۈرىكى قاپتەك.

«دوزىخى» بۇ دېگەنلەرنىڭ،
يۈزلىرى داپتەك.

قەمبەرخانغا ئاچ بۆرىدەك،
موللام قارايدۇ.
ئويۇن قويسا ئۇيۇشمىدا،
يوچۇق مارايدۇ.

قەمبەرخانىم ئۇسسۇل ئويناپ،
قويغاندا ئويۇن.
موللا، ئىشان، سوپىلىرىم،
تولغايدۇ بويۇن.

قەمبەرخاندىن بۇ يۇرت خەلقى،
بولىدۇ رازى.
ئەپلاتوننىڭ زەنجىرىدەك،
ئۈزىدۇر قازى.

قەمبەرخانىم كىيىۋاپتۇ،
قامىدىن تۇماق.
قەمبەرخانىم غۇنچە بويلۇق،
قىلىقى ئوماق.

## 25 ـ باب
## ئىسلام بېگىم ھەققىدە قوشاق

ئىسلام بەگ ــ قۇمۇل دىيارىدىن چىققان خەلق قەھرىمانى. ئۇ ياش ۋاقتىدا چامباشچىلىقنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئەل ئارىسىدا «ئۇستا چامباشچى» دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغانىدى. ئۇ كەمبەغەل ـ يوقسۇللارغا خەير خاھلىق قىلغىنى ئۈچۈن، قۇمۇلنىڭ ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن، سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتەتتى. ئىسلام بەگ ۋاڭ ئوردىسىدىكى چېرىكلەر بىلەن بولغان كۆپ قېتىملىق ئېلىشىشلاردا چەۋەندازلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئوردا چېرىكلىرىنىڭ جاجىسىنى بەرگەنىدى. ئۇ قارا تاغدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئېلىشىشتا، دۈشمەنىنىڭ كۆچى زور كېلىپ قېلىپ قولغا چۈشكەن ۋە قاراتاغدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. بۇ قوشاق ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئەجەب ياخشى ئەر ئىدى،
ئىسلام بېگىم يۇرت ئارا.
خالايىققا داڭ ئىدى،
چەۋەندازلىق ـ چامباشتا.

تاغ سۈيى تۆۋەن ئاقۇر،
تاشلارنى تاشقا چاقۇر.
ئىسلام بەگنى كەلدى دەپ،
داپلارنى داپقا چاقۇر.

ئاخشام كەلگەن تۆت ئاتلىق،
تۆتىلىسى بوز ئاتلىق.
تۆتەيلەننىڭ ئارىسىدا،
ئىسلام بېگىم سۇمباتلىق.

باغداش تېغى دېگەن جاي،
خويمۇ كاتتا جاي ئىدى.
چامباشچىلىق ھۈنىرىگە،
ئىسلام بېگىم باي ئىدى.

قاراتاغنىڭ كەينىدە،
تارام ـ تارام سۇ ئاقۇر.

ئىسلام بېگىم چەۋەنداز،
قىلىچ بىلەن باش چاپۇر.

ئىسلام بېگىم قوپسىلا،
قىلىچلىرىنى ئالسىلا.
دۈشمەن بېسىپ كەلگەندە،
غەزەپ بىلەن چاپسىلا.

ئىسلام بېگىم جەڭ قىلدى،
ئاتلىرىنى ئوينىتىپ.
غازى بولۇپ كېلەرئۇ،
غەلىبە ـ نۇسرەت بويلىتىپ.

ئىسلام بېگىم جەڭ قىلدى،
ھەممىسىنى تەڭ قىلدى.
مەن ـ مەن دېگەن چېرىكنى،
لەختە ـ لەختە قان قىلدى.

ئىسلام بېگىم جەڭ قىلدى،
باتۇرلارنى تەل قىلدى.
قارا باشنى بىر ـ بىر ئېپ،
چېرىكلەرنى ئەل قىلدى.

ئەل قىلدىيۇ ـ ئەل قىلدى،
دوستلىرىنى دەل قىلدى.
چېرىكلەرمۇ تىنچ ياتماي،
ئىسلام بەگكە قەست قىلدى.

ئىسلام بېگىم چېرىككە،
باتۇرلارچە ئېتىلدى.
ياۋنىڭ كۈچى زور كېلىپ،
ئەلنىڭ كۈچى چېچىلدى.

ئىسلام بېگىم تۇتۇلدى،
قايناق جەڭدە ئۇتۇلدى.
تۇتۇۋالغان كىم ئىدى؟
ئاقىۋەتتە ئۇقۇلدى.

ئىسلام بېگىم يېتىپتۇ،
يېنى يەرگە پېتىپتۇ.
ئاغزىنى ئاچ، سۇ بېرەي،
تاماقلىرى قېتىپتۇ.

ئىسلام بېگىم پوتىسى،
خويمۇ كاتتا پوتادۇر.
قاراتاغنىڭ كەينىدە،
قانغا بويىلىپ ياتادۇر.

قىلىچ بىلەن ئىسلام بەگ،
ياۋغا قارشى ئېتىلدى.
ئۆزى ئۆلۈپ نام قالدى،
قوشاقلارغا قېتىلدى.

ئىسلام بېگىم كەتتىلەر،
ئارمان بىلەن دۇنيادىن.
ئورنى جەننەت بولسۇن دەپ،
بىز تىلەيمىز خۇدادىن.

## 26 ـ باب
## تۇرداخۇن شاڭزۇڭ ھەققىدە قوشاق

تۇرداخۇن شاڭزۇڭ ــ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكەن بىر مەرد، ئابىرويلۇق ئادەم بولۇپ، مەھەللە ـ كوچىلارنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئادىل ئىش بېجىرىپ، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. بۇ قوشاق ئەنە شۇ ۋاقىتتىكى ئاۋام خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى ئۈرۈمچىنىڭ خەلق تۇرمۇش ئەھۋالى، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم رول ئوينايدۇ.

ئات مىنگەننىڭ قولىدا،
باردۇر قامچىسى.
بەگ بولغاندىن ياخشىدىن،
باردۇر قانچىسى؟

پۇلى بارلار جاڭجۇن① بولدى،
ئۆيى بار فاڭدۇڭ.②
يۇرتىمىزدىن چىقتى بىر مەرد،
تۇرداخۇن شاڭزۇڭ.

تۇرداخۇنغا جىمى خەلق،
قىلىدۇ سالام.
ئامان ـ ئېسەن بولغايلا دەپ،
ئوقۇيدۇ كالام.

* * *

تۇرداخۇن ئۆزى ئوڭلۇق،
قىلمايدۇ پەقەت توڭلۇق.
پايدا تەگسە تەگكەندۇ،
زىيىنى يوق بىر پۇڭلۇق.

سىپىل بويىدا خەندەك،
يامۇلدا تولا تەنتەك.
بىگۇناھلار قامالسا،
كۆز ياش ئاقىدۇ سەلدەك.

---

① جاڭجۇن ــ گېنېرال، ھەربىي ئەمەلدار مەنىسىدە.
② فاڭدۇڭ ــ ئۆي ئىگىسى، ئۆي خوجايىنى.

ئۆينىڭ ئارقىسى خامان،
لەپ ـ لەپ ئۇچىدۇ سامان.
مۇرەببەمنى قۇتقۇزغان،
تۇرداخۇن دېگەن پالۋان.

بالىلىرىمنىڭ ئاتىسى،
ئادەملەرنىڭ كاتتىسى،
خىش ئۇستىگە خىش تىزىپ،
ئۆي سالىدۇ قالتىسى.

شېڭ دۇبەنگە ئۆي سېلىپ،
چۆرىسىگە تام قىلىپ.
بەرگىن — دېسە — ھەققىمنى،
قامىدى قولغا ئېلىپ.①

جاڭگالدا تولا قامقاق،
قۇملۇقتا ئۆسەر يانتاق.
ئەمگەك قىلىپ پۇل دېگەننىڭ،
بولامدۇ ھالى شۇنداق؟

شەھەر ئەتراپى زەيلىك،
بۇ دەردلەرگە نېمە دەيلىك؟
بىگۇناھلار قامالسا،
تۇرداخۇننى ئىزدەيلىك.

① قولغا ئېلىش — شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلىپ يۈرگەن مەزگىلدە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق قوشاقچىسى شازادىخان ئانىنىڭ ئېرى ئۆمەر ھاجىمنى دائىرىلەر ئىشخانا ئورنىنى سېلىشقا بۇيرۇغان. ھاجىم ئىش ھەققىنى سورىغاندا، شېڭ شىسەينىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنى 56 كۈن قاماپ قويغان. ئاخىرى تۇرداخۇن شاگىرتۇڭ كېپىل بولۇپ ئۇنى قاماقتىن ئېلىپ چىققان.

# 27 ـ باب
# ئانار قىز پاجىئەسى ھەققىدە قوشاقلار

ئەينى يىللىرى ماتىتەي قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ناھايىتى زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن. ئۇ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن قىز ـ ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلغان. ئانار قىز ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ئانار قىز قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى بەختىۋاي ما تىتەينىڭ خانىبرىق ئۆستىڭىگە ياساتقان تۇگمەنلىرىگە تاش كەلتۈرۈش ئالۋان ـ سېلىقىغا ھەيدىلىپ، «ئېتىم چاغرى» دېگەن يەردە ئىشلەۋاتقاندا، تۇگمەن تېشى قومۇرۇش جەريانىدا تاغ گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇنى بېسىۋېلىپ ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئانىسى سارىخان يېتىم قالغان ئانار قىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، ئەقىللىق، ئىشچان قىز بولغاچقا، يۇرتتىكى نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. شۇ يىگىتلەر ئىچىدىكى روزى باتۇر دېگەن بىر يىگىت ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن مۇھەببەتلىشىپ، ئۇنى ئەمرىگە ئالماقچى بولغان. دەل شۇ پەيتتە، بۇ يۇرتتىكى بىر بەگ «ئانار قىزنى ما تىتەيگە ئىنئام قىلسام، بۇ تۆھپەم بەدىلىگە مەنسىپىم تېخىمۇ يۇقىرى ئۆسىدۇ» دېگەن يامان نىيەت بىلەن، ئۇنى ئالداپ، ساۋخۇ قەلئەسىگە ئېلىپ بېرىپ، ما تىتەيگە ئىنئام قىلغان. ما تىتەي بۇ بەگكە يېڭىسارنىڭ پاششاپلىق ئەمىلىنى ئاتا قىلغان. شۇ كۈنلەردە روزى باتۇر سۆيگىنى ئانار قىزنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ما تىتەينىڭ ئوردىسىغا بېسىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، كېچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ چوماقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قېلىپ، يامۇلغا قامىلىپ قالىدۇ ۋە ئاخىرى ما تىتەي تەرىپىدىن «ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل» دەپ تۆھمەت قىلىنىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. لېكىن، ئانار قىز ماتىتەي ئوردىسىدا ناھايىتى نۇرغۇن دەرد ـ ئەلەملەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئوردىدىن ئىككى قېتىم قاچىدۇ، تۇتۇلۇپ قېلىپ قاتتىق جازالىنىدۇ. ئۇ ئوردىدىن ئۈچىنچى قېتىم قېچىپ چىقىپ، ياشاشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالىدۇ. بىچارە ئانىسى سارىخان قىزىنىڭ دەرد ـ ئەلەمدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، نالە ـ پەرياد ئۇرۇپ يىغلايدۇ ۋە ئاخىرى قىزىنىڭ قەبرىسىدە جان ئۈزىدۇ. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ 11 ئاي ئۆتكەندە ما تىتەيگە ئەجەل ئوقى بېشارەت بېرىدۇ. ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ، پېتىشالماي يۈرگەن مىللىتارىست ماشاۋۇ ياڭ زېڭشىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ما تىتەينى قولغا ئېلىپ، 1924 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. ما تىتەينىڭ جەسىتى بىرقانچە كۈن شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. خەلق ماتىتەيگە نەپرەتلىنىپ، بۇ توغرىدا نۇرغۇن قوشاقلارنى ئىجاد قىلىدۇ.

«ما تىتەي ۋە ئانار قىز پاجىئەسى ھەققىدە قوشاقلار» ئەنە شۇ تارىخىي شارائىتتا يۈز بەرگەن. بۇ قوشاقلاردا ئانار قىزنىڭ روزى باتۇر بىلەن بولغان ھەقىقىي مۇھەببىتى ۋە بۇ مۇھەببەتنى قوغداش يولىدىكى قەيسەر روھى، ما تىتەينىڭ قىز ـ ئاياللارنى خارلاپ زۇلۇم سالغان ئەكسىيەتچى ئەپت ـ بەشىرىسى ناھايىتى روشەن، تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ قوشاقلار فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ ئىسيانكارلىق روھىنى، ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يېڭىسار خەلقىنىڭ ئانار قىز ھەققىدە توقۇغان قوشىقى:

ئانار قىز چىرايلىق، جامالىدا نۇر،
ھايالىق، ۋاپادار، ساداقەت زوھۇر.

ئانىسىغا مۇشىپىقتۇر، ئانار قىز ئەجەب،
خۇي ـ خۇلقى، ئەخلاقى تامامىي ئەدەپ.

يۈزىدۇر قىپقىزىل ئەتىرگۈل پورەك،
چېچەندۇر، كۆڭلى نازۇك، ئاجايىپ زېرەك.

بويى تال چىۋىقتۇر يېشىل نوتىدەك.
چىشلىرى ئۈنچىدۇر، لېۋى شاتۇتىدەك.

ئوماق يۈز، خۇمار كۆز، قارا قاشلىرى،
يېيىلغان مۇرىسىگە ئۇزۇن چاچلىرى.

بېشىدۇر چىلگىدەك، كېلىشكەن بۇرۇن،
ئىش قىلار ئويلاپ، سۆزىدۇر ئورۇن.

قولىدۇر مىسالى يىپەكتىن سىلىق،
بېلى بىر سىقىمچە، تېنىدۇر بېلىق.

ئەگەردە كۈلسە خۇش خۇلقىدىن نازلىنىپ،
ئۇنى كۆرسە كىم بولاركى، مۇھەببەتكە غەرق.

ئانار قىز ئوردىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كۈنلەرنى دەرد ـ ئەلەم، خارلىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئاۋام خەلق بۇ ھەقتە مۇنداق قوشاقلارنى ئىجاد قىلغانىدى:

ئانار قىزغا بۇ ئۆي بولدى بىر دوزاخ،
نازارەت ئاستىدا قويۇلدى تۇزاق.

قىلدى ئۆلۈمنى ئانار قىز تەلەپ،
قېچىشنىڭ يولى ئەمدى بەك ئۇزاق.

كېچەيۇ ـ كۈندۈز تەنە ـ دەشنام كۆپ،
يىغلىتار ئۇنى مەسخىرە ـ مازاق.

ئاسماقچى بولدى ئۆزىنى ئانار،
چىقمىدى خالىي يەر يا بىرەر قازناق.

زەھەر ـ زوقۇمدۇر بۇندا يېگەن قەنت،
مەھكۇم ياشاشتىن ئۆلۈم ئەلاراق.

ئانار قىزنىڭ ئانىسى سارىخاننىڭ قىزنىڭ دەرد ـ پىراقىدا يىغلاپ يۇرۇپ توقۇغان قوشىقى:

قايدىن تاپۇرمەن جانىم ئانارىم،
نە بولدى ھالىڭ كۆزى خۇمارىم.

سەندىن ئايرىلىپ چۈشتى جۇدالىق،
ئەي مېھرىبانىم، جان غەمگۇزارىم.

ھىجرىڭ پىراقى ئۆرتەر جېنىمنى،
غۇنچە ئاچمىغان ئەي گۈل باھارىم.

دەردىڭدە تارتتىم بىر يىل ئەلەمنى،
يوقتۇر بۇنىڭغا سەۋرى ـ قارارىم.

يولۇڭغا تەلمۇرۇپ كېچەيۇ كۈندۇز،
كۆزۈم تېشىلدى ئەي كۆز قاراقىم.

مىسكىن تېنىمگە بەرگەن ھالاۋەت،
سەن قايدا بولدۇڭ ئەي يادىكارىم؟

سەنسىز جاھاندا غۇربەت بىلەن خار،
بولدۇم رەپىقسىز، يوق ئېتىبارىم.

قايدىن تاپارمەن باسقان ئىزىڭنى،
شۇل يەردە ئۆلسەم، كۆمسە مازارىم.

ئىزدەپ يۇرۇرمەن قايدادۇر جىسمىڭ،
يالغۇز قوزامسەن، ۋاي خاكسارىم.

كەتتىڭمۇ ياكى دۇنيا يۈزىدىن،
جانىم ئانار قىز سەن تاجدارىم.

بولماس جاھاندا ھېچكىم مېنىڭدەك،
يادىم سېنىڭدە بۇ ئاھۇ زارىم.

خۇنۇڭغا زامىن بولسا بالاخور،
ئالغاي جېنىمنى ھەق، بېرەي بارىم.

داداڭ غېرىبمۇ قەيەردە ئۆلگەن،
ۋاي بەختىۋاي سەن، ۋاي روزىغارىم.[1]

ئانار قىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئۇنى ئەسلەپ توقۇغان قوشىقى:

ئانار قىزنى مەجبۇرىي تۇتۇپ تۆھپىگە،
سولاپ بەردى مەلئۇن، تاۋار كۆرپىگە.

ئانار قىز قىساسى بۇ مەلئۇنغا ھەق،
لەنەت قىلدى ئۇنىڭغا جىمىكى خەلق.

ماتتەينىڭ رەزىل قىياپىتى ھەققىدە ئاۋام خەلقىنىڭ توقۇغان قوشىقى:

قېرى، پاسكىنا، كۆكيۆتەل، سەت، رەزىل،
تۈگىمەس يامانلىق قىلىپ نەچچە يىل.

يۈزىدە قېنى يوق، بوغۇملۇق چايان،
ئىچىدە زەھىرى كۆپ، بېشى تاز يىلان.

ئېڭەكلىرى ئۇنىڭ يۈزىدىن ئېگىز،
بۇ تازنىڭ كۆزى يا چېكىت، يا بىگىز.

سېسىق ياغدا پىشقان مونەك باشلىرى،
كى بىر يەردە تۇرغان كۆزى، قاشلىرى.

بېشى يالتىراقتەك قىلۇر، قار ياغار،
تۈلۈم گەدىنىدە يىرىك تۈكمۇ بار.

تاماق يېسە ماكماك قىلىدۇ شالى،
ماغزاپقا تولىدۇ چاشكا، پىيالى.

پاناق بۇرنىدىن پوتلا، زەرداب ئاقار،
كۆزىدىن داۋاملىق چاپاقلار چىقار.

چىشى يوق، بۇرنى ئېپىق ئاغزىدەك،
قاپاق، مەڭزى ئۇششۇق قاپاق لازىدەك.

ماڭسا، تۇرسا مايمۇن سۈپەت دوڭغىيار.
قاچانكى ماڭسا مەلئۇن سۇرەت قىڭغىيار.

---

① ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىم: «ماتتەي ۋە ئانار قىز پاجىئەسى»، 2002 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.

هاياتىدۇر ئۇنىڭكى داۋاملىق هاراق،
هاراق ئىچمىسە كۆزىدىن يوقىلار قاراق.

ما تىتەينىڭ زۇلۇمى ھەققىدە ئاۋام پۇقرالارنىڭ توقۇغان قوشىقى:

ئىشلە باللار ئىشلە،
جاننىڭ بارىچە ئىشلە.
ئىشلەپ ئاشنى بىز تاپساق،
داشۇجيا خېنىم [1] چىشلە.

يىللار بويى ئىشلەيمىز،
سوقا بىلەن تۈگمەنگە.
بىرئاز ئارام ئالساق بىز،
ئۇرىدۇ چېرىك بەڭگى.[2]

كېچىلەردە يول يۈردۇق،
قار - يامغۇر شىۋىرغاندا.
ئانام كۆرۈپ يىغلايدۇ،
پۇتلىرىم قاپارغاندا.

تۈگمەن تېشى كۆتۈرۈپ،
هاردۇق يەتسە چوڭ سايدا.[3]
هامان ئۇرغىنى ئۇرغان،
پۇت - قولۇمغا بازغاندا.[4]

بۇرنۇم قانىدى دوستلار،
خار ياغاچ كۆتۈرگەنچە.
ھەيدەپ ئۇرار گوەندەي،[5]
قوۋۇرغام كۆكۈرگەنچە.

يىغلاپ يالۋۇرۇپ تۇرساق،
«ئۇششۇق - مۇتتەھەم» دەيدۇ.
رەھىم قىلار ھېچكىم يوق،
بېگىم پارىنى يەيدۇ.

① داشۇجيا — چوڭ خوجايىننىڭ خېنىمى.
② بەڭگى — ئەپيۇنكەش چېرىك.
③ چوڭ ساي — يېڭىسارنىڭ غەربىدىكى چوڭ ساي.
④ بازغاندا — تۆمۈر كالتەك.
⑤ گوەندەي — نازارەت قىلغۇچى چېرىكلار، ئەمەلدارلار.

ئىشلە، باللار ئىشلە،
يىغلىغان بىكار ئىكەن.
ئانىسى تۇغۇپ قويسا،
تىتەي①گە چاكار ئىكەن.

ما تىتەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، قىمارۋازلىق، پاھىشىۋازلىق، ئەپيۇنكەشلىك، پارىخورلۇق، ئوغرىلىق قاتارلىق ناشايان ئىشلار ئەۋجىگە چىققانىدى. ئەينى يىللاردا بۇ ھەقتە مۇنداق قوشاقلار توقۇلغانىدى:

چېرىك يېتىلەپ يۈرگەن
بەش - ئالتىدىن ياڭگاڭزا.②
«نان» دېسە سۈرۈپ قوغلاپ،
ئۆلگۈچە ئۇرۇپ گاڭزا.③
سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلگەن،
جۇۋان باللا باڭگازا.④
شوپاڭدا ئىچىپ ياتقان،
كوبروسى بىلەن لاڭگازا. ⑤
ھەر كۈندە چېكەر ئەپيۇن،
خوتۇنى بىلەن بەش باڭزا.⑥

---

① تىتەي — ما تىتەي.
② ياڭگاڭزا — خوتۇن.
③ گاڭزا — جازا قورالى.
④ باڭگازا — كېلىشكەن.
⑤ لاڭگازا — ئىككىيلەن هاراقنى تۆگى بىلەن كۆتۈرۈپ ئىچىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇش.
⑥ بەش باڭزا — چېكىشكە تەييارلانغان بەش پىلتە ئەپيۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## 28 ـ باب
## غازى بەگ ھەققىدە قوشاق

غازى بەگ ـــ بىر تارىخىي شەخس. غازى بەگ ھەققىدىكى قوشاقلار ئونسۇ ناھىيىسىدە خېلى كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى.

غازى بەگ ـــ ئاقسۇلۇق بولۇپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان، دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، كېيىنچە يۇرتقا بەگ بولۇپ، ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن يۇرت باشقۇرۇپ، خەلققە پايدىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان، ناھەقچىلىككە نارازى بولۇپ، چىڭ خاندانلىقى ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلۇم، سىياسەتلىرىنى ئاشكارىلاپ ۋە قامچىلاپ، يۇرت خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. نەتىجىدە، بەزى مۇتەئەسسىپ مولللارنىڭ كۆرەلمەسلىكى بىلەن، «يامانلارغا يانتاياق بولدى» دېگەن بەتنام چاپلىنىپ، يامۇلغا قامالغان ۋە ئاخىرى زىنداندا چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

«غازى بەگ ھەققىدە قوشاق» ـــ ئەينى دەۋردىكى ئاقسۇ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىشتە، ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچىلەرنىڭ سىنىپىي مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىشىك ئالدى سۆگەتلىك،
غازىڭى شالدۇر ـ شۇلدۇر.
غازى بەگ ماڭار بولسا،
پۇتىدا جالدۇر ـ جۇلدۇر.

غازى بېگىم پالاندى،
شەن يامۇلغا① سولاندى.
غازى بەگنىڭ قارا ئېتى،
دۈشمەن قولىدا باغلاندى.

غازى بېگىم رەھمەتلىك،
ئىچكەن سۈيى شەربەتلىك.
ئارماندا ئۆلۈپ كەتتى،
غازى بەگ قىلىپ مەردلىك.

غازى بەگ ئۆزى موللا،
قوينىدا كالامۇللا.
غازى بەگنى چاپتۇرغان،
قارايۈز ئىنايەت موللا.

① شەن يامۇل ـــ ناھىيە يامۇلى.

## 29 ـ باب
## خاتۇڭلىك ھەققىدە قوشاق

خاتۇڭلىك — ئەسلىي ئىسمى قادىر. ئۇ قۇمۇلدىن چىققان ئادەم بولۇپ، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆ ـ كۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. خاتۇڭلىك قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىننىڭ ئەكسىيەتچى سىياسەتلىرىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، ئىلغار پىكىر ـ لىك كىشىلەرگە تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، ياڭ زېڭشىنغا چېقىپ، سىياسىي دەسمايىگە ئېرىشكەن. بۇ قوشاق ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ياڭ زېڭشىننىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىك ـ تۈرۈپ، رەزىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكىنى روشەن سۈرەتلىگەن.

«خاتۇڭلىك ھەققىدە قوشاق» — 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئەھۋا ـ لىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

قۇمۇلدىن چىققان قادىر،
ياڭغا يارىدى.
تىمىسقىلاپ كېچە ـ كۈندۈز،
ئىشىك مارىدى.

ئۇ ئۇنداقچى، بۇ مۇنداقچى،
ياڭغا[1]توشۇپ گەپ.
ئۇزۇن ئۆتمەي «خاتۇڭلىك»،
ئالدى چوڭ مەنسەپ.

ۋۇجاڭدەي[2]نى ئېسىپ قويدى،
بەرمەي تاپانچى.
سوك ـ سوك ئىتتەك چېپىپ يۈردى،
بولدى چاپانچى.

تۇڭلىك[3] دېگەن چېرىكلەرنىڭ،
چوڭ بىر بېشىدەك.
«زىۋازى»[4]نى ئۇجۇقتۇرۇش،
ئۇنىڭ ئىشىدەك.

خاتۇڭلىكنىڭ چېرىكلىرى،
ساپلا قىمارۋاز.

---

① ياڭ — ياڭ زېڭشىن.
② ۋۇجاڭدەي — قورال ـ ياراغ ئاسىدىغان كەمەر.
③ تۇڭلىك — ئەسكەر بېشى.
④ زىۋازى — «ئوغرى». ئەينى ۋاقىتلاردا ياڭ زېڭشىنغا قارشى تۇرغان ئىسيانكارلارنىڭ ھەممىسىگە «زىۋازى» دەپ تۆھمەت چاپلىناتتى، بۇ شۇ ئىشنى كۆرسىتىدۇ.

يەپ ـ ئىچىشى بەكمۇ يوغان،
توخۇ بىلەن غاز.

ياڭ دەيدىكەن خاتۇڭلىڭنى،
«مېنىڭ قانتىم.
ئۇ بولمىسا قولدىن كېتەر،
تەخت ـ ئامىتىم».

تەڭرى ـ ئاللا، ئۆزۈڭ ساقلا،
بالا ـ قازادىن.
بەتنىيەتلەر قۇتۇلمىسۇن،
ئەسلا جازادىن.

# 30 ـ باب
# ئاقۇوزا مىراب بېگىم ھەققىدە قوشاق

«ئاقۇوزا مىراب بېگىم ھەققىدە قوشاق» ــ ئىلى رايونىدا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇ قوشاقتا 2000 ھاشارچى ـ مەدىكارغا باش بولغان ئاقۇوزا مىراب بەگنىڭ كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان.

ئاقتاملىق[1] تۇتۇپ بەردى،
مىنىشكە ئۇلاغىنى.
ھۇسەن[2] مەزىن كېسىپ بەردى،
ئۆستەڭگە قۇلاقىنى.

ئۆستەڭ چاپقان ھاشاردا،
سىدىقنىڭ[3] قاشارى بار.
ئاقۇوزا بېگىمنىڭكى،
ئىككى مىڭ ھاشارى بار.

كەچ كىردى كۈن ئولتۇردى،
بوغۇز، يەم ئېتى كەلدى.
ئاقۇوزانى تۇتتى ــ دەپ،
يامۇلدىن خېتى كەلدى.

ئەتىياز ـ ياز بولغاندا،
ياش باللار خوك تاشى.
ئاقۇوزا بېگىمنىڭكى،
ئەللىكبېگى يولداشى.

---

① ئىلىدىكى جاي ئىسمى.
② ③ ئادەم ئىسملىرى.

## 31 ـ باب
## قاسىم پالۋان ھەققىدە قوشاق

«قاسىم پالۋان ھەققىدە قوشاق» چىڭ خانىدانلىقى ئىلى سۇلتانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئىلىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق تارىخىي ۋەقە بىلەن باغلىنىشلىق.

ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھىرىدە قاسىم دېگەن بىر ئاق كۆڭۈل، مەرد كىشى ياشىغان بولۇپ، ئۇ ھالال مېھنىتى ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنى بېقىپ كەلگەن. ئۇ شۇ يىللاردا غۇلجىدا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، قەھرىمانلىق ـ باتۇرلۇق ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. لېكىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئۇنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلىق روھىدىن قورقۇپ، ئۇنى يامۇلغا سولاپ، بەدىنىگە گۈڭگۈرت يېقىپ، ئازابلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئىجاد قىلىنغان.

ئىشكىنى ئاچتى لوزۇڭ،
شەنگەن چىقتى جوزىغا.
يايىسى ياندا تۇرار،
ئوخشايدۇ جۇۋازىغا①.

قۇتراپ چاپتى يايىلار،
چىرايى ئوخشار يۇندىغا.
بىگۇناھ قاسىمكامنى،
تاشلىدى زەي گۇندىغا.

يايى تۇتقان تۇتقۇنىنىڭ،
تارتقىنى جەبىر ـ جاپا.
لېكىن، بېشىنى ئەگمىدى،
چوڭ پالۋان قاسىم تاغا.

باستى ئۇنى يايىلار،
چىقماس قىلىپ گاڭزىغا.
گۈڭگۈرت ياققان بەدەنىدىن،
ئوتنى ئالدى غاڭزىغا.

① جۇۋازى ـــ چوشقا كۈچۈكى مەنىسىدە.

ئۈنى ئاز دەپ سانجىپ زىخ،
ئىڭرىغان بىچارىغا.
ئۈلاشتى شۇ دەرد ـ جازا،
ئەتىكى كۈن تاڭلىغا.

قاسىم پالۋان بەدىنى،
كۆيۈك ناندەك چېكىلدى.
چاچراپ چىققان قىزىل قان،
مويتۇڭزىغا چېچىلدى.

شۇ بىر ئۆلۈم ۋەجىدىن،
مۇشۇ قوشاق يارالدى.
ئىلىغا ـــ كەڭ زېمىنغا،
قىساس ئوتى تارالدى.

## 32 ـ باب
## توختاخۇن ھەققىدە قوشاق

توختاخۇن ــ ئەينى يىللاردا قۇمۇلدا ياشىغان ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان دېھقان بولۇپ، ياخشى ئىش ـ ئەمەللىرى ئارقىلىق خەلق ئاغزىدا ماختىلىپ كەلگەن. قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇ يوقىلاڭ گۇناھلار بىلەن ئەيىبلىنىپ، نومغا پالانغان. گۇندىپايلار ئۇنى قاتتىق سوئال ـ سوراق قىلىپ، ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ، باش ئەگدۇرەلمىگەندىن كېيىن، زىندانغا سولىتىۋەتكەن. كېيىنچە توختاخۇن ئامال ـ چارىلەرنى ئىشلىتىپ زىنداندىن قېچىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق، ۋاڭنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇنى قايتىدىن تۇتۇۋېلىپ، زىنداندا قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ قورقماس ئىسيانكارلىق روھى قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، تىللاردا داستان بولغان.

بۇ قوشاقتا ئۆتمۈشتىكى زالىم ۋاڭلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بىر باتۇرنىڭ قەيسەر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يالغۇز جىگدە ئۆستەڭگە،
سېغىزغان قونۇپ سايرىدى.
گاڭ خوجام كايىپ قېلىپ،
پېقىرنى نومغا پالىدى.

نومغا ئەمدى كېتەرمەن،
ھەۋىخان، توقاچ يېقىڭ.
ئۈچ بالام يېتىم قالدى،
خار قىلماي ئەزىز بېقىڭ.

قاراڭغۇ زىندان ئىچىدە،
ياتىمەن ئاھلار ئۇرۇپ.
قانغۇدەك سۇ ئىچمىدىم،
تەنلىرىم كەتتى قۇرۇپ.

قاچتىم ئەجەل زىنداندىن،
ماڭدىم چىغىر يول بويلاپ.
قوغلىدى جېسەكچىلەر،
سۇرەن سېلىپ، ۋارقىراپ.

يېتىۋالسام يۇرتۇمغا،
دىلدا نە ئارمان ئىدى؟
كۆرۈۋالسام بالامنى،
ماڭا كۆپ دەرمان ئىدى.

قومۇشلۇقتا تۇتۇلدۇم،
ئەمدى ھالىم نە بولۇر؟
يالماۋۇز پايلاقچىلار،
مېنى كالتەكلەپ ئۇرۇر···

نومدا مەن ئۆلۈپ كەتسەم،
كۆزۈمنى قۇزغۇنلار چوقۇر.
گاڭ خوجامنىڭ قىلمىشىغا،
پۈتۈن ئەل لەنەت ئوقۇر.

## 33 ـ باب
## رو دارىن ھەققىدە قوشاق

رو دارىن (肉大人) ــ ئەسلىي ئىسمى روزى، ياڭ زېڭشىننىڭ كۇچادىكى ئامباللىرىنىڭ بىرى. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، يۇقىرى قاتلامدىكى يەرلىك بەگ،ئەمەلدار ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپ كۇچلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئەمگەكچى خەلقنى ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانىدى. كۇچادا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان روزىمۇ ياڭ زېڭشىننى ئارقا تىرەك قىلىپ، نۇرغۇن ھىيلە ـ مىكىر ۋە چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، كۇچا خەلقىنى قاقشاتقانىدى. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ دەۋردىكى كۇچانىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بولۇپ، مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئەي رو دارىن، رو دارىن،①
ياڭ زېڭشىنغا «خاۋ» دارىن.②
كۇچالىقنى بابلاشتا،
چارىلىرى دو③ دارىن.

ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشكىنى،
ئالتە چېرىك باقىدۇ.
ئاقىللارنى رو دارىن،
ياڭ زېڭشىنغا چاقىدۇ.

ئېگىكىدە بىر تۇتام،
رو دارىننىڭ ساقىلى.
خۇدا بىزنى ياراتقانمۇ؟
رو دارىننى باققىلى.

كەچتە ماڭسا رو دارىن،
ئەتراپىدا يايىسى.
قان تامىدۇ قىلىچتىن،
ئەگەر چۈشسە سايىسى.

ھەر تامانغا قۇرۇلغان،
رو دارىننىڭ تۇزىقى.
كۆكتات بىلەن زاغرا بولدى،
پۇقرالارنىڭ ئوزۇقى.

---

① رو دارىن ــ روزى ئامبال.
② خاۋ ــ ياخشى.
③ دو ــ كۆپ، نۇرغۇن.

ئۇرۇمچىدە سىپىل كۆپ،
ئەتراپىدا خەندەك بار.
رو دارىنىنىڭ ئارقىسىدا،
چىپىپ يۇرگەن تەنتەك بار.

ئەلگە زۇلۇم سالىدۇ،
ئوغرى بىلەن قىمارۋاز.
ياڭدىن① ئىنئام ئالىدۇ،
بولۇپ تىخى چەۋەنداز.

رو دارىن ـــ دانىخورەك،
بۆشۇكىدە بۆلەنگەن.
كاززاپلىقنى، شۇملۇقنى،
ياڭ زىڭشىندىن ئۆگەنگەن.

① ياڭ ـــ ياڭ زىڭشىننى كۆرسىتىدۇ.

## 34 ـ باب
## ماموت ئاخۇن ھەققىدە قوشاق

«ماموت ئاخۇن ھەققىدە قوشاق» ـــ ئىلىدا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. چىڭ خانىدانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە ئىلىدا ماموت ئاخۇن دېگەن بىر كىشى يۇرت سورىغان. ئاقئۆردىغا چۈشكەن ئامبال ـ لويىلار ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ئالاقە قىلغان. لېكىن، ماموت ئاخۇن ئاق كۆڭۈل، ئادالەتنى ياقلايدىغان، ھەققانىيەتچى ئادەم بولغانلىقتىن، چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزىگە سىغمىغان، ئۇنى ئىلىدىن ھەيدىۋېتىش كويىدا بولغان. يامان ئادەملەر ماموت ئاخۇننى دائىم چىڭ ئەمەلدارلىرىغا چېقىپ، ئۇنى تۇڭگانلار بىلەن قارشى قىلىپ قويغان. چىڭ ئەمەلدارلىرى ئاخىرى ماموت ئاخۇنغا يوق گۇناھلارنى ئارتىپ، ئۇنى ئىلىدىن تۇرپانغا سۈرگۈن قىلغان. بۇ قوشاق ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقەلەرگە ئاساسەن توقۇلۇپ، خەلق ئارىسىدا تارقالغان.

ماموت ئاخۇننى پالىدى،
يىراق تۇرپان شەھىرىگە.
ماموت ئاخۇن قاچان كېلەر،
ئۆزى ئۆسكەن شەھىرىگە؟

دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ،
قاچالمىغان ماموت ئاخۇن.
ياخشى ئېتى بار تۇرۇپ،
چاپالمىغان ماموت ئاخۇن.

ماموت ئاخۇن ھويلىسىغا،
ئۆتكەن ـ كەچكەن قارايدۇ.
يىغلىماڭلار ياش بالىلار،
ئۆلتۈرمەيدۇ، پالايدۇ.

ئىمام ئاخۇن پەرىشتە،
كىمخاب تونىنى كىيىشتە.
يىغلىماڭلار ئىلىلىق،
ماموت ئاخۇن بېھىشتە.

ئاتاڭ يوقمۇ ماموت ئاخۇن؟
ئاناڭ يوقمۇ ماموت ئاخۇن؟

نەچچە ئون يىل شە (هەر) سوراپ،
ئەقلىڭ يوقمۇ مامۇت ئاخۇن؟

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئانار بىلەن ئەينۇلا.
ئاقئۇرداڭغا چۇشۇپتۇ،
ئامبال بىلەن دالويا.①

مامۇت ئاخۇن ئۆزى ئوبدان،
لېكىن، دۇشمەن تۇڭگانغا.
مانجۇلار يامان زالىم،
پالاپ بەردى تۇرپانغا.

① دالويا — چوڭ ئامبال، بەگ مەنىسىدە.

## 35 ـ باب
## خو دىڭباڭ ھەققىدە قوشاق

خودىڭباڭ ـــ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەتنۇر، خو دىڭباڭ ئۇنىڭ لەقىمى بولۇپ، «ياخشى كالتەك» مەنىسىدە. مۇھەممەتنۇرنىڭ ئەسلىي يۇرتى خوتەندىن بولۇپ، كېيىنچە ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئولتۇراقلاشقان. ياڭ زېڭشىن، شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئۇ ساقچى ئەمەلدارى بولۇپ، ئەكسىيەتچىلەر ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بەرگەن. ئاۋام خەلقنى قاقشىتىپ، مال ـ بايلىققا، ئەمەل ـ مەنسەپكە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ غالچىسىغا ئايلانغان. ئۇ شۇ مەزگىلدە يەنە نۇرغۇن ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار ۋە ياخشى ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ، قولى خەلقنىڭ قېنى بىلەن بويالغان. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان. بۇ قوشاق ئەنە شۇ تارىخىي ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئىمىن نىياز① ئىزىدىن
چىقتى بىر تۈلكە.
ئىچىدە جىن قاترايدۇ،
يۈزىدە كۈلكە.

يۇرتى ئۇنىڭ خوتەندۇر،
ئېتى مەمەتنۇر.
«خو دىڭباڭ» دەپ ئاتىدى ياڭ،
نامى بولدى زور.

ئۇچراپ قالسا ئالدىغا،
ھەتتا يوغان پىل.
ھىيلە بىلەن بۇرنىغا،
ئۆتكۈزىدۇ قىل.

قىلتاق قۇرۇپ تۇتالايدۇ،
سەپمەي تۇرۇپ دان.
قان چىقارماي ھىيلە بىلەن،
ئالالايدۇ جان.

① ئىمىن نىياز ـــ ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە «خەن دالويى، نەن فۇشۇ» مەنسەپلىرى بىلەن نام ـ ئاتاققا ئېرىشكەن ھىيلىگەر كىشى.

ياڭ جاڭجۇن① ــ دەپ زىكىر سېلىپ،
قىلىدۇ ھۇ ـ ھۇ.
بۆكنى دېسە باشنى ئېلىپ،
كېلەلەيدۇ ئۇ.

ياڭ ئۆلگەندە كۆز ياش تۆكۈپ،
ئاچمىدى ھازا.
بۇ ئىشىدىن جىن شۈرېنىمۇ،
بولۇپتۇ رازى.

ئاز بولسىمۇ جىن شۈرېنغا،
بولدى ئۇ ئۇلپەت.
پۇقرالارنىڭ باشلىرىغا،
سېلىپ مىڭ كۈلپەت.

كېچە ـ كۈندۈز تىمىسقىلاپ،
ئىشىك مارىدى.
بىر توختىنى تۇتقىن دېسە،
مىڭنى قامىدى.

كېچىلىرى كوچا ـ كويدا،
ئىتلار قاۋايدۇ.
خو دېڭباڭنىڭ غالچىلىرى،
ئىشىك مارايدۇ.

---

① ياڭ جاڭجۇن ــ ياڭ زېڭشىننى دېمەكچى.

## 36 ـ باب
## شاكېپەك ھەققىدە قوشاق

شاكېپەك ــ ئەسلى ئۈچتۈرپانلىق بىر كەمبەغەل دېھقان. ئەينى يىللاردا چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۈچتۈرپاندا تۈرۈشلۈق ئامبىلى سۈچىڭ يەرلىك بەگلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈچتۈرپان خەلقىنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانىدى. شاكېپەك ئەنە شۇ ئېزىلگەن سانسىزلىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارىسىدىكى بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۇ دارىنغا ئەرز قىلغان بولسىمۇ، ئەرزى ئاقماي، ئەكسىچە قاتتىق دۇمبالانغان. بۇ قوشاقتا شاكېپەكنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى بايان قىلىنغان.

شاكېپەكنىڭ سۇدارېنغا ئەرزى بار،
سۇدارېنغا ئۈچ مىڭ تەڭگە قەرزى بار.

بەگ ـ خوجاملار شاكېپەكنى خارلىدى،
كۈنۈم ـ كۈنۈم «سېلىق بەر!» دەپ زورلىدى.

شال تېرىغان شاكېپەك دۇمبا يېدى،
ئوڭدا ياتقان بەگ ـ خوجاملار پولۇ يېدى.

## 37 ـ باب
## سوپى چەندازا ھەققىدە قوشاق

سوپاخۇن — ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ساي مەھەللىسىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئۆتكەن خەلق ـ پەرۋەر ئادەم. ئۇ ئۈرۈمچىدە سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىقتىسادى ئورنى خېلى كۆتۈرۈلگەچكە، خەلق ئارىسىدا «سوپى چەندازا» (پۇلى جىق سوپاخۇن) دەپ نام چىقارغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە تىرىكچىلىك ئۈچۈن چىققان يېتىم ـ يېسىر، مۇساپىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇلارنىڭ دەردىنى تۆكىدىغان «ئاتا»سىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇ ئۆمۈر بويى يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ گېپىنى قىلىپ، زالىملارنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈپ قېلىپ، سەرسان بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ قوشاق ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ساي مەلىنىڭ كوچىسى،
غىچلا تېرەكلىك.
ساي مەلىدە سوپاخۇن،
ئۆستى يۈرەكلىك.

يېتىمچىنىڭ ئاتىسى،
سوپى چەندازا.
مۇساپىرغا پاناھ بولۇپ،
بوپتۇ زىۋازا.①

سوپاخۇننىڭ ئۆيلىرى،
سايىنىڭ بېشىدا.
يېتىم ـ يېسىر، دەردمەنلەر،
ئۇنىڭ قېشىدا.

سوپاخۇننى «ئاتا» دەر،
مۇساپىر باللا.
سوپاخۇنغا جامائەتمۇ،
دەيدۇ ھەشقاللا.

سوپاخۇننىڭ ئۆيىدە،
يوغان ئېتى بار.
سوپاخۇننىڭ ھەر ئىشقا،
پەمى ـ دىتى بار.

① شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچىلىرى سوپاخۇنغا «ئوغرى» دەپ تۆھمەت چاپلىغانىدى.

سوپاخۇننىڭ خوتۇنى،
سۆكسۆك قالايدۇ.
سوپاخۇننىڭ ئىشكىنى،
ئىتلار مارايدۇ.

ئىت قاۋىسا كارى چاغلىق،
توختىماس كارۋان.
ھەممىدىن بەك مارىغان ئىت،
بولاركەن يامان.

*       *       *

دەردمەنلەرگە كۈنۈ - تۈن،
پەرۋان بولغان سوپاخۇن.
يېتىمچىنىڭ دەردىگە،
دەرمان بولغان سوپاخۇن.

شىڭ دۇبەننىڭ قەستىدىن،
سەرسان بولغان سوپاخۇن.
مۇرادىغا يېتەلمەي،
ۋەيران بولغان سوپاخۇن.

ئۆستەڭ چاپسا ياش باللار،
گۈلخان بولغان سوپاخۇن.
قىيان كەلسە دەرياغا،
تۇغان بولغان سوپاخۇن.

نەشتەر بولۇپ زالىمغا،
پالۋان بولغان سوپاخۇن.
دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە،
قۇربان بولغان سوپاخۇن.

# 38 ـ باب
# مەريەمخان ھەققىدە قوشاق

مەريەمخان — ئەسلىدە قۇمۇللۇق ئايال بولۇپ، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن، ئەدەپ ـ ھايالىق، ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. قۇمۇل ۋاڭلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئوردىدىكى بىر ۋاڭ مەريەمخاننى توقاللىققا ئېلىشقا مەجبۇر قىلغاندا، مەريەمخان بۇنى رەت قىلىپ نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن. ۋاڭ مەريەمخاننىڭ ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاپ نومغا پالىتىپ زىندانغا قامىغان. ئۇ زىنداندا ياتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قۇربان ھېيت كېلىپ قاپتۇ. شۇ جايدىكى بىر ئادەم «بۇ مۇساپىرمۇ قۇربانلىق گۆش يېسۇن» دەپ، پىشۇرۇلغان ئىككى تال كالا قوۋۇرغىسىنى يوشۇرۇنچە مەريەمخانغا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. گۇندىپايلار بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قاپتۇ. گۆشنى يەپ ماغدۇرغا كەلگەن مەريەمخان ئۆزى يېگەن كالا گۆشىنىڭ قوۋۇرغىسىنى زىندان تېمىغا تىيەك قىلىپ قويۇپ، زىنداندىن قېچىپ كېتىپتۇ. بىراق، گۇندىپايلار بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى تۇتۇپ ئوردىغا ئەكەپتۇ ۋە ئاخىرىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ ۋەقەلىككە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئاراتۇرۇك خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

«مەريەمخان ھەققىدە قوشاق» — ئېزىلگەن خەلقنىڭ مەريەمخاننىڭ باتۇرلۇق ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە چوڭقۇر قايغۇرغانلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

زىندان تېمى ئېگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گۆرىستان.
ئەرەنلىككە بەل باغلاپ،
شېھىت ئۆلگەن مەريەمخان.

مۇساپىرنى يېسۇن دەپ،
ئىككى قوۋۇرغا تاشلانغان.
مەريەمخان تامنى تېشىپ،
قېچىش ئۇچۇن يول ئاچقان.

زىندان تېمى ئېگىز تام،
مەريەم خېنىم قامالغان.
سوئال ـ سوراق دەردىدىن،
كېچە ـ كۈندۈز قىينالغان.

گۇندىپاي تۇيۇپ قېلىپ،
ئىزىنى بويلاپ قوغلاشقان.

مەريەمخاننى تۇتقاندا،
مايماق تۆگىگە ئارتقان.

مەريەمخاننى ئەپ چىققاندا،
تۆت تەرەپنى توردى.
بېشىنى ئالۇر چاغدا،
«قىبلە قايسى؟» دەپ سوردى.

كەچ بولدى، زاۋال بولدى،
مەريەمخانغا ئۇۋال بولدى.
مەريەمخاننىڭ باشلىرى،
نامازشامدا جۇدا بولدى.

نومىنىڭ يولى ئۇزۇن ساي،
يوللىرىدا توغراق بار.
مەريەمخاننى ئۆلتۈرگەنگە،
ئاخىرەتتە سوراق بار.

## 39 ـ باب
## شېرىپ بوجاڭ ھەققىدە قوشاق

شېرىپ بوجاڭ — خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدە ئۆتكەن بىر خەلقپەرۋەر ئادەم.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىرا ناھىيىسىنىڭ ئون فۇلۇ دېگەن يېرىدە نۇرى ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق بىر زات يۇرتقا بەگ بولۇپ، پېقىر ـ پۇقرا، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، يۇرتنى ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن سوراپ، خەلقنىڭ ئىشەنچ ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. لېكىن، شۇ يۇرتتىكى سەيداجى، غېرىب چىكاش قاتارلىق بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر نۇرى بەگدىن ھوقۇق تارتىۋېلىش قەستىدە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، سۇيىقەست پىلانلاپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرىدىكەن. دەل شۇ چاغدا 1946 ـ يىلى، چىرا يامۇلى نۇرى بەگنىڭ شېرىپ ئىسىملىك ئوغلىنى مۇئاۋىن بەگلىك ئەمەلىگە تەيىنلەپ، يارلىق چۈشۈرىدۇ. شېرىپ بوجاڭ چىرادىكى مەكتەپ، مەدرىسلەردە بىرنەچچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، دادىسىغا ئوخشاش ئادالەتنى ياقلاپ، كەمبەغەل، يېتىم ـ يېسىرلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئاجىز پۇقرالارنىڭ دەردىگە يېتىدىغان ئادەم بولغاچقا، يۇرتقا كەلگەن باج، ئالۋان ـ سېلىقلارنى بايلارنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاپ، كەمبەغەللەرنى ئاسراپ قالىدۇ. چىرا يامۇلى ئون فۇلۇدىن چەرچەندىكى ھاشارغا پەرمان چۈشۈرگەندە، شېرىپبەگ تورپاق، تۆگىلەرنى ئون فۇلۇدىكى بايلار چىقىرىشنى، كەمبەغەللەرگە سېلىق سالماسلىقنى بەلگىلەپ، خاتا پەرمان، سىياسەتلەرنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بۇ ئىشقا چىدالمىغان سەيداجى قاتارلىقلار شېرىپ بوجاڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، ئۇنى مەخپىي ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن يۇرتقا ئىبلان قىلىشنى پىلانلايدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، شېرىپ بوجاڭنى رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇپ، دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۆرگەن خەلق ئۇنىڭ مۇسىبىتىگە قاتنىشىپ، كېيىنچە نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇپ چىقىدۇ.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شېرىپ بوجاڭ ھەققىدە يەنە داستانلارمۇ يېزىلغانلىقى مەلۇم. بۇ قوشاقلار چىرا ناھىيىسىدە خېلى ئومۇملاشقان بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دۇتار، راۋابلىرى ئارقىلىق ئېيتىلىپ ئەل ئىچىگە تارقالغان.

شېرىپ بوجاڭ فۇلۇدا،①
يىگىتلەرنىڭ گۈلىكەن.
ھايات چاغدا ھەمىشە،
غېرىبلارنى يۆلىگەن.

سېرىق سۆگەت سايىسىدا،
تېخى ئادەم ياتمىدى.
ئون فۇلۇدا شېرىپ بوجاڭ،
مۇرادىغا يەتمىدى.

---

① ئون فۇلۇ — چىرا ناھىيىسىدىكى بىر يۇرت ئىسمى ھەمدە تارىخىي ئاتالغۇ مەنىسىدە.

چارلۇڭ① تاغدىن قوي بېسىپ،
پۇماس② تاغقا يۆلەرمۇ؟
فۇلۇلۇقنى دېمىسە،
شېرىپ بوجاڭ ئۆلەرمۇ؟

ئۆگزىدە «بوق - بوق» قىلار،
شېرىپ بوجاڭنىڭ دەمدىرى.
ئوغلىنى زىكىر قىلار،
نۇرى بېگىم پەدىرى.

باش يارنىڭ توپاسىدا،
ئارپا بىلەن ئاق يازغا.
شېرىپ بوجاڭ ئۆلۈپ كەتسە،
تۆلەم قالىدۇ نىيازغا.③

شېرىپ بوجاڭ ئۆي سالغان،
ئۈچ تېمىغا گۈل سالغان.
بىر تېمى قالغان چاغدا،
ئاخىرەتكە يول ئالغان.

ئەل يىغلىسا تەڭ يىغلاپ،
ئەل كۈلگەندە تەڭ كۈلگەن.
ئاشۇ ئەل قاياشىنىڭ
ئۆلۈشىنى كىم بىلگەن؟

شېرىپ بوجاڭ ياش ئەردى،
ئۇن فۇلۇغا باش ئەردى.
مۇتتەھەملەرگە قەھرى زىخ،
ياۋاشقا ياۋاش ئەردى.

سىنچاي چىنىدە مۇز بارمۇ؟
ھېجىر چىنىدە تۇز بارمۇ؟
يەتتە تاغنىڭ ئىچىدە،
شېرىپچاندەك ئۆز بارمۇ؟

شېرىپ بوجاڭ يۇمدى كۆز،
قىلالمىدى ئېغىز سۆز.
قالدى قايغۇ - ھەسرەتتە،
تاغۇ دەريا، دالا - تۇز.

ئاقتاشتىكى④ بۇغدايلىقتا،
ئۇنۇپ قاپتۇ بۇدۇشقاق.

---

① ② جاي ئىسملىرى.
③ نىياز — ئادەم ئىسمى.
④ ئاقتاش — چىرادىكى جاي ئىسمى.

شېرىپ بوجاڭغا قەست قىلغان،
قارا نىيەت ئۇرۇشقاق.

ئۇ كۆلۈڭدا قوقاس بار،
بۇ كۆلۈڭدا كۆممە بار.
شېرىپ بوجاڭ كۆرگەن كۈن،
يۇرتتا يەنە كىمگە بار؟

فۇلۇ — پۇماس يولىدا،
شېرىپ بوجاڭ ئىزى قالدى.
يىغلىماڭلار جېنىم باللار،
ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى قالدى.

فۇلۇ — پۇماس ئاراسى،
بولدى ئىش گۇۋاھچىسى.
شېرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرگەن،
سەيداجىنىڭ غالچىسى.

بالدۇر تاياق سالغىنى،
غېرىب چىكاش دېگەن غالچا.
خۇدا بەرگەي جاجاڭنى،
كۆزۈڭگە پاتار سالجا.

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى ئالا، تۆتى قارا.
شېرىپ بوجاڭغا زامىندۇر،
فۇلۇدىكى نىياز قارا.

دۇردۇن كەسكەن مىس قاچى (قايچا)،
تاۋار كەسكەن مىس قاچى.
قاتىللارغا باش بولغان،
فۇلۇدىكى سەيداجى.

سەيداجىدۇر نائەھلى،
ئەسلى ئادەم ئەمەستى.
شېرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرۈپ،
بەگ بولۇش ئىدى قەستى.

ئۇ جىلغىنىڭ مۇندەكى،
بۇ جىلغىنىڭ مۇندەكى.
ئۆزىگە يېنىپ تەگدى،
سەيداجىنىڭ چەندىكى.

چىرادىن چىققان ما يۈزى،①
بۇ ۋەقەنى يەللىدى.

① مايۈزى — ئادەم ئىسمى.

كىملىكنى قاتىلىنىڭ
پاكىتتا دەلىلللىدى.

يامۇلدىن ئىككى چېرىك،
يېڭى يارلىق ئەپچىقتى.
غېرىب چىكاشنىڭ قولىغا،
تۆمۈر كويزا سېپ چىقتى.

غېرىب چىكاش، سەيداجىنى،
نىيازغازى[1] يالاپ ماڭدى.
چېتىپ بىرىنى بىرىگە،
چەمبەرچاس باغلاپ ماڭدى.

ئۆي ئالدىدا سالاسۇن،
بەگلەر چىقىپ قاراسۇن.
شېرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرگەنلەر
چىرا يامۇلغا سولانسۇن.

ئەي غالچىلار، غالچىلار،
خۇدا بەرسۇن جاجاڭنى.
ئىتمۇ سىيىپ سۇغارماس،
ئۆلگەن چاغدا خاداڭنى.[2]

سۆكە ئۇستىگە كات قويدى،
ھاجەتمەنلەر ياتسۇن، دەپ.
ئۇرۇمچىدىن خەت كەلدى،
غېرىب چىكاشنى ئاتسۇن، دەپ.

چىرا يامۇل داۋزىسى،
گاھ ئېچىلۇر، يېپىلۇر.
شېرىپ بوجاڭدەك مەرد يىگىت،
قايسى يۇرتتىن تېپىلۇر؟[3]

---

① شېرىپ بوجاڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن قاتىللار.

② مىيىت – جىنازا مەنىسىدە.

③ بۇ قوشاقلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى مەتقۇربان ئىسمائىل، مەتسىدىق قۇربانىنىياز، ئابدۇقادىر توقسۇن، مەتقاسىم ئابدۇراخمان قاتارلىقلار توپلاپ رەتلىگەن.

## 40 ـ باب
## ئابدۇرېھىم دورغا ھەققىدە قوشاق

ئابدۇرېھىم دورغا — ئەينى يىللاردىكى قۇمۇلنىڭ قوراي تاغ رايونى ئېدىر يېزىسىنىڭ دورغىسى. قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئوت ئۇچقۇنلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ، سان ـ ساناقسىز كىشىلەر بۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى تىترەتكەن چاغدا، ئابدۇرېھىم دورغا خەلق تەرەپتە تۇرماي، خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، خەلقنىڭ نەپرىتىگە قالغان. ئەينى مەزگىللەردە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى تاغ خەلقى ئارىسىدا ئابدۇرېھىم دورغىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى مەسخىرە قىلىپ نۇرغۇن قوشاقلار ئىجاد قىلىنغان.

ئابدۇرېھىم دورغا بىلىشەڭكى،①
ساقال ـ بۇرۇتى كېلىشەڭكى.②
ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش بەرسە،
دۈشمەن سايان ئىگىشەڭگى.③

ئابدۇرېھىم دورغا پىتىنىخور،
ھەممە ئىشنى بۇلغايدۇ.
دۈشمەنلەرگە تىل بېرىپ،
كېچە ـ كۈندۈز ياتمايدۇ.

دۈشمەن سايان ئېگىشىپ،
نە مەقسەتكە يەتكەنسەن؟
ئون ئىككى تاغ چوڭلىرىنىڭ،
سەدىقىسى بولۇپ كەتكەنسەن.

دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
خۇدا قىلدى ئەل ئامان.
ئابدۇرېھىم دورغىنىڭ،
قورسىقىدا بەش جىڭ سامان.

ئابدۇرېھىم دورغا مۇناپىق،
نە مۇرادقا يېتەرسەن؟
ئاغزىڭغا مەرەز④ چىقىپ،
سەپەر ئايدا ئۆلەرسەن !

---

① بىلىسىلەر.
② كېلىشكەن.
③ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن مەنىسىدە.
④ مەرەز — ئاغزىغا چىقىدىغان بىرخىل يارا.

## 41 ـ باب
## ھىدايەتبەگ ھەققىدە قوشاق

ھىدايەتبەگ ــ كەلپىن ناھىيىسىدىن بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن. ھىدايەتبەگ سودىگەر بولۇپ، سودا ئىشلىرىدا ئادىل، دىيانەتلىك ئىدى. ئۇ ئەينى يىللاردا كەلپىندىكى كەمبەغەل ـ نامراتلارنىڭ بىر يىللىق باج سوممىسىنى مۇستەقىل ئۇستىگە ئېلىپ، خەلقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكەن. يەنە خەلققە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بېرىپ، ئاۋام خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

ھىدايەتبەگ توغرىسىدىكى قوشاقلار بۈگۈنكى كۈنگىچە كەلپىندىكى خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ھىدايەتبەگنىڭ تۆگىسى
پارچە تاغدا① يايلايدۇ.
ھىدايەتبەگ ئۆلۈپ كەتسە،
يۈرەك قانداق پايلايدۇ؟

ھىدايەتبەگ ياش ئىدى،
يۇرت ئىشىدا باش ئىدى.
قازى ھاجىم ئەنسىرەپ
ئىككى كۆزى ياش ئىدى.

ھىدايەتبەگ تەڭگىنى،
قىزىل تۇلۇمدا جىڭلايدۇ.
ئەتىۋار قىزى ھەپىزخان،
ۋاي ئاتام ! دەپ يىغلايدۇ.

ھىدايەتبەگ ئۆلۈپ كەتتى،
نوچىلىق يار اشقاندا.
يۇرت ئىچىگە ئوت سېلىپ،
ھەممە قالدى ئارماندا.

سەۋر قىلىڭ بەختىخان،
سەۋر قىلىڭ توختىخان.
باللار يېتىم قالدى،
ئوبدان بېقىڭ زۇمىخان.

---

① كەلپىندىكى تاغ ئىسمى.

## 42 ـ باب
## چىنارخان ھەققىدە قوشاق

«چىنارخان ھەققىدە قوشاق» ــ قۇمۇلنىڭ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى.

چىنارخان ــ قۇمۇل ۋاڭلىرى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونىدىكى بىر كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولى قىسقا بولغاچقا، كۆن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى ئوردىغا چاكارلىققا بەرگەنىكەن. چىنارخان ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ خان ئاغىچىلىرى ئۇنى قۇللارغا ئوخشاش ئىشلىتىپ، تىللاپ ۋە ئۇرۇپ، ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان. دەرد ـ ئەلەمدىن ياش تۇرۇپلا ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن. ئۇ ئۆمۈر بويى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈپ دۇنيادىن ئۆتكەن. «چىنارخان ھەققىدە قوشاق» ــ قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەنە شۇ زالىملىقىنى چوڭقۇر پاش قىلغان، ياش ئەۋلادلارغا بەختىيار زاماننىڭ قەدرىگە يېتىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

قانلىق دەھشەت ئوردىدا،
كۆز يېشىم دەريا بولدى.
قارا ساچىم ئاقىرىپ،
چىرايىم كەھرىۋا بولدى.

ئاتا ـ ئانام بىچارە،
ساتقانىكەن قۇللۇققا.
ئەلەم چېكىپ ئوردىدا،
كېتەلمىدىم قورۇققا.

سېتىۋېلىپ ئوردىغا،
«چىنارخان» دەپ ئات قويدى.
ئۇرۇپ، تىللاپ ھەم خارلاپ،
يۈز ـ كۆزۈمگە يۇت قويدى.

بىر كۈنىسى خان ئاغىچا،
«سۇ ئەكەل !» دەپ بۇيرۇدى.
ئىلمان سۇنى ئىسسىق دەپ،
يۈزۈمگە چېچىپ قوردى.

قۇمۇل ۋاڭنىڭ زۇلمىدا،
ماكان قىلدىم زىنداننى.
قانلار يۇتتۇم زىنداندا،
قىيناپ ئۇرغاچ بۇ جاننى.

زالىم ئاغچا ئاستۇرۇپ،
تىتىۋەتتى تېنىمنى.
ئازاب بىلەن ئۆتكۈزدۈم،
ھەربىر سائەت، كۈنۈمنى.

ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
مەن چىنارخان زارىنى !
كىمگە ئېيتاي دەردىمنى؟
كىملەر ئاڭلار دادىمنى ! ؟

## 43 ـ باب
## توختبەگ ھەققىدە قوشاق

«توختبەگ ھەققىدە قوشاق» ــــ قاغىلىق ناھىيىسىدە كەڭرى تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. توختبەگ ــــ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چوپان يېزىسىدىكى بىر زالىم بەگ. ئۇ 1947 ـ يىللىرى ئۆزى قاغىلىق ناھىيىسىگە، ئوغلى چوپانغا بەگ بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن، يومپىچىك ـ زومىگەرلەرگە زەربە بېرىش مەزگىلىدە، قانۇنىي جازاغا تارتىلىپ باستۇرۇلغان. بۇ قوشاقتا چوپان خەلقىنىڭ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، زالىملارنىڭ ھامان بىر كۈنى جاجىسىنى يەيدىغان ئاقىۋىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

كاتەكتىن تۇخۇم ئېلىپ،
كۆمۈپ قويدۇق ئوچاققا.
توختبەگنىڭ زۇلمىنى،
قېتىۋالدۇق قوشاققا.

قېرىسا كالتە بولۇر،
ئاق قۇشقاچنىڭ تۇمشۇقى.
توختبەگكە باب كېلۇر،
ئۆزخان تازنىڭ قوشىقى.

بېغىمدىكى شاپتۇلنىڭ،
ئۆزى يوغان، شېخى پەس.
توختبەگنىڭ زۇلمىدىن،
جان ساقلىماق بولدى تەس.

چۆللەردە تولا مېڭىپ،
تاپىنىمغا تاش پاتتى.
توختبەگنىڭ دەردىدىن،
خاپىلىقتا باش قاتتى.

تاغدىن ئۇچۇپ ئۆلۈپتۇ،
باي خوجامنىڭ كالىسى.
توختبەگكە ئىشلەيدۇ،
كەمبەغەلنىڭ بالىسى.

بىلەلمىدۇق زادىلا،
بۇ جاھاننىڭ سىرىنى.
تارتقۇالدى توختىبەگ،
كەمبەغەلنىڭ يېرىنى.

قار ياغىدۇ ھەر كۈنى،
ئازغانسال① دېگەن جايدا؟
توختىبەگنىڭ زۇلمىدىن،
كەمبەغەلگە كۈن قايدا؟

كىمگە يىغلاپ كىمگە دەي،
دەرد ـ ئەلەملىك ھالىمنى.
چوپان خەلقى قارغايدۇ،
توختىبەگنى، زالىمنى.

ماڭسا ـ ماڭسا تۈگىمەس،
قاراقۇرۇم داۋانى.
چوپاندىكى توختىبەگ،
زالىملارنىڭ يامانى.

كۆچەت سالدى چوپانلىق،
ئىشىك ئالدى بېغىغا.
زامىن بولدى توختىبەگ،
گۇناھسىزلار جېنىغا.

ئەتىۋارلاپ ساقلىدۇق،
گۇرجەك بىلەن ئارىنى.
جايلىۋەتتى توختىبەگ،
موللا بىلەن قارىينى.②

موللا بالىسى قارىم،
قارىم بالىسى ئالىم.
چوپانلىقنى بەك ئەزگەن،
توختىبەگ دېگەن زالىم.

قىلسا ـ قىلسا تۈگىمەس،
ئۆي ئىشىنىڭ چالىسى.
بەگ بولۇپتۇ چوپانغا،
توختىبەگنىڭ بالىسى.

---

① ئازغانسال ــ قاغىلىقتىكى جاي ئىسمى.
② ئوقۇمۇشلۇق قارىي ــ ئۆلىمالارنى دېمەكچى.

قار ـ يامغۇر تولا يېغىپ،
ئېقىنلاردا سەل بولدى.
توختىبەگنىڭ ئورنىغا،
روزى تارتۇق① بەگ بولدى.

غالچىلىرى چىشلەيدۇ،
كۈش ـ كۈشلىسا سەگ② بولۇپ.
ئالۋان ـ ياساق كۆپەيدى،
روزى تارتۇق بەگ بولۇپ.

ئەتىگەندە ـ سەھەردە،
ئولاي ئۆچتى قورامدىن.
روزى تارتۇق بەگ بولۇپ،
سەمرىپ كەتتى هارامدىن.

قايسى گۈلگە ئوخشتاي،
چارخورازنىڭ تاجىسىنى.
هامان بىر كۈن بېرەرمىز،
زالىملارنىڭ جاجىسىنى!

---

① ② روزى تارتۇق ــ توختىبەگنىڭ بالىسى. يۈزىدە تارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەل ئارىسىدا روزى تارتۇق دەپ مەسخىرە قىلىنغان.
③ سەگ ــ ئىت مەنىسىدە.

# 44 ـ باب
# زىلۋا سەنەم ھەققىدە قوشاق

زىلۋا سەنەم ــ 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدا ئۆتكەن. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئەينى يىللاردا قۇمۇلدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ئاتۇش، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلىرىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە بارىدىغان قەدىمكى كارۋان يوللىرىدا ئۇزۇلمەستىن تۆگىلىك ھەم ئات ـ ئۇلاغلىق كارۋانلار قاتناپ تۇرىدىكەن. نۇرغۇن كارۋانلار قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردە مال سېتىۋېلىپ، ئارام ئېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدىكەن. شۇ جەريانىدا ئۇلار زىلۋا سەنەم دېگەن ئايالنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇشقانىكەن. بۇ قوشاق ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقەنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئىجاد قىلىنغان ۋە قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بۇ قوشاقنىڭ تارىخىي قىممىتى خېلى يۇقىرى.

ئاتنى توقۇڭلار،
كېلىپ بۇ يەرگە.
مىنىپ چاپايلى،
تۆۋەن خوتەنگە.

تۆۋەن خوتەننى،
سەرپايە قىلدۇق.
نىشانە تۆگىنى،
قاتارە قىلدۇق.

قاتارە قىلغان،
سېنىڭ تۆگەڭدۇر.
مەستانە قىلغان،
شېرىن سۆزۈڭدۇر.

زىلۋا سەنەمنى،
ھېچ كىشى بىلمەس.
ياردىن سوراڭلار،
ھالىمغا يەتمەس.

كاككۇكۇم قوندى،
قاپاق تېرەككە.
زىلۋاخان سالدى،
ئوتنى يۈرەككە.

دەردىڭدە تاغلار،
قوندى مۇرەمگە.
ئەرزىمنى ئېيتاي،
زىلۋا سەنەمگە.

بولسا قاناتىم،
يەتسەم خوتەنگە.
ئەرزىمنى ئېيتاي،
زىلۋا سەنەمگە.

*　　*　　*

بىر دانە ئەردىم،
مىڭ دانە بولدۇم.
خەقتىن يوشۇرسام،
ئاشكارا بولدۇم.

سەمەرقەنتنىڭ بېشى،[1]
ساينىڭ بۇلاقى.
ئەجەب تويغازدى،
يولنىڭ يىراقى.

سەمەرقەنت يولىدا،
تال - تال قومۇش بار.
ئۆزى شۇ ياندا،
بۇندا نېمىش بار؟

سەمەرقەنت بېغىدا،
ئالما پىشىپتۇ.
ساپىقىدىن ئايرىلىپ،
يەرگە چۈشۈپتۇ.

ئايلا، خېنىملار،
نەدىن بولۇرلا؟
بىر سۆيۈۋالسام،
ئەلھەمدۇلىللا.

---

① قۇمۇل بىلەن سەمەرقەنت ئارىلىقىدىكى ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## 45 ـ باب
## توختى چوڭ ھەققىدە قوشاق

توختى چوڭ ــ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تاغ ئارىسىدىكى بىر يېزىسىدا ئۆتكەن خەلقپەرۋەر ئادەم. ئۇ يۇرتقا باش بولغاندىن كېيىن، خەلققە پايدىلىق بەزى ئىشلارنى قىلىپ، ئاۋامنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى دانىخان ئېرىنىڭ ھوقۇقى ۋە دۆلىتىدىن پايدىلىنىپ، كەمبەغەل ـ نامراتلارنى كۆزگە ئىلماي، يۇرت ئىچىدە كۆرەڭلەپ يۇرگەن. ئاخىرى توختى چوڭ باشقىلارنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، يامۇلغا سولانغان ۋە شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ قوشاقتا يۇرت خەلقىنىڭ توختى چوڭغا بولغان ھېسداشلىقى ۋە سېغىنىشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولۇپ، مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

توختى چوڭنىڭ ھويلىسىدا،
قاتار ـ قاتار سەگە تېرەك.
دانىخاندەك چوكانغا،
توختى چوڭدەك ئەر كېرەك.

توختى چوڭنىڭ ھويلىسىدا،
ئالا پاچاق ئات باغلاقلىق.
توختى چوڭنىڭ ئارقىسىدا،
ئالتە چېرىك ياللاقلىق.

توختى چوڭنىڭ ئاتلىرى،
ئېغىلدا قوناق يەيدۇ.
ئالدىراڭغۇ توختى چوڭ،
يامۇلدا تاياق يەيدۇ.

پەرەڭ مىلتىق ئۇچىسىدا،
ئاتالمىغان توختى چوڭ.
ئالا پاچاق ئات مىنىپ،
قاچالمىغان توختى چوڭ.

توختى چوڭنىڭ ۋاقتىدا،
مەيگە چۈشكەن دانىخان.
توختى چوڭدىن ئايرىلىپ،
ئېشەك مىنگەن دانىخان.

توختى چوڭنىڭ ۋاقتىدا،
دۇردۇن كىيگەن دانىخان.
توختى چوڭدىن ئايرىلىپ،
ماتا كىيگەن دانىخان.

توختى چوڭنىڭ ھويلىسىغا،
ئۆتكەن ـ كەچكەن قارايدۇ.
يىغلىمىسىلا دانىخان،
ئۆلتۈرمەيدۇ، پالايدۇ.

پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغانلار،
تەختكە چىقتى قوزغۇنلار.
راھەتلەندى بىر ئوچۇم،
ئازاب تارتتى نۇرغۇنلار.

## 46 ـ باب
## سادەتخان ھەققىدە قوشاق

سادەتخان ــــ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ شۇ مەھەللىدىكى مەزورخان دېگەن بىر ئاق كۆڭۈل ئايالنىڭ قىزى بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىسىدىن ياخشى تەلىم ئالغان. ئۆزى ناھايىتى چىرايلىق، كېلىشكەن بولۇپ، كۆرگەن كىشىلەر بۇ قىزنى ماختاپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. بىر قېتىم سادەتخان سىرتقا چىققاندا، ياڭ زېڭشىننىڭ قول ئاستىدىكى بىر ھەربىي ئەمەلدار ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ نىيىتىنى بۇزغان. ئۇنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ، مەزورخانغا ئەلچى كىرگۈزگەن. لېكىن، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، پاك قىز سادەتخان ھەربىي ئەمەلدارغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ نىكاھقا قوشۇلمىغان. ھەربىي ئەمەلدار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن مەجبۇرىي ھالدا توي قىلماقچى بولغان. سادەتخان ئۆز ئەركىنلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈۋالغان. بۇ قوشاق ئەنە شۇ ئېچىنىشلىق تارىخنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

سادەت خېنىم، سادەتخان،
سۆزى سىلىق سادەتخان.
ئۆلانبايىنىڭ كۆلىدە،
ئالتۇنبېلىق سادەتخان.

قولۇمدىكى ئۈزۈكنىڭ،
ياقۇت كۆزى سادەتخان،
مەزورخاننىڭ بېغىدىكى،
گۈلنىڭ ئۆزى سادەتخان.

ئۆزى خۇشخۇي، كېلىشكەن،
چېچى قىرىق [1] سادەتخان.
كۆزىمىزدىن كەتمەيدۇ،
رەڭگى ئىللىق سادەتخان.

سادەت خېنىم ساي كەچتى،[2]
ئاق بەتىنىكىسىنى يەشتى.
بىزنى دەردكە سېپ قويۇپ،
ئەزىز جېنىدىن كەچتى.

---

① قىرىق تال ئۆرۈلگەن چاچ.

② «سادەتخان ھەققىدە قوشاق»نىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى خەلق قوشاقچىسى شازادىخان ئانا ئىجاد قىلغان. بۇ يەردە ئەينى يىللاردىكى ئۈرۈمچى ساي يولىنى دېمەكچى.

## 47 ـ باب
## ئابدۇنىياز مىراب ھەققىدە قوشاق

ئابدۇنىياز مىراب ــ قۇمۇلنىڭ ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئۆيلەر مەھەللىسىدىن بولۇپ، ئەينى يىللاردا ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئۈچ بېگى (سۇ بېگى، چارۋا بېگى، تېرىقچىلىق بېگى) بولغانىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئاۋام خەلققە ئالۋان ـ سېلىقنى كۆپ قاقشاتقانىدى. 1932 ـ يىلى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىشى، شېڭ شىسەينىڭ ئۈستۈن ھەربىي كۈچ بىلەن قىلغان قايتۇرما ھۇجۇملىرىغا تەڭ كېلەلمەي، ۋاقىتلىق چېكىنگەن پەيتتە، ئابدۇنىياز مىراب ئەنشىگە قېچىپ بېرىپ، شۇ جايدا بىر مەزگىل تۇرغان. كېيىن، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، قايتىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا، ئۇ يەنە ئاراتۇرۇككە قايتىپ كەلگەن. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ مەزگىللەردىكى ۋەقەلەرگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان. مەلۇم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

ئابدۇنىياز بەگ بولۇپ،
ھەممە ئىشنى باشلىدى.
كۆڭلىدە ئوي، پەمى يوق،
قاملاشتۇرالماي تاشلىدى.

قاملاشمىغان نېمىشقا؟
خوتۇنى ئۇنى باشلىغان.
بىلىپ قېلىڭ خالايىق،
يۇمشاقباشنى قاشلىغان.

بېشىنى قاشلاپ يۈرۈپ،
قېچىپ كەتتى كېچىدە.
خالايىق بىلمەيدۇ دەپ،
خۇشال بولدى ئىچىدە.

ئابدۇنىياز دېگەن يۇمشاق،
مال ـ دۇنياغا تويمىدى.
ماڭمايمەن دېگەن چاغدا،
خوتۇنى قۇلاق تولغىدى.

نىياز بەگ تۇلۇمچاشقان،
ئالۋان ـ سېلىقنى چاچقان.
خەلق قوزغىلىپ چىقسا،
توشقاندەك بەدەر قاچقان.

## 48 ـ باب
## موللا ياقۇپ ھوشۇر داموللام ھەققىدە قوشاق

موللا ياقۇپ ھوشۇر داموللام ــ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان بىر ئاقكۆڭۈل زات بولۇپ، پەيزىۋات ناھىيىسى تەۋەسىدە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ئۆلىمالارنىڭ بىرى. ئۇ ھاياتىدا مەكتەپ ئېچىپ نۇرغۇن بالىلارنى ئوقۇتۇپ، كىشىلەرنى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، يېڭىچە پەن ـ مائارىپ يولىغا باشلاپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ ۋاپات بولغاندا، پەيزىۋات خەلقى ئۇنىڭغا قاتتىق ماتەم تۇتۇپ، چوڭقۇر ئەسلىگەندى.

پەيزىۋاتنىڭ ئىچىگە،
چىراغ ئىدىڭ دامولللام.
يېتىم ـ يېسىر، يوقسۇلغا،
ئامراق ئىدىڭ دامولللام.

ئۆزەڭ ھايات چېغىڭدا،
بۇلبۇل ئىدىڭ دامولللام.
قاراڭغۇنى يورۇتقان،
يۇلتۇز ئىدىڭ دامولللام.

ھويلاڭدىكى كۆچەتنى،
شامالللار قايرىۋەتكەنمۇ؟
ساڭا تەگكەن پىغانلار،
شۇنداق قاتتىق تەگكەنمۇ؟

تاشيولدىكى شوپۇرلار،
كابىنكىغا سالغانمۇ؟
ئوقتەك كەلدى شۇم خەۋەر،
راستى بارمۇ ـ يالغانمۇ؟

پەيزىۋاتلىق يىغلىدى،
خەۋەر ئاڭلاپ دەرھالللام.
ئۆتكەن ئۆمرۈڭ ھەر ۋاقىت،
تەپسىر ئېيتىپ دامولللام.

خاتىرجەم يات قەبرەڭدە،
نۇرغۇن ئادەم قېشىڭدا.
قىلار دۇئا ـ تىلاۋەت،
يۇرتداشلىرىڭ بېشىڭدا.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire. 4 Zeytinburnu - İST.

## 49 ـ باب
## ئايسخان ھەققىدە قوشاق

ئايسخان ــ قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە ئۆتكەن. ئۇ كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا ياخشى تەربىيە كۆرگەن. ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە زور ئىشتىياق باغلاپ، قوشاق، ناخشا ئېيتىش بىلەن خەلق ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن. شەخسەن ئۆزى بىر راۋاب ياساپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان ناخشا ـ قوشاقلارنى چېلىپ، جامائەتنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغان. شۇ مەزگىلدە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ توخۇلۇ يېزىسىدىكى خوجامبەردى مىراب دېگەن كىشى ئايسخاننى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇمۇ «گۇل شەھىرىدا ئايسخان» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ، ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ ئىككىيلەن ئېيتقان ناخشا ـ قوشاقلار خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ، بېيىپ، بۈگۈنكى دەۋرگە ئۇلاشقان. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى.

ئايسخانۇ ـ ئايسخان،
ئۆيلىرىگە بارايلىمۇ؟
ئالتە سەرگە ئىشەك ئېلىپ،
مىنگىشىپ ماڭايلىمۇ؟

ئايسخان كېتىپ بارار،
ئوڭ قولىدا گۈللىرى.
ۋاي ئايسخان توختىسىلا،
بىزگە بارمۇ كۆڭۈللىرى؟

ئايسخانۇ ـ ئايسخان،
گۇل شەھىرىدا ئايسخان.
قۇرۇپ كېتەر بولدۇم مەن،
يار ئىشقىدا ئايسخان.

ئايسخانۇ ـ ئايسخان،
ئەتىدىن ھالىم خاراب.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
باغ ئارا تام ياقىلاپ.

يارىمنىڭ ئېتى ئايسە،
خىيالىمدىن چىقمايسەن.
سېنىڭ بىر خىيالىڭ بار،
مەندىن ئايرىلاي دەمسەن؟

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
ئايسخاننى يېتىلەپ.
ئايسخان ئارقىدا قالدى،
يول تاپالماي تەمتىرەپ.

ئايسخانۇ – ئايسخان،
ئەرگە چىققان ئايسخان.
بالىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ،
داڭقى چىققان ئايسخان.

## 50 ـ باب
## دۆلەتخان ھەققىدە قوشاق

دۆلەتخان ــــ ئەسلى قۇمۇلنىڭ تاغلىق يېزىسى بولغان تۆمۈرتى دېگەن جايدىن بولۇپ، ناھايىتى كېلىشكەن، چىرايلىق ئايال ئىكەن. شۇڭا، نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ، ئۆز نىكاھىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىشىدىكەن. لېكىن، دۆلەتخان قۇمۇلنىڭ ئېدىر دېگەن جايىدىكى بىر كىشىگە ياتلىق بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر ئارىسىدا بۇ ئايالغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار پەيدا بولۇپ، بەزىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ، بەزىلەر ئۇنى چۆكۈرۈپ قوشاقلارغا قاتقان.

قەدىم ئۆتكەن بىر دۆلەت،
ئەمدى ئۆتتۇم مەن دۆلەت.
تۆمۈرتىلىكنى يېسىر قىلىپ،
ئېدىرغا كەتكەن مەن دۆلەت.

دۆلەتخاننىڭ دەردىدە،
يىگىت باللار سەڭگىسەر.①
مەھەللىلەردە توپلىشىپ،
ئاچچىقىدا «خەپ !» دېيىشەر.

تۆمۈرتىگە چىقىپتۇ،
تەمە بىلەن بىر بەڭگى.
بۇ بەڭگىنى يېڭىپ قويغان،
دۆلەتخان دېگەن يەڭگى.

① سەڭگىسەر ــــ سەرسانلىق مەنىسىدە.

## 51 ـ باب
## ئايۇپبەگ ھەققىدە قوشاق

ئايۇپبەگ ھەققىدىكى قوشاق چىرا ناھىيىسىدە خېلى كۆپ ئومۇملاشقان. ئايۇپبەگ ئەسلىدە ئاقسۇ ـ نىڭ باي ناھىيىسىلىك ئادەم. ئۇ «ئادارېن» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، 1928 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىللىرىغا قەدەر چىرا ناھىيىسىگە ھاكىمبەگ بولغان. شۇ مەزگىللەردە ئۇ ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلەردىكى قول ھۈنەرۋەنلەرگە خام، تالما، چەكمەن، ئەتلەس قاتارلىق ئالۋان ـ ياساقلارنى قويۇپ، ئەمگەكچى خەلقنى زار ـ زار قاقشاتقان. زۇلۇمغا چىدىيالمىغان قول ھۈنەرۋەنلەر ناخشا ـ قوشاقلارنى توقۇپ، ئايۇپبەگنىڭ زۇلۇمىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن.

بۇ قوشاق ئەنە شۇ مەزگىللەردىكى چىرا ئەمگەكچى خەلقىنىڭ زالىملار زۇلۇمىغا قارشى نارازىلىقى ۋە شىكايەتلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئۆچ①نى ئەتتۇق پاختىدا،
ئۇننى يايدۇق تاختىدا.
خۇش ئېگىردۇق چاقنى بىز،
ئا دارېننىڭ ۋاقتىدا.

زورلۇق بىلەن يۇرت سورىغان،
ئا دارېن دېگەن ئامبال.
بىز توقۇغان تالمىدا،②
كىيگەن قاتمۇ قات تامبال.

ھۈنەرۋەنلەر جەم بولدۇق،
قاپقارا ئىگىۇ ئايۋانغا.
ماتا شايى توقىدۇق،
ئا دارېنغا، ئالۋانغا.

ئاسماندىكى ئۇكەر بىز،
ئا دارېنغا نىمكار بىز.
كۈندۈز بولسا ئارام يوق،
كېچىلىرى بىكار بىز.

ئا دارېننىڭ بېغىدا،
ئانار بىلەن ئەنجۈر بار.

---

① ئۆچ ـــ يىپ ئىگىرىشكە ئالدىن تەييارلاپ قويۇلىدىغان ئاق پاختا پىلتىسى.
② خام، تالما ـــ يەرلىك ئۇسۇلدا پاختىدىن ئىشلەپ چىقىرىلغان رەخت.

كەمبەغەلنىڭ بويىندا،
تاقاق[1] بىلەن زەنجىر بار.

ئا دارىيىنىڭ ۋاقتىدا،
خويمۇ تويدۇق زۇلۇمغا.
بايلار ئەيش ـ ئىشرەتتە،
ئوخشاپ كەتتى تۇلۇمغا.

كەمبەغەلنىڭ بېشىدا،
ئالۋان تولا، دەرد تولا.
ئا دارىيىنىڭ ئۈستىدە،
شىكايەتلىك گەپ تولا.

غىچىرلايدۇ ئايۋاندا،
ماتا شايى دۇكىنى.
قاچان تويار پارىخور،
ئا دارىيىنىڭ پوكىنى؟

① تاقاق ـــ بىرخىل جازا قورالى، ئادەمنىڭ بويىنغا سېلىنىدۇ.

## 52 ـ باب
## سادىق قۇرمال ھەققىدە قوشاق

سادىق قۇرمال ــ قۇمۇلدىكى ئارا تۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئېرىنكىر يېزىسىدىن بولۇپ، ئەينى يىللاردا قۇرمال بولغان. ئۇ ھەققانىيەتنى قوللايدىغان توغرا پىكىرلىك، ئەقىللىق، پەم ـ دىتى بار ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان مەزگىللەردە، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسىگە ئايلانغان.

سادىق قۇرمال كىچىك يېشى،
ھەممىدىن ئارتۇق بىلىشى.
ھەممە خەققە يېقىپ قالدى،
ئۇنىڭ قىلغان كېڭىشى.

سادىق قۇرمال ياخشى ئەر،
ھەممە ئىشنى ئويلىغان.
خاتۇەنجاڭ[1]نى ئايرىۋېلىپ،
بىرمۇ چېرىك قويمىغان.

[1] خاتۇەنجاڭ ــ قۇمۇلدىكى ھەربىي ئەمەلدار.

## 53 ـ باب
## مۇھەممەت مىرزا ھەققىدە قوشاق

مۇھەممەت مىرزىنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەت سىدىق بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئىش قاملاشتۇرىدىغان بىر مىرزىسى ئىكەن. ئۇ ۋاڭلىق ئوردىسىدا ئىشلەش جەريانىدا بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلغان. كېيىن، قۇمۇل ۋاڭلىرى بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇ جايدا بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ ئاندىن قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا ئىجاد قىلىنغان بەزى قوشاقلار ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئالا ئات كىمنىڭ ئېتى؟
مۇھەممەت سىدىقكامنىڭ ئېتى.
ئۆزى بېيجىڭدە تۇرۇپ،
ئالتۇن شىرەلەردە خېتى.

## 54 ـ باب
## سەلىمە ھەققىدە قوشاق

«سەلىمە ھەققىدە قوشاق» ـــ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل ئىلگىرى خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيىسىدە سەلىمە ئىسىملىك ناھايىتى گۈزەل بىر قىز ئۆتكەنىكەن. قىزنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، تۇل ئانىسى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. شۇ مەھەللىدىكى بايلارنىڭ باللىرى بۇ قىزنى تالىشىپ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈپتۇ. لېكىن، ئادالەتسىز فېئودال قانۇن باي باللىرىنى جازالىماي، بەلكى گۇناھنى بىگۇناھ، مەسۇم قىزغا ئارتىپ، ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىپتۇ، نۇرغۇن ئادەم ئارىغا چۈشۈپ ئاربلاشقان بولسىمۇ، ئىلاج قىلالماي ئاخىرى گۇناھسىز قىز ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

«سەلىمە ھەققىدە قوشاق» ـــ ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئورنىنى، باشلىرىدىن كەچۈرگەن رەھىمسىز قىسمەتلىرىنى بايان قىلىپ، فېئودالىلىق نىكاھ تۈزۈمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت قىزنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، سەلىمەنىڭ ئانىسى يالغۇز قىزىنىڭ جىنازىسى ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان قوشىقى:

قارا كىگىز جىنازا،
ئۆزى ئېگىز جىنازا.
كۆرۈۋالاي قىزىمنى،
توختاپ تۇرغىن بىر ھازا !
ئاھ، ھەسرىتا، ھەسرىتا،
رەھىمىڭ يوقمۇ ئەي ئاللا.

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن قارا چاچ،
جانغا پاتسا مەيلىمۇ؟
ئىسىت ! قىزىم سەلىمە،
گۆردە ياتسا مەيلىمۇ؟

چىدىمايمەن بۇنىڭغا،
ئېسىلىمەن بوينۇڭغا.
مۇنداق ئازاب تارتقۇچە،
مېنىمۇ ئال قوينۇڭغا !

ئاھ ھەسرىتا، ۋاھ ھەسرەت،
بىزگە كەلدى ئەلەم ـ دەرد.
قاچان تۈگەر ئالەمدە؟
تۈگىمەيدىغان بۇ قىسمەت !

سېنى ئاسقان ئېگىز دار،
ئۆرۈلمىدى، قېپقالدى.
تەڭشەلمىگەن بۇ جاھان،
چۆرۈلمىدى، قېپقالدى.

قارا كىگىز جىنازا،
ئۆزى ئېگىز جىنازا.
مېنى بىللە سېلىپ كەت،
قىزىم بىلەن ئېلىپ كەت !
قانداق قىلاي ئىلاھىم !
رەھىمىڭ يوقمۇ خۇدايىم؟

## 55 ـ باب
## يۇنۇس خوجا ھەققىدە قوشاق

يۇنۇس خوجا ــ قۇمۇلدا ئۆتكەن ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى. ئۇ مەمۇدىخان دېگەن بىر چوكان بىلەن ياخشى كۆرۈشۈپ قالىدۇ ۋە بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر بەزى قوشاقلار خەلق ئارىسىدا تار-قالغان.

بۇ دالاڭ ئېگىز دالاڭ،
مەمۇدىخان يۇرگەن دالاڭ.
قوينىدا يۇنۇس خوجا،
بېلىدە زوچۇ پوتاڭ.①

بۇ دالاڭ ئېگىز دالاڭ،
ئەگىپ كېتەلمەيدۇ كىشى.
يېڭى تۇتقان يارىدىن،
ئۈمىد ئۈزەلمەيدۇ كىشى.

① زوچۇ پوتا ــ شايى بەلۋاغ. يىپەكتىن ئىشلەنگەن بەلۋاغ مەنىسىدە.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinbumu - İST.

# ئون ئىككىنچى قىسىم خەلق قوشاقچىلىرى، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ قوشاقلىرى

## 1 ـ باب
## سەلەي چاقچان قوشاقلىرى

سەلەي چاقچان ـــ بىر مەشهۇر تارىخىي شەخس بولۇپ، ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلىرىنىڭ بىرى. ئۇ داڭلىق لەتىپىچى، قىزىقچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تالانتلىق قوشاقچى، ئەلنەغمىچىدۇر.

سەلەي چاقچان 1790 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 ـ يىلى ئانا يۇرتىدا ۋاپات بولغان. ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.

خەلق ئارىسىدىكى تارىخىي رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سەلەي چاقچان خۇش ئاۋاز دادىسىنىڭ ياخشى مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئۇبدان ئىگىلىگەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا نۇرغۇن يۇرتلارغا بېرىپ، مۇڭلۇق راۋابىنى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ، لەتىپىلەرنى سۆزلەپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغان. يۇرت كېزىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۆز خەلقىنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە يېڭىلىققا تەلپۈنۈش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى سەلەي چاقچاننىڭ خەلقپەرۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشىگە ئاساس سالغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ پايدىسىغا كۆلۈپ، زىيىنىغا يىغلىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا چىرىك، كونا ھاكىمىيەتنىڭ قولچوماقچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىساس ـ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىدىغان يالقۇنلۇق قوشاقچى، ئۆتكۈر لەتىپىچى، قىزىقچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. سەلەي چاقچان گەرچە كۆن ئېلىش مەقسىتىدە، بىر مەزگىل خان ئوردا ـ سارايلىرىدا، كونا ھۆكۈمەت ۋە ھاكىم ـ بەگلەرنىڭ مەھكىمىلىرىدە ئىشلەپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، بىر ئۆمۈر روھىي دۇنياسىنى ساپ تۇتۇپ، چىرىكلىك ۋە ئەيش ـ ئىشرەتتىن يىراق تۇرغان، پاك ۋىجدان بىلەن ياشىغان. سەلەي چاقچان خۇش ئاۋاز، گەپ ـ سۆزدە ھازىر جاۋاب، ھەرىكەتتە چېۋەر، چەبدەس بولغانلىقى، ئۇنىڭ لەتىپىسى، ناخشا ـ قوشاقلىرى ھېسسىياتقا باي بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى ماختاپ «سەلەي چاقچان» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ نام ھازىرغا قەدەر كىشىلەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە. سەلەي چاقچان قوشاقلىرى خۇددى لەتىپىلىرىگە ئوخشاش جەڭگىۋار خاراكتېرگە ئىگە، مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى ئاممىباب، ھېسسىياتى كۈچلۈك، ئۇ ئەينى دەۋرنىڭ تېرمومېتىرىدۇر.

### 1

سەلەي چاقچاننىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتقان قوشىقى:

ئېتىمنى سورىساڭ سەلەي،
قەشقەر بېشى ئوپالدىن.

راۋاب چېلىپ ئوينايمەن،
قورقماي لويى، ئامبالدىن.

ئىشىمنى سورىساڭ ناۋاي،
ھالىمنى سورىساڭ ھالۋاي.
ئۆزۈمنىڭ كارىغۇ چاغلىق،
يۈرتۈمدا بولمىسۇن ئاھ ! ۋاي !

لەقىمىم سورىساڭ چاققان،
يۈرىكىمدە ئوتۇم بار.
گەزىزانە قەشقەردەك،
قەدىم دەرگاھ يۇرتۇم بار.

2

سەلەي چاققاننىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن يارىغا ئېيتقان قوشىقى:

ئىشىكىڭدىن ئۆتسەم مەن،
راۋاب چالىدۇ دەمسەن؟
بەگلەر ئۆيىدىن كەتسەم،
يارسىز قالىدۇ دەمسەن؟

مېنىڭ ئالتۇن يارىم بار،
يۈزلىرى ئانارىم بار.
رەقىب قولىدىن ئامان،
بىر كۈنى يانارىم بار.

بەگلەر چۈشەر تۇزاققا،
ئۆزى قۇرغان دوزاخقا.
مېنىڭ يارىم قايتىدۇ،
ئانچە قالماي ئۇزاققا.

ئۆزۈمنىڭ ئۇ جانانىم،
يارىمغا پىدا جانىم.
ئېيتىشقىنىم ئېيتىشقان،
تامچە قالغۇچە قانىم.

3

قارا كۈچلەر زۇلۇمىغا قارشى ئېيتقان قوشىقى:

كەتمەن چاپىدۇ باللا[1]،
قوناق چاچىدۇ باللا.

---

[1] باللا ــــ باللار مەنىسىدە.

ئالۋان، ياساق دەستىدىن،
نەگە قاچىدۇ باللا؟

كەتمەن چاپقان باللانىڭ،
ئەڭلى تۆكۆلۈپ كەتتى.
شە (ھەر) گە كىرسە سەيسىدىن،
قەددى پۈكۈلۈپ كەتتى.

مانجۇلارنىڭ ئەسكىرى،
خۇددى قاغا، چىكەتكە.
يامراپ، يالىدى ئەلنى،
قانداق قىلىمىز دەردكە؟

مانجۇ چېرىكى دەيدۇ،
بەگنىڭ تىرىكى دەيدۇ.
گادايلارنى ئېزىشتە،
باينىڭ شېرىكى دەيدۇ.

باينىڭ شېرىكى مىراب،
ئالدى سۈيۈمنى توراپ.
ھەممىسىنىڭ گېپى بىر،
قاننى ئىچىدۇ شوراپ.

ئۆيناڭ دەردى بار باللا،
ئۆيناڭ زەردى بار باللا.
بۇ دەردلەرنىڭ داۋاسى،
ئۆيلاڭ نەدە بار باللا؟

4

سەلەي چاققان ئاتۇشقا بارغاندا يۇرت خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېيتقان قوشقى:

ئاتۇش قىزلىرى ئوتقاش،
ئاشنىڭ يىلىكى چۆپ ئاش.
قول باغلىشىپ تۇرىدۇ،
چۆپ ئاش ئالدىدا كۆپ ئاش.

بەشكېرەم ئۇنى بولسا،
ئاۋاتنىڭ تۇزى بولسا،

زەپ ئوخشايدۇ چۆپ دېگەن،
ئاتۇشنىڭ قىزى بولسا.

سەلەيدەك يىگىت بولسا،
شۇنداق قىزغا جۈپ بولسا.
گۈلدەك ئېچىلىپ بەختى،
پەرزەنتىمۇ كۆپ بولسا.

چۆپ بولسايۇ - چۆپ بولسا،
يىلىك بىلەن چۆپ بولسا.

**5**

يۇملاق شەھەر سېپىلى ھەققىدە ئېيتقان قوشىقى:

مەيلى سوقىلى سېپىل،
ئالۋان كەلمىسۇن ئەمدى.
شەھەرىمىزنىڭ قوينىغا،
ئەغيار كەلمىسۇن ئەمدى.

مەيلى سوقىلى سېپىل،
دۈشمەنلەرنىڭ يولىغا.
كىملەر بولىدۇ كېپىل،
ئىشلىگەنلەر پۇلىغا؟

مەيلى سوقىلى سېپىل،
بىز قىلمىغان ئىش بارمۇ؟
ئالۋان - سەيسە دەستىدىن،
قىينالمىغان كىشى بارمۇ؟

پاختىنا ئاتار پوچىغا،
كېرەك ئەمەسمىش زەيلىك.[1]
ئاغزى بىلەن شە (ھەر) سوقۇپ،
غادايغانغا نېمە دەيلىك؟

---

① زەيلىك — پاختىنا ئاتىدىغان تارا.

مەيلى سوقىلى سېپىل،
بىز بارگاھقا يېتەيلى.
ئىشنىڭ يولىنى تېپىپ،
دادخاھ① قا ئېيتايلى.

ئىشلە دەردى بار باللا،
ئىشلە زەردى بار باللا.
نەگىمۇ كېتەلەيتتىڭ،
پاتمان قەرزى بار باللا.

شە (ھەر) نىڭ ھاكىمى زوردۇن،
كىيىشى تاۋار ـ دۇردۇن.
بىر پەرمان بېرىپ قويسا،
نامراتنىڭ كۈنى سولغۇن.

بىزلەر سوققان سېپىلغا،
بەگلەر كىرىپ ئالماقچى.
شە (ھەر) نىڭ تېشىدا پۇقرا،
نېمە بىلەن قالماقچى؟

مەيلى سوقىلى سېپىل،
باللا، توپىغا يېپىل.
يۇرتنىڭ ئىشىغا ئاخىر،
ئەلنىڭ باللىرى كېپىل.

## 6

ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ھەققىدە ئېيتقان قوشقى:

بىز ئەمدى نېمە دەيلى،
بەگنىڭ شۇنچىمۇ مەيلى؟
قىش كەلگۈچە پۇل تېپىپ،
ئۆينىڭ غېمىنى يەيلى.

كۆپنىڭ ئەمدى بوپ قالدى،
كىيىمى يالاڭ، جۇل ـ جۇل.

① دادخاھ ـــ داد ـ شىكايەت قىلىدىغان ئورۇن. ئەرزخانا مەنىسىدە. بۇ قوشاقنى سەلەي چاققان قەشقەر شەھىرى ئىچىدىكى يۇمىلاق شەھەر سېپىلىنى سوققان مەزگىللەردە قوشقان.

ئىشلىگىنى ساپ نېسى،
يىل ئۆتتى، قېنى ئۇ پۇل؟

بىزلەر ئىشلىسەك تاڭدا،
سوغۇق تېگەر چۈشكۈرۈپ.
باي باللىرى يوتقاندا،
ياتامدىكىن چۈش كۆرۈپ.

بىز ئىشلىسەك كۆرەمدۇ،
باداڭ قورساق ئامبالللار؟
ئىشلەۋېرىپ ئۆلەمدۇق،
تاسما قورساق قاقشالللار؟

مەھبۇسلاردەك ئىشلەيمىز،
پۇل ئالالماي بىكارغا.
كىم «بەرمەڭلار پۇل» دەپتۇ،
دېھقانلارغا، نىمكارغا.

بەزەن كېلەر ئاتىمىز،
ئۇستۋاش كىيىم ئېلىپ.
بەزەن كېلەر ئانىمىز،
سۇيۇقئاش ـ قىيما ئېلىپ.

بىز ئەمدى نېمە دەيلى؟
بەگنىڭ شۇنچىمۇ مەيلى.
كىم ئىشلەيدۇ ئېتىزدا؟
ئاشلىق غېمىنى يەيلى.

مانجۇ چېرىكى دەيدۇ،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.
قانچە نالە قىلساقمۇ،
دەردىمىزگە يەتمەيدۇ.

چوماق بىلەن قۇتۇلماق،
ئادىتى بار غالجىردىن.
شۇنداق قىلىپ قۇتۇلساق،
ئەجەب ئەمەس مانجۇدىن[1] ...

---

[1] مانجۇدىن ــ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زالىم ئەمەلدارلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2 ـ باب
## موللا زەيدىن قوشاقلىرى

موللا زەيدىن — ئاتاقلىق تارىخىي شەخس، ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلىرىنىڭ بى ـ
رى. ئۇ داڭلىق لەتىپىچى، قىزىقچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ياڭقۇنلۇق خەلق قوشاقچىسى، ئەلنەغ ـ
مىچىدۇر.
موللا زەيدىن 1815 ـ يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۇكچۇندىكى باغرا يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلى ـ
سىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى يىراق ـ يېقىندا خېلى زور نام چىقارغان قوغۇنچىلىق ئۇستىسى ئىدى.
ئۇ ئالتە يېشىدا مەھەللىدىكى خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت ـ ساۋاتىنى چىقارغان. 11 يېشىدا مەد ـ
رىسكە كىرىپ ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان. 17 يېشىدا مەكتەپ پۈتتۈرگەندە، ئۇ بەزى ئەرەبچە كى ـ
تابلارغا مەنە ئېيتالايدىغان، ئەرەبچە شېئىر ـ نەزمىلەرنى رەسمىي يادلاپ بېرەلەيدىغان بولۇپ يېتىشكەن.
ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئەقىللىق بولغاچقا، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگەنگەن، ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇيغۇر
كلاسسىك شېئىر ـ نەزمىلىرىنى كۆپ يادلاپ، پىششىق ئىگىلىگەن. ئاۋام خەلقىنىڭ تىلى، ئۆرپ ـ ئادى ـ
تى، مەشرەپ، سەنەملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەن. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى
پىچان، قۇمۇل، تۇرپان تەۋەسىدە توي ـ تۆكۈن، بەزمە ـ مەشرەپلەردە كەڭ ئېيتىلغان، ئۇ ياڭغۇز لەتىپە ـ
چاقچاق ئېيتىش بىلەنلا داڭ چىقىرىپ قالماستىن، بەلكى يەنە قوشاق ئېيتىش بىلەنمۇ داڭ چىقارغان. ئۇ ـ
نىڭ لەتىپە ـ قوشاقلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، ئەزگۈچى زالىملارنى راسا مەسخىرە قىلغان. شۇڭا تۇر ـ
پان ۋاڭلىرى ئۇنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، سەككىز قېتىم ۋاڭ ئوردىسىدىن ھەيدەپ چىقارغان. ئەفرى ـ
دىن ۋاڭ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ، بېيجىڭگە چىڭ سۇلالىسى خانى بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا ئۇنى قىزىق ـ
چىلىق قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بىللە ئېلىپ بارغان.
موللا زەيدىن پۈتكۈل ھاياتىدا يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلەرنى لەتىپە، قوشاقلىرى ئارقىلىق مەس ـ
خىرە قىلغان. ئۇ تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇمى، زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى، نادانلىق، قاش ـ
شاقلىق، خۇراپاتلىقىنىڭ يۇقىرىلارغا كەلتۈرۈۋاتقان زىيانلىرى، باي، ئەمەلدار، مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ
ساختىپەز، ئالدامچىلىق قىلمىشلىرى، ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى، دەرد ـ ئەلەم ـ
لىرى ۋە تەڭلىك ـ باراۋەرلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرەشلىرىنى لەتىپە ۋە قوشاقلىرى ئار ـ
قىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇ ئوردىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېغىر ھالدا قوغۇن تې ـ
رىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كۈن ئۆتكۈزگەن ھەمدە 1880 ـ يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆت ـ
كەن.
موللا زەيدىن قوشاقلىرىنىڭ تىلى ئاممىباب، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، بۈگۈنكى
كۈنگە قەدەر خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

موللا زەيدىننىڭ لۈكچۈندە ئۆتكۈزۈلگەن بىر تويدا باي باللىرىنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتقان
قوشىقى:

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا،
ئوتنى ياقتىڭ نېمىشقا؟

سىنىڭ قىلغان ئىشىڭغا،
بىزغۇ ھەيران،
سەنمۇ ھەيران بۇ ئىشقا.
تۈيمۈدىڭغۇ ھىيلى[1] ئىشقا.

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا،
توينى بۇزدۇڭ نېمىشقا؟
ئىچىڭ يامان، ئۆزەڭ ئەسكى
كۆڭلۈڭ قارا بولغاچقا.

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا
چىدامدىكەن بىر مۇشتقا؟
بۆرە، قاشقىر ئاق قاشقا،
يەر تىلغاپتۇ بىر چوشقا.

كالتەك، چوماق ئۇچلاشىپ،
ئەللەر چىقتى قوغلاشقا.
نەيزە، كالتەك تۇش ـ تۇشتىن،
ئادەم كەلدى قاش ـ قاشتىن،
قاپساپ كەلدى باغلاشقا،
قول، بويىنىنى تولغاشقا.

مىس قازاننى قىزدۇرۇپ،
باش كۆزىنى داغلاشقا.
ئىت تېرىسىنى كىيدۈرۈپ،
رەھمى قىلدۇق ياغلاشقا.
خەلق بىلەن ئۆچلەشكەن،
باجگىر چۈشتى يىغلاشقا.

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا،
ئوتنى ياقتىڭ نېمىشقا؟
چاغلىماستىن ئۆزۈڭنى،
ئەمدى چىقتىڭ يانپاشقا.
ئاغزىڭ تەگدى ئاق تاشقا،
بېشىڭ تەگدى كۆك تاشقا.

چاغلىماستىن ئۆزۈڭنى،
توينى بۇزدۇڭ نېمىشقا؟
ئۆزۈڭ ئەسكى، ئىچىڭ يامان،
كۆڭلۈڭ قارا بولغاچقا.

---

① ھىيلى ــ ھىيلە ـ مىكىر، سۇيىقەست مەنىسىدە.

## 3 ـ باب
## تاشۋاي قوشاقلىرى

تاشۋاي ـــ يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر مۇزىكا ئۇستازى، ئەلنەغمىچى، قوشاقچى. ئۇ 1880 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، 1914 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

تاشۋاي ـــ ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان تالانتلىق سازەندە بولۇپ، ئۆمۈر بويى خەلق تەرەپتە تۇرۇپ، مىسكىن، يوقسۇل خەلق بىلەن مۇستەبىت كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشنى، ھەر خىل تەبىقە، گۇرۇھ، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى جىددىي توقۇنۇشلارنى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئۇـ مىدلىرىنى ۋە يېڭى زامانغا تەلپۈنۈش روھىي ھالىتىنى راۋابى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرىدىن بولۇپ قالغان. ئۇ ئۆمرىدە «تاشۋاي»، «سايىبېرىق ناخشىسى» قاتارلىق مەشھۇر مۇـ زىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىگە زور كۈچ قوشقان. ئۇ داڭلىق راۋابچى بولۇپلا قالماسـ تىن، بەلكى راۋاب بىلەن قوشاق ئېيتالايدىغان ماھىر خەلق سەنئەتكارى. ئۇ ئېيتقان بىر قىسىم ناخشا ـ قوشاقلار ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ قۇلىقىدا جاراڭلايدۇ. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنى تەتقىق قىـ لىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

تاشۋاينىڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ ئېيتقان قوشىقى:

### يۇرت مېھرى

ھەر كۈندە چىقىپ كۆرگەن،
يەلپۈنگەن تېرىقلىقنى.
يىل ئۆتتى چىقالمىدىم،
نە قىلاي غېرىبلىقنى؟

راۋاب چالىمەن ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
ئۆتمىدى مېنىڭ سۆزۈم.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار؟
غېرىبقا غېرىب يىغلار.

كاۋابى سەھرا، كاۋابى سەھرا،
يېنىپ كەلدۇق ئەي باللار.

# 4 ـ باب
## نايىخان قوشاقلىرى

داڭلىق قوشاقچى، خەلق سەنئەتكارى نايىخان 1850 ـ يىلى پىچان لۇكچۇندە تۇغۇلۇپ، 1910 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا چاقچاق ـ لەتىپىلەرگە ئامراق بولۇپ، بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلارنى بىرمۇ بىر چاقچاق قىلىپ ئېيتىشقا ئادەتلەنگەن. شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ ھاياتىدا كۆپ قېتىم ۋاڭ ئوردىسىغا ئەرز قىلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ كەمبەغەل ـ يوقسۇللۇقتا ئۆتۈۋاتقان ئېچىنىشلىق ھاياتىنى قوشاق ئارقىلىق بايان قىلىپ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئاز ـ تولا قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا يول ئاچقان. نايىخاننىڭ بەزى لەتىپە، قوشاقلىرى ھازىرغىچە تۇرپان ـ پىچانلاردا توي ـ تۆكۈن، جامائەت سورۇنلىرىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.
نايىخان قوشاقلىرى ـــ ئەينى يىللاردىكى تۇرپان ـ پىچاندىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ھاياتىنى چۈشىنىش ۋە جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نايىخاننىڭ سۇلتان مامۇت ۋاڭ بەرگەن قوناقنى ئېشىكىگە ئارتقاندىن كېيىن، ئوردىدىن چىقمۇېتىپ ئېيتقان قوشىقى:

ماڭ ئېشىكىم، ماڭ،
سۇلتان مامۇت ۋاڭ.
بىزلەر تېرىپ بۇغدايىنى،
كىم يەيدىكىنتاڭ؟ !
كىملەر تېرىپ قوناقنى،
بىز يەيمىزغۇ زاڭ !...

نايىخاننىڭ ۋاڭ ئوردىسىدا ئەرز ـ ھالىنى بايان قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

ئەسكى تامنىڭ دەزى تولا،
قېرى ئۆچكىنىڭ بېزى تولا.
نايىخاننىڭ قەرزى بولغاچ،
ۋاڭ خوجامغا ئەرزى تولا.

نايىخانغا تەس بولدى،
قەرزدىن بېشىم پەس بولدى.
خوجام ئىلتىپات قىلار دەپ،
توغرا تۇرۇپ ئەرز بولدى.

نايخاننىڭ چاپىنىنى گۆرۆگە قويۇپ ئېيتقان قوشىقى:

رىزقىمنى ئاللا بېرىدۇ،
سەن توقلىمايسەن دوزىنى.①
بەرگەن نېمەڭ ئازغىنە،
قورقماي ئالۇرسەن زوزىنى.②

موللا توختى ئىسمىلىك بىر ئالدامچى تېۋىپنىڭ كېسەل كۆرۈش باھانىسى بىلەن كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، نايخاننىڭ ئېيتقان قوشىقى:

مارالبېشىدىن چىقىپتۇ موللا توختى،
ئېشىكىنىڭ بېشىدا چىگىكلىك نوختى.

قوتۇر ئېشەك ماڭالمىسا داۋانلاردا،
«قىخ هارىمى !» دەپ قامچا بىلەن بىرنى سوقتى.

موللا توختى بىر ئاقساقال، «ئۆلىما كىشى»،
موللىلىقتا بۇ جاھاندا يوق تەڭدىشى.

ئىلمىي نۇجۇم، تېبابەتتىن سۆز ئاچقاندا،
موللام بىلەن تەڭ تۇرالماس ھېچبىر كىشى.

كۆز تىكسە ئۇ ئاسمانغا ئەرشنى كۆرەر،
«سۇپكوچ» قىلسا توخۇلاردىن بەشنى كۆرەر.

موللا توختى قانائەتتىن ئەسلى خالىي،
تومۇر تۇتسا خاماندىكى چەشنى كۆرەر.

موللا توختى ئەسلى تېبىبىي جاھىلى،③
ئىچ سۇرگىگە بېرەر ھېلىلى كابىلى.④

ئىسسىقى ئاشسا بېرەر توم زەنجىۋىل،⑤
سوغۇقى ئاشسا بېرەر ئىسكەنجىۋىل.⑥

① دوزا ـــ خەنزۇچە قورساق مەنىسىدە.
② زوزى ـــ ئۇسۇم مەنىسىدە.
③ ④ ⑤ ⑥ ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ئىسمىلىكى.

## 5 ـ باب
## روزەك باشى قوشاقلىرى

روزەك باشى ــ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ئۆتكەن ئاتاقلىق راۋاب، ناغرا ئۇستىسى، خەلق سەنئەت-كارى، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى.

روزەك باشى 1872 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيە تازغۇن يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن دادىسىغا ئەگىشىپ قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، بۇ يەردە ئۆي ـ ماكان-لىق بولۇپ قالغان. ئۇ گەرچە مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان، ساۋاتسىز بولسىمۇ، لېكىن، ۋۇجۇدىدىكى زېرەكلىك ۋە تالانت ئۇنى ئاخىرى تونۇلغان بىر راۋابچىغا، ناغرا ئۇستىسىغا ئايلاندۇرغان. ئۇ قەشقەر بويىچە ئۇستا سۇنايچى ئەمەت ئاكا بىلەن جور بولۇپ ناغرا چېلىپ، قەشقەر ھېيتگاھتىكى سامانى قىزىتقان. ھېيت ـ بايرام، ئايەم كۈنلىرى ئۇ چالغان ناغرا ھېيتگاھ مەيدانىنى چاڭ كەلتۈرۈپ، كەڭ جامائەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ماختاپ «روزەك باشى» دەپ ئاتاش ئومۇملىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ «ۋاڭ بەگنىڭ قىزى»، «كېلىنىڭ مەشۇقۇم دەيدۇ» قاتارلىق غەزەللىرى خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

روزەك باشى يەنە خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئادەم. 1934 ـ يىلى ئۇرۇمچىدىن چېكىنگەن ما جوڭ-يىڭنىڭ قاچاق ئەسكەرلىرى ھېيتگاھ جامەسىنى ئىگىلەپ ئات ـ ئېشەكلىرىنى باغلاپ، سىيىپ ـ چېچ-قان. ئۇلار جامە ئىچىدە ئەسكەرلەرنىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىنى يۇيدۇرۇپ، مىللەتلەر ئارا زىددىيەت پەيدا قىلغاندا، روزەك باشى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەكسىيەتچىلەر بىلەن دەلمۇ دەل ئېلىشقان. چىدىيالمىغان ما جوڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىرلىشىپ روزەك باشىنى «زىۋازا» دېگەن قالپاقنى كىيدۇرۇپ تا-ياقتا باسقان ۋە ئىككى كۈنگىچە دەرەخكە باغلاپ ئاچ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەھۋالى ناچارلى-شىپ، بىرنەچچە يىل كېسەلدىن ساقىيالماي، 1942 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

روزەك باشى ھەققىدە خەلقنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

جاراڭلايدۇ جۇپ ناغرا،
روزەك باشى قولىدا.
چىن دىل بىلەن ئىشلىگەن،
ۋەتەن، خەلق يولىدا.

ناغرا چالسا، ئاسماندا،
گۈمبۈرلەيدۇ ئاۋازى.
ھېيتگاھ جامە، پەشتاقتا،
ساماچىلار پەرۋازى.

روزىكام ئۆزى ئۇستا،
بوم راۋابى سايرايدۇ.
ئوقۇغاندا ناخشىسىنى،
ھەممە ئادەم ئاڭلايدۇ.

روزەك باشىنىڭ قۇمرى ھەققىدە ئېيتقان قوشىقىدىن نەمۇنە:

## قۇمرى ھەققىدە

ھەق ئىگەمگە، ئادەمزات،
بەندىدۇر.
بارچە قۇشلار ئىچىدە ئۇ،
شاھىدۇر.
قۇمرى ياىراپ ئېيتىدۇ:
يا دوست ھۇ، يا دوست ھۇ ! !

دوستلىرىم قومرىگە مەن،
ئاشىق ئۆزۈم.
شۇ سەۋەبتىن يىغلىغان،
قارا كۆزۈم.

قېنى ئاڭلاڭلار خالايىق،
بىر مەرتىزەم. ①
بارچىلارغا پەند ـ نەسىھەت،
بۇ سۆزۈم.

بىر كېچە ئويغاق ئىدىم،
ۋاقتى سەھەر.
كەلدى سايراپ قاشىمە،
بىر قۇش ـ پەدەر.

كىم؟ دېسەم سوئال بىلەن،
قۇمرى، ـــ دېدى.
بولدۇم مەن ھەيرانە ـ ھەس،
ھەم بىخەۋەر.
قۇمرى سايراپ ئېيتىدۇ،
يا دوستى ھۇ، يادوستى ھۇ ! !

دوستلىرىم ئاڭلاڭ شۇنى،
قۇمرى ئەجەب ئاگاھىدۇر.
قۇمرىنىڭ ئېيتقان سۆزى،
ئاللا ئۇلۇغ ـــ مەنەدىدۇر.

---

① بىر نۆۋەت، بىر مەرتىۋە دېمەكچى.

## 6 ـ باب
## ئايۇپ سامساق قوشاقلىرى

ئايۇپ سامساق ــ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى، ئەڭ داڭلىق خەلق قوشاقچىسى. ئۇ 1908 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيىسىگە قاراشلىق گەزلىك ئايمىقىدىكى كەمبەغەل كۆنچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. كىچىكىدىن باشلاپ ئاتىسىنىڭ ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كۆنچىلىك كەسپىنى ئىگىلىگەن، كېيىن دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپ ناخشا ـ قوشاق، بېيىت ـ غەزەللەرگە ناھايىتى ئامراق ئىدى، ئاتىسىمۇ ماھىر قوشاقچى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ناھايىتى كۆپ مول مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك قوشاقلارنى توقۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كومپارتىيىنىڭ تورلۇك سىـ-ياسىي چاقىرىق، ئەمر ـ پەرمانلىرىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئازاد زامان ھەققىدە نۇرغۇن قوشاقلارنى ئىجاد قىلدى. 1953 ـ يىلى سابىق ئۆلكىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر يىغىنىغا قاتنىشىپ، زور ئىلھام ئالدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئۇنىڭ قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىـ-يەت بېرىپ، ئەۋزەل شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن، گېزىت ـ ژۇرناللاردا نۇرغۇن قو-شاقلىرى ئېلان قىلىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئەڭ مەشھۇر قوشاقچىغا ئايلاندى. ئۇ 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

ئايۇپ سامساق قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مەزمۇنى مول، تىلى ئاممىباب، يادلاشقا ئەپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان.

تۆۋەندىكىلىرى ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئىچىدىكى تارىخىيلىقى ئەڭ كۈچلۈك، مۇنەۋۋەر قوشاقلارنىڭ ئۈلگۈسىدۇر.

### قۇربان ھېيت خاتىرىسى

ناھىيىمىز كەلپىندە
بىر نەچچىلەر باش بولدى.
قۇربان ھېيت كۈنىسى،
ناھايىتى بەلەن ئاش بولدى.

چاقىرىپتۇ چوڭلارنى،
خەتكە بىر ـ بىرلەپ سېلىپ.
«چوڭلار[①]» گۆشنى يەپ كەتتى،
«ئۆششاقلار[②]» قاراپ قېلىپ.

① چوڭلار ــ باي، پومېشچىك، يۇقىرى تەبىقە ۋەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ.
② ئۆششاقلار ــ يېتىم ـ يېسىر، كەمبەغەللەرنى كۆرسىتىدۇ.

گۆشلەر كەلسە ئالدىغا،
كۆزنى يۇمۇپ ھەدەپ يەر.
بۇگۇن مۇنداق يېگەن بىلەن،
ئاخىرەتتە نېمە دەر؟

گۆشنى توق ـ توق يېدۇق دەپ،
ئۆيىگە بېرىپ ئۇخلا.
سۇرۇشتۇرسە دۇنيادا،
ھەممىمىزلا تەڭ پۇقرا.

قىيانلار ئۇلۇغ كەلسە،
ئۇلاغلار ئۆتەلمەيدۇ.
«چوڭلار» مۇنداق قىلماڭلار،
خۇدايىم كۆتۈرمەيدۇ!

بۇ زامان شۇنداق زامان،
گۆشنى «چوڭلار» يەيدىغان.
«چوڭلار» مۇنداق قىلساڭلار،
ئاخىر ھالىڭلار يامان!

«چوڭلار» ھەدەپ گۆش يېسە،
«ئۇششاقلار» قاراپ قالدۇق.
ئاچچىققا بەس كېلەلمەي،
بۇ قوشاقنى ئالدۇق.

پۇقرالارنى يامان دەپ،
ئامبىلىڭغا دېسەڭچۇ؟
قارىتىپ گۆش يېگۈچە،
ئىت تېزىكى يېسەڭچۇ؟

## ئازادلىق

كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىگەن،
كۆيۈك ناننى چىشلىگەن،
كۈن نۇرىنى كۆرمىگەن،
كەمبەغەلگە ئازادلىق.

پومېشچىككە قۇل بولۇپ،
دەرد ئىچىدە خۇن بولۇپ،
ھايۋان كەبى ئىشلىگەن،
كەمبەغەلگە ئازادلىق.

ئالۋان دىسە ھەم بەرگەن،
پاراق دىسە ھەم بەرگەن،
پومىشچىكنى سەمرىتكەن،
كەمبەغەلگە ئازادلىق.

دەرد ئىچىدە قاقشىغان،
بەگ ـ خوجامغا يالۋۇرغان،
قان ـ ياش تۆكۈپ يىغلىغان،
كەمبەغەلگە ئازادلىق.

قارا تۇمان پەردىدە،
پومىشچىكنىڭ دەردىدە،
ھىچبىر راھەت كۆرمىگەن،
كەمبەغەلگە ئازادلىق.

بەختىمىزمۇ ئىچىلدى،
تاڭنىڭ نۇرى چىچىلدى،
پارتىيىمىز ئىلىپ كەلدى،
ئۆلكىمىزگە ئازادلىق.

# 7 ـ باب
# شازادىخان ئانا قوشاقلىرى

ئاتاقلىق قوشاقچى شازادىخان 1901 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1982 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

شازادىخان كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئانىسى شەرىخاننىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرى ئاستىدا دۇتار چېلىشقا، ناخشا ـ قوشاق ئېيتىشقا ماھىر بولۇپ ئۆسكەن، ئەدەبىياتقا ناھايىتى قىزىقىپ، كونا مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان.

شازادىخان كونا جەمئىيەتنىڭ زۇلۇم ـ كۈلپەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاسىتە كۆرگەن ۋە بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇنىڭ ئېرى ئۆمەر ھاجىم شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە تۈرمىگە قامىلىپ قالغاندا، شازادىخان چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ئەرەنچە ياسىنىپ، ھارۋىكەش قىياپىتىدە تۈرمىگە كىرىپ، ئېرىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققان. شېڭ شىسەي ئالتۇن كولاش نامى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇپ چىققان يېتىم ـ مۇساپىرلارغا ئىئانە توپلاپ ياردەم بېرىش، ئۇلارنى داۋالاپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ۋاپات بولغانلىرىنى دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، خەلقپەرۋەرلىكنى ئىپادىلىگەن.

«شازادىخان ئانا قوشاقلىرى» ـــ شىنجاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياۋۇزلۇقى ۋە رەزىللىكىنى، خەلققە قارىتا يولغا قويغان ئادالەتسىز سىياسەتلىرىنى ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تولغان سۇيىقەستلىك پىلانلىرىنى، ئېزىلگەن خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى، زالىملارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئەركىن، ئازاد زامانغا بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلىگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قوشاقلىرىدا يېڭى زامانغا بولغان مۇھەببەت، ياش ئەۋلادلارغا بولغان سەممىي تەربىيە، ئەدەپ ـ ئەخلاق قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

«شازادىخان ئانا قوشاقلىرى» ـــ دەۋر روھى كۈچلۈك بولۇش، مول مەزمۇن، قويۇق ھېسسىيات، ئاممىباب تىل، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇش ئارقىلىق باشقا قوشاقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان.

## ياڭ زېڭشىن ۋە ئۇنىڭ قولچوماقچىلىرىنىڭ زالىملىقى ھەققىدە

قادىر بىلەن ئىمىن نىياز،
ياڭغا ھەمتاۋاق.
بولۇپ ئاڭا يۇرتنىڭ بېشى،
بولدى يانتاياق.

لويى بولدى ئىمىن نىياز،
شۆتاڭدا[1] ئوقۇپ.

① شۆتاڭ ـــ خەنزۇچە مەكتەپ.

ياراپ قالدى ياڭ زېمىنغا،
مەدھىيە توقۇپ.

ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بەردى،
فۇشۇلۇق① مەنسەپ.
تەقدىم قىلدى ئۇزۇن چاڭفۇ،②
يان تايىقىم دەپ.

شۇندىن باشلاپ نەن فۇشۇ③ دەپ،
نامى ئاتالدى.
باشلىرىغا سالپا قۇلاق،④
تاجمۇ تاقالدى.

نەن فۇشۇنىڭ بىر غۇلاچ،
ئۆرۈمە چېچى بار.
قېنى، نەدە ئۇيغۇرنىڭ،
شۇنداق چېچى بار؟

ئۆرۈۋالار چېچىنى،
بېشىغا يۆگەپ.
ئىچىدىكەن قېتىقنىمۇ،
ئاۋايلاپ پۈۋلەپ.

ياڭغا سالام بېرىدىكەن،
چېچىنى چۇۋۇپ.
ئېگىدىكەن باشلىرىنى،
يەرگە ئۈچ ئۇرۇپ.

ياڭ زېمىنىمۇ يېنىدىن ھەم،
بېرەركەن ئورۇن.
بىر تىنىقتا تىنىشىپ،
يالاركەن بۇرۇن.

دەيدىكەن ئۇ: «نەن فۇشۇ
ئەقىللىق ـ دانا.

① فۇشۇ ــ ياردەمچى ئەمەلدار.
② چاڭفۇ ــ ئۇزۇن چاپان، ئۇزۇن يەڭلىك چاپان.
③ نەن فۇشۇ ــ ئىمىن نىيازنىڭ قىسقارتىلما ئىسمى.
④ سالپا قۇلاق تاج ــ مەنسەپ بۆكى.

ئۇ بولمىسا خەق قانداق
بويسۇنار ماڭا.»

ياڭ زىڭشىننىڭ سول يېنىدا،
لى فۇشۇ① تەييار.
بۇمۇ تازا ئۆتۈپ كەتكەن،
بىر كەمەك ئەييار.

ياڭ زىڭشىننىڭ ئېغىلىدا،
جەرەن يورغىسى.
ئىشكىدە چۆرگىلەيدۇ،
نەچچە دورغىسى.

خان بۇيرۇقى، خۇدا ھۆكمى،
دەيدىكەن قازى.
بويسۇنسىڭىز پەيغەمبەرمۇ،
بولارمىش رازى.

مۇشۇ داۋلى② ياڭ زىڭشىننىڭ،
ئەڭ چوڭ قارمىقى.
شۇ گەپ بىلەن باشلىنىدۇ،
ئۇنىڭ يارلىقى.

ھۆكۈمىنىڭ بىرىنچىسى،
ئالۋان ۋە ياساق.
غىڭ قىلدىڭمۇ قىرىندىشىم،
ئىشلىرىڭ چاتاق.

ھۆكۈمىنىڭ ئىككىنچىسى،
ئاڭلىمىساڭ گەپ.
يا ئامبالغا، يا لويىغا،
بىرەلمىسەڭ نەپ.

ئۆمرۈڭ ئۆتەر سېنىڭكى،
دائىم ئاۋاقتا.③
سۆڭەكلىرىڭ تالقان بولۇر،
دەررە ـ تاياقتا.

① لى فۇشۇ — لى ياردەمچى ئەمەلدار، ياڭ زىڭشىننىڭ ياردەمچى ئەمەلدارى.
② داۋلى — قائىدە، قائىدە سۆزلەش.
③ ئاۋاق — تۈرمە، قاماقخانا، گۇندىخانا.

## ساي مەھەللە ھەققىدە

ساي مەھەللە① ، ساي مەھەللە،
ئەتراپىدا بېدە بار.
جەبىر - زۇلۇم دەستىدىن،
يۈرەكلەردە زېدە بار.

ساي مەھەللىدە ئولتۇرساق،
قەلەندەر دېمەك بىزنى.
ئوتقا سالسا كۆيمىگەن،
سەمەندەر دېمەك بىزنى.

ساي مەھەللىدىن ئۆتكەندە،
ئېلاخۇننىڭ خۇمدىنى.②
ئۆلۈپ كەتتى بىمەھەل،
ئادەملەرنىڭ ئوبدىنى.③

چۇقان سالدى چوكانلار،
ساي مەھەللىگە ئۆتەلمەي.
ئۆلۈپ كەتتى ياش بالىلار،
مۇرادىغا يېتەلمەي.

قۇشقاچلارمۇ تونۇيدۇ،
ئۇۋا سالغان باراڭنى.
خەپ توختاپتۇر جاللاتلار،
بىر كۈن يەيسەن جاجاڭنى.

سوكۇلدايدۇ لويىلار،
شېڭ دۇبەنىڭ ئارقىدىن.
چىقىرايلى ھەممىمىز،
باشلارنى بىر ياقىدىن.

## دۇتار چالسام گۇناھمۇ؟

توقاچ ياقتىم ماي بىلەن،
سىيادان سېلىپ.

---

① ساي مەھەللە ــ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھازىرقى ساي مەھەللىنى كۆرسىتىدۇ.
② خۇمدان ــ ئەينى يىللاردا ساي مەھەللىگە يېقىن جايدا ئېلاخۇن دېگەن بىر كىشىنىڭ خىش چىقىرىدىغان بىر خۇمدىنى بار ئىكەن.
③ 1935 ـ يىلى ئۈرۈمچى دەرياسىغا قاتتىق كەلكۈن كېلىپ، ساي مەھەللىسىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. ئەنە شۇ كەلكۈندە نۇرغۇن يېتىم ـ يېسىر، مۇساپىرلار ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە شۇ تارىخىي ھادىسە كۆزدە تۇتۇلغان.

يېدى قوۋلاق - مېڭەمنى،
بىر نادان كېلىپ.

دۇتار دېگەن دوزاخنىڭ،
چوۋمۇچى ئىمىش.
ناخشا دېگەن شەيتاننىڭ،
يېمىشى ئىمىش.

شاماللارمۇ شاخنى يەلپۈپ،
چالىدۇ نەغمە.
گۈل چېغىدا ئىرغاڭلىشىپ،
قىلىدۇ نەزمە.

ناخشا ئېيتىپ، دۇتار چالسام،
گۇناھ بۇ دېسە.
تۆت پۇتلۇقتىن زادى ئۇنىڭ،
پەرقىكىن نېمە؟

## غۇنچىنى غازاڭ قىلماڭ

شاخنى كۆرۈپ ئەگ دېمەڭ،
كۆرۈنگەننى بەگ دېمەڭ.
ئون بەش ياشلىق قىزچاقنى،
كوماڭ چالغا تەگ دېمەڭ.

بوۋىم سىزنىڭ ئېيتىڭىز،
نەگە كەتتى دىتىڭىز؟
نارەسىدىگە ئۇۋال قىپ،
قىزارمامدۇ بېتىڭىز؟

گۈل شېخىدا غۇنچىنى،
قىلماڭ غازاڭ توزۇتۇپ.
تەختۇشىنى تاپقاندا،
قويۇڭ ئۇنى ئۆزىتىپ.

تەشتەكتىكى گۈلىڭىز،
سۇ قۇيمىغاچ سارغايغان.
بوۋىم، سىزنىڭ بېشىڭىز،
قانداق يەردە ئاقارغان؟

## راست گەپ قىلسا نېمە بولار؟

سوپى، ئىشان، موللىلار،
راست گەپ قىلسا نېم بولار؟

ئۆي كىشىسى ئايال دەپ،
گەپ ساتىدۇ بەك تولا.

ئايال دېگەن قورچاقمۇ؟
ئوينايدىغان مونچاقمۇ؟
باشلىرىغا نوختا سېلىپ،
باغلايدىغان تايچاقمۇ؟

نى - نى قىزلار، جۇۋانلار،
پەرەنجىگە ئورالغان.
«ئۆي كىشىسى ئايال» دەپ،
قارا ئۆيگە سولانغان.

سوپى، ئىشان، موللىلار،
راست گەپ قىلسا نېم بولار؟
قىز - چوكانلار بولمىسا،
بۇ ئالەمدە كىم بولار؟

### قانداق دەرگىن «مەن ئاتا»

مەستۇرە بولۇپ قوشناچىم،
ئولتۇرىدۇ كامىردا.
سوكۇلدايدۇ ئاخۇنۇم،
ھەر ئۆيگە مىڭ تەمەدە.

ئاق قىزى، ئاپئاق قىزى،
چىقمايدۇ ھېچ تالاغا.
بىلىم بەرمەي، ئوقۇتماي،
قالماسمىكىن گۇناھقا.

يېڭى مەھەللە، مەسچىتتە،
ئوغۇل - قىزلار ئوقۇيدۇ.
ئاخۇنۇمنىڭ باللىرى،
كۇندە ماتا توقۇيدۇ.

خوتەن مەسچىت ئىچىدە،
مەكتەپ بار شۇنداق كاتتا.
بالىسىنى ئوقۇتماي،
قانداق دەرگىن «مەن ئاتا».

## 8 ـ باب
## مۇھەممەتناپىر قوشاقلىرى

ئاتاقلىق قوشاقچى مۇھەممەت ناپىر 1910 ـ يىلى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىنىڭ قايىراق كەنتىدە ياللاما دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1928 ـ يىلىدىن باشلاپ تىرىكچىلىك تۈپەيلى دادىسى بىلەن بىللە باي ـ پومېشچىكلارغا يالىنىپ، مەدىكارچىلىق، تامچىلىق قىلغان. بۇ جەرياندا خەلق قىزىقىپ ئاڭلايدىغان بىر قىسىم قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان.

مۇھەممەت ناپىر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاش بەختىيار كۈنگە ئېرىشكەن. 1951 ـ يىلى ئۇنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان «غەللە ـ پاراق» ناملىق تۇنجى قوشىقى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. 1957 ـ يىلى، ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنى تەسىس قىلىش يىغىنىغا خەلق قوشاقچىسى سۈپىتىدە ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. 1958 ـ يىلى «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا، 1960 ـ يىلى مەملىكەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. بۇ ئۇزاق جەرياندا ئۇنىڭ بىر قىسىم قوشاقلىرى توپلام سۈپىتىدە نەشر قىلىنىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. 1975 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

«مۇھەممەت ناپىر قوشاقلىرى» ـــ مول مەزمۇنى، كۈچلۈك ھېسسىياتى، ئاممىباب تىلى ئارقىلىق خەلق ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ قوشاقلار ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئىچىدىكى تارىخىي چىنلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى قوشاقلىرىنىڭ نەمۇنىسى.

مۇھەممەت ناپىرنىڭ يېڭى زاماننى مەدھىيىلەپ ئېيتقان قوشىقى:

### بەختنىڭ كۈلگەن زامان بۇ

پارتىيىنىڭ يولى كەڭ،
ھەممىمىزدە ھوقۇق تەڭ.
ئېچىلدى گۈل رەڭمۇ رەڭ،
بەختنىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

هارماي ئىشلە دېھقانلار،
ياشا! ئەمگەك قىلغانلار.
تاپار ھۆرمەت ۋە شانلار،
بەختنىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

ئىشچى ـ دېھقان غەيرەتلىك،
ئىشلە يەرگە جۇرئەتلىك.
ئوغۇتنى قوي سۈپەتلىك،
بەختنىڭ كۈلگەن زامان بۇ.

ئىشتا تالماس قوللىرىڭ،
سولاشمايدۇ بويلىرىڭ،
پارلاق سېنىڭ يوللىرىڭ،
بەختىڭ كۆلگەن زامان بۇ.

ئەمگەك سۆيسەڭ دىلىڭدا،
كەتمەن تۇتساڭ قولۇڭدا.
غەيرەت قىلساڭ يولۇڭدا،
بەختىڭ كۆلگەن زامان بۇ.

كېتەر سوغۇق قىشلىرى،
كېلەر ئېتىز ئىشلىرى.
ئىشلە دېھقان ياش، قېرى،
بەختىڭ كۆلگەن زامان بۇ.

ئىشلىسەڭلا سالامەت،
كېلەر كۆزدە دارامەت.
بولار ئاندىن ھالاۋەت،
بەختىڭ كۆلگەن زامان بۇ.

يۇرتىمىزدا كەڭ ئېتىز،
ۋاقتى ئۆشلا، ئىشلە تېز.
ئەر ۋە ئايال، ئوغۇل، قىز،
بەختىڭ كۆلگەن زامان بۇ.

پارتىيىنى دىلدا سۆي،
ماۋ جۇشىنى بىللە سۆي.
ئىش ـ ئەمگەكنى كۆندە سۆي،
بەختىڭ كۆلگەن زامان بۇ.

## كادىرلار ئىستىلى ھەققىدە

كادىر بولساڭ سىلىق بول،
سوغۇق بولماي ئىللىق بول.
خەلقىمىزنىڭ ئىچىدە،
سۆدا ئۆزگەن بېلىق بول.

بولدۇڭمىكىن سەن شۇنداق،
دادۇيجاڭ[1] ھەم شياۋدۇيجاڭ.[2]

① دادۇيجاڭ ــ كەنت باشلىقى.
② شياۋدۇيجاڭ ــ ئەترەت باشلىقى.

ئەگەر شۇنداق بولمىساڭ،
تەكشۈر، سەندىن كەتسۇن زاڭ.

ئەر ھەم ئايال دېھقانلار،
چىن كۆڭۈلدىن سۆزلەيمەن.
كۆپلەپ پىكىر بېرىڭلار،
توغرا يولنى كۆزلەيمەن.

تەلىم بەردى پارتىيە،
بول — دېدى ئەل چاكىرى.
شۇندا سېنى ھۆرمەتلەپ،
دەيدۇ — خەلق كادىرى.

ئۇسساپ قالسا ئەمگەكچى،
بولغىن سۈزۈك بۇلىقى.
ھېرىپ قالسا يوللاردا،
بولغىن ياخشى ئۇلىغى.

ئەزرائىلنىڭ قولىدىن،
قۇتۇلدۇردى پارتىيە.
كادىرلارغا كۆيۈنۈپ،
بەردى ياخشى تەربىيە.

كادىر بولساڭ ئەگەردە،
ھەممە ئىشتا ماھىر بول.
بولغىن خەلق بېغىدا،
غۇنچىلىغان قىزىلگۈل.

سىياسەتنى تەشۋىق قىل،
ئالغا باسسۇن قەدىمىڭ.
خەلق ئۈچۈن ئىشلىگىن،
بولسۇن ئۇلاردا غېمىڭ.

كادىر بولساڭ قەيەردە،
بوشاڭ بولما، ھازىر بول.
ماۋجۇشىنىڭ گېپىنى،
ئۇقتۇرۇشقا ماھىر بول.

### ئۈرۈق تاللاش ھەققىدە ئېيتقان قوشقى

ئۈرۈق ئالساڭ تاللاپ ئال،
يوغان باشنى خىللاپ ئال.
زېرىكمەستىن تىرىشىپ،
يوغانلارنى تېرىپ ئال.

دانلىق بۇغداي نەسلىلىك،
قارىمۇقلىرى كېسەللىك.
تاللاپ ئالساڭ ئۈرۈقنى،
زېمىنىڭگە يېتەرلىك.

ئۈرۈق تاللاپ ئېلىشتا،
موما تۈۋدىن ئالىمىز.
باشنى تاللاپ ئېلىشتا،
قىر تۈۋدىن ئالىمىز.

ئۈرۈق تاللاپ ئالمىساق،
تۈرلۈك كېسەل يېتىدۇ.
ئوبدان ئۈرۈق سالمىساق،
كۆپلەپ زىيان يېتىدۇ.

كۈزلۈك بۇغداي تېرىشقا،
تاللاپ ئالساڭ ئۈرۈقلۇق.
كۆپ ئالارسەن مول ھوسۇل،
ھەم ئۆزۈڭگە ئوزۇقلۇق.

ئۈرۈق تاللاپ بولۇپلا،
بىز بىپەرۋا تۇرمايلى.
كۈزلۈك بۇغداي تېرىشقا،
يەرنى تەييار قىلايلى.

### ناچار ئىستىللارنى تۈزىتىش ھەققىدە

بۈگۈن بىزنىڭ ۋەزىيەت،
ھەممىمىزدە ھۆرىيەت.
ئارىمىزدىن تۈگىسۇن،
مەزھەپچىلىك زىددىيەت.

بىر ـ بىرىڭنى ھۆرمەتلە،
ئەلدە بارلىق مىللەتلەر.
بىر تۇغقاندەك بولايلى،
ئالغا باسسۇن خىزمەتلەر.

گەپىڭ راستىنى سۆزلە،
ۋەتەن ئىقبالىنى كۆزلە.
ئىشنى قىلساڭ توغرا قىل،
ناچار ئىستىلنى تۈزلە.

شىرە ساقلاپ بۆلۈمدە،
بۇيرۇقچىلىق قىلمىغىن.
كىم گەپ قىلسا ئەگىشىپ،
قۇيرۇقچىلىق قىلمىغىن.

ئۆزۈمچىلىك، مەغرۇرلۇق،
بيۇروكراتلىق ـ خاتالىق.
ئىسراپچىلىق، چوڭچىلىق،
ھەم ئۆزۈڭگە جاپالىق.

پاناھ تىلەپ شەخستىن،
ھېچ قىلمىغىن خۇشامەت.
توغرا قىلساڭ ئىشىڭنى،
خەلقىمىز دۇر كاپالەت.

## 9 ـ باب
## نىساخان ئانا قوشاقلىرى

كۇچا خەلق ناخشىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، راۋاجلاندۇرۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە يەتكۈزگەن خەلق قوشاقچىسى، خەلق سەنئەتكارى نىساخان ئانا 1902 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ كوناشەھەر ئىچىدە بىر نامرات سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1987 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋاپات بولغان.

نىساخان ئانا كىچىك چېغىدىن باشلاپ سەنئەتكە قىزىققان. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى سەنئەتسۆيەر كىشىلەر بولغاچقا، ناخشا ـ مۇزىكىغا قىزىقاتتى. ئانىسى پاتەمخان دۇتار، تەمبۇر ئۇستىسى بولۇپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، تىككۈچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئايال نەغمىچىلەرگە قوشۇلۇپ، مەشرەپ، توي ـ مەرىكىلەردە، ئاشپۇزۇللاردا نەغمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. نىساخان ئانا يەتتە ـ سەككىز ياش چېغىدىن باشلاپلا ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ـ قوشاق ئېيتىش، دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىشۋالغان. 15 ـــ 16 ياشقا كىرگەندە ماھىر ناخشىچى ۋە ئۇستا دۇتارچى بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ بىر قوللۇق نەغمىنى بىر كىشى ئورۇنداشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ، تەكرار ـ تەكرار سىناق قىلىش ئارقىلىق بىر قولدا داپ چېلىپ، يەنە بىر قولدا دۇتار چېلىپ، ئۆزى ناخشا ئوقۇپ، بىر قوللۇق نەغمىنى ئۆزى يالغۇز ئورۇندايدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، يۇرت ئىچىدە داڭ چىقارغان. 1920 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، كۇچا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى مەخسۇت خوجىنى مازاق قىلىپ ناخشا ئوقۇغان. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە 300 دىن ئارتۇق ناخشا ۋە ئاھاڭلارنى ئىگىلەپ، كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، كەڭ خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەزى ناخشا ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ ۋە ئاھاڭغا سېلىپ، ئازاد زامانىنى مەدھىيىلىگەن. 1955 ـ يىلىدىن بۇيان كۆپ قېتىم قەشقەر، ئۈرۈمچى، بېيجىڭلاردىكى سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ، پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. ئۇ ھاياتىدا شاگىرت يېتىشتۈرۈشكە ۋە كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈچمەس تۆھپە ياراتقان.

ئۇنىڭ كۇچا كوناشەھەردىكى ساق ـ ساق ئۆستەڭ ھەققىدە ئېيتقان قوشىقى:

ساق ـ ساق ئۆستەڭ بويىدا،<br>
سېرىق قۇشقاچ ئەگىدۇ.<br>
يارغا كۆيگەن بۇ يۈرەك،<br>
قانداق قىلسام سەگىدۇ؟

ئۆستەڭ بويلاپ ماڭغىچە،<br>
قاراپ تۇردۇم يانغۇچە.<br>
غۇنچە بويلۇق يارىمنى،<br>
بىر سۆيمىدىم قانغۇچە.

يارىم ماڭغان يولىدىن،<br>
كەينىگە يانارمىكىن؟

بىر جام سوغۇق سۇ بەرسە،
يۈرىكىم قانارمىكىن؟

ناخشا ئېيتىدۇ دەيدۇ،
ناخشامنىڭ قازاسى يوق.
مەن مۇنداق يۈرگەن بىلەن،
يۈرەكنىڭ تازاسى يوق.

قارا تاشلىق تۇماقىمنى،
قارا مەخمەلدە تاشلايمەن.
سەن ماڭا كۆڭۈل بەرسەڭ،
ئەزىز جانىمنى ساقلايمەن.

ساق - ساق ئۆستەڭ بويىدىن،
تېرىۋالدىم مارجاننى،
قاش - كۆزۈڭنى ئوينىتىپ،
سەن ئالامسەن بۇ جاننى.

سەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا،
مەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا.
ئۆلمىسەك تەڭ كۆرۈشەرمىز.
ساق - ساق ئۆستەڭ بويىدا.

ئۇنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ھەققىدە ئېيتقان قوشىقى:

## يۈرىكىم چاك - چاك

يۈرىكىم چاك - چاك بولدى،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچەي يارىم.
كېتەر يولۇڭغا باش قويۇپ،
ئەجەل كەلسە ئۆلەي يارىم.

غېرىب - ئاۋارىدۇر كۆڭلۈم،
ئۆتەر يولۇم ماكان بولماس.
ئوتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
خۇنۇم ئەلگە راۋا بولماس.

يار دەپ مەن ئادا بولدۇم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.

بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

ئۈچلىماق بىلىكمىنى،
كۆيدۇرمەك يۈرەكمىنى.

ئاقتۇر بىلەكىم، ئاقتۇر،
ياردىن تەلىيىم يوقتۇر.
ياردىن تەلىيىم بولسا،
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر.

ئاقتۇر بىلەكىم ئاقتۇر،
بىرىپ رەمچىگە باقتۇر.
رەمچى ئېيتىدۇ يالغان،
دەردىڭگە داۋا يوقتۇر.

## بالىخان دادەي

بالىخان دادەي، ئۆيۈڭ نەدە؟
شاياردىكى لەنگەردە.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
چارشەنبە، سەھەرلەردە.

تىرەكسىز هويلىغا كىرسەم،
بىشىمدىن ئاپتاپ ئۆتتى.
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يارىم،
سىنىڭ قەدرىڭ ماڭا يەتتى.

بۇلبۇل سايراپ ئۆتەرمۇ؟
يار ناخشا ئېيتىپ كىلەرمۇ؟
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يىتەرمۇ؟

## ئاشنام بۇدوڭتەي

ئاشنام بۇدوڭتەي،[①]
چىقسۇن چىنارغا.

① بۇدوڭتەي ــ ئېگىلمەسلىك، تەۋرىمەسلىك، ئىككىلەنمەسلىك مەنىسىدە.

ئالسۇن ماباڭنى،[1]
سالسۇن پاچاققا.
(ۋاي شېرىنجان)

يارىم ئۆينايدۇ،
ياۋاغ داۋزىسىدا.
كۆرگىلى بولمايدىكەن،
شاخنىڭ دالدىسىدا.
(ۋاي شېرىنجان)

ئالمىنىڭ ئاقى،
بادامىنىڭ شاخى،
مىڭ تىللاغا ئەرزىيدۇ،
لەۋەننىڭ نازى.
(ۋاي شېرىنجان)

## شەلىرىڭ ئامان

1

ئاۋاتى يەي، ئاۋاتى،
بەشكېرەمنىڭ ناۋاتى.

يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن، (شەلىرىڭ ئامان)
لەۋەن يار خاراۋاتى.

ئاللا - ئاللا لەيلىگلار،
ئۆينىمىساڭلار مەيلىگلار.

2

بۇغداي باغلىغان باغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.
قىلىقىڭنى دېمىسەم (شەلىرىڭ ئامان)
چىرايلىقلىقىڭ چاغلىق.

كىچىككىنە قارا كۆز،
سەن كۈرەگە بارغانمۇ؟
ئاخشىمى قاراڭغۇدا (شەلىرىڭ ئامان)
راست سۆيگەنمۇ يالغانمۇ؟

---

[1] ماباڭ ــ تاياق مەنىسىدە.

## 10 ـ باب
## ئىلاخۇن كۆككۆز قوشاقلىرى

ئىلاخۇن كۆككۆز ــ ئاتاقلىق خەلق قوشاقچىسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇ 1866 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ناخشا ـ سازغا خۇشتار بولۇپ، سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرىنى يادقا ئېلىپ يۈرۈپ، مەشرەپ، توي، مىلىسلاردا ئېيتىپ، خەلق كۆڭلىنى خۇشال قىلىپ، جامائەتكە تونۇلغان. ئۇ كەمبەغەل ـ يوقسۇللۇق تۇرمۇشنى كۆپ باشتىن كەچۈرگەچكە، قوشاقلىرىدا ئەزگۈچى ـ زالىملارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماق ـ چىلىرىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى قاتتىق پاش قىلىپ، ئەركىنلىككە ـ ئازادلىققا تەلپۈنگەن خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ، خەلق ئارىسىدا هازىر جاۋاب قوشاقچى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇ پۈتۈن هاياتىدا ئەزگۈچى سىنىپلارغا ئۆچمەنلىك نەزەرى بىلەن قاراپ، خەلققە ناخشا ـ قوشاقلىرى ئارقىلىق هېسداشلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ قېتىم ئىلى يامۇلىغا سولانغان، ئۇرۇمچى تەرەپلەرگە پالانغان، خەلق ئاممىسى ئۇنىڭغا هېسداشلىق قىلىپ، ئۇنى قوللىغىنى ئۈچۈن، بەگ ـ زالىملار ئىلاج قىلالماي، ئۇنى سولاقتىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ 1933 ـ يىلى يامۇلدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن جەم بولۇپ، تېكەسكە بېرىپ شۇ يەردە ماكانلىشىپ، باغۋەنچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1950 ـ يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، 1970 ـ يىلى 104 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

«ئىلاخۇن كۆككۆز قوشاقلىرى» ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى سۈپىتىدە خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ساقلانغۇسى.

ئۈچۈپ يۈرگەن قارلىغاچلار
بالىسىغا دان بەرگەن.
مېنىڭ ئاتام رەهمەتلىك،
بىر يېشىمدا جان بەرگەن.

تىلىۋالدى دەر دادامنى،
مەن كۆرمىگەن ئاتامنى.
كىچىك قېلىپ ئانامدا،
كىر قىلمىغان ياقامنى.

بىز بۇياققا كەلگەندە،
ئانامنىڭ مىنگىنى ئۆكۆز.
ئۆزۈمنىڭ ئېتىم يوقتەك،
ئەللەر دەيدىكەن كۆككۆز.

جىرغىلاڭدا باغ تولا،
ئىلىخودا بەگ تولا.
بۇ بەگلەرنىڭ زۇلمىدىن،
يۈرىكىمدە دەرد تولا.

ئىلىخودا ئاۋرال تاغ،
ئوتتۇرىسىدىن قاش ئاقۇر.
زامانە شۇنداق بولسا،
بەگلىرىڭگە كىم باقۇر.

قاش بويىدا بار ئىكەن،
بەگ، تۆرەمنىڭ جاڭزىسى.
بەگ سۆزىگە ئىشەنمە،
باردۇر ھىيلە - ياڭزىسى.

يۇقىرىدىن چىقىپ كەلسەم،
بەشئون بىلەن ئۈچئون بار.
يامۇلغا سولاپ قويسا،
بۇرگە بىلەن چۈچۈن بار.

شەھەردە ئېتىم يامان،
سەھرادا بەتتەر ئاندىن.
نېمە قىلسا قىلمامدۇ،
قورقۇپ يۈرمىدىم خاندىن.

يامۇلۇڭغا چۈشكەن بىز،
تاملىرىنى تەشكەن بىز.
مەن - مەن دېگەن بەگلەرنىڭ،
ئەدىپىنى بەرگەن بىز.

ئەجەبمۇ بېشىم قاتتى،
دەردىنىڭ ئۈستىگە دەردتىن.
ئالدىمدا سالام قىلىپ،
ماراپ يۈرىدۇ چەتتىن.

مەن نەگە بارالايمەن.
بوينۇم قىلدا باغلاقلىق.
ھەر باسقان قەدىمىمۇ،
مىڭ كۆز بىلەن پايلاقلىق.

قەشقەردىن ئادەم چىقسا،
تۇتىدۇ چىقىپ چېرىك.
ئۇقماستىن يېنىپ قويسا،
كۆمىدۇ گۆرگە تىرىك.

بۇ هالنى كۆرۈپ هەركىم،
ئېچىنار يېتىمچىغا.
ئىچىم قايىنىدى بىر كۈن،
مۇشت ئاتتىم چېقىمچىغا.

چېقىمچى مېنى چاقتى،
ئالدىمغۇ يامان ئاتاق.
پۇتىمدى شۇندىن بېرى،
ئېلاخۇنغا سوئال ـ سوراق.

يېتىمچىنى تۇتماققا،
چېرىك چىقتى ئېتىلىپ.
ئاتقا سوقتۇرۇپ ئۆتتۈم،
چېرىكلەرنى يىقتىپ.

ياخشى ئاتتىن ئايرىدى،
قالدىمغۇ بولۇپ ياياق.
ئىچىمگە گۇمان چۈشتى،
ئېلىپ يۈردۈم چوماق ـ تاياق.

چەككىم كەلدى ئەجەبمۇ،
ئۆيدە بارمىكىن غاڭزا.①
ئەمدى مېنى تۇتقۇدەك،
شەهەرگە چىقىرىپ داڭزا.②

زامانەڭنىڭ هالى شۇ،
كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى.
ياخشى ـ يامان دېسە،
تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى.

مىنگەن تورۇقۇم قاشقا،
تەگمەس تۇيىقى تاشقا.

---

① غاڭزا ــ چىلىم مەنىسىدە.
② داڭزا ــ شەهەر دەرۋازىسىغا چاپلىنىدىغان ئادەم تۇتۇش بۇيرۇقى ئېلانى.

سەن مېنى يامان دەيسەن،
سېنىڭ قورسىقىڭ باشقا.

ئېلاخۇن دەپ ئېتىم بار،
شەنگەنلەردە ئۆچۈم بار.
نېمە قىلساڭ قىل شەنگەن،
ساڭا تېتار كۈچۈم بار.

مېنى تۇتقان بەگلەرنىڭ،
قەستى ئېتىمدا قالغان.
جاننى ئالساڭ ئال زالىم،
قىلغان تۆھمىتىڭ يالغان.

غۇلام، ئەختەم ئەمەسمۇ،
مېنى باققان توقايلىق.①
ياخشى ئات ئاستىمدا تۇرسا،
كىمدىن شۇنچە قورقايلۇق.

ئوڭ قولۇمدا مالخىيىم،
چەپ قولۇمدا چاقمىقىم.
بالىلىرىمنى دېمىسەم،
يوقتۇر شەھەرگە بارمىقىم.

ئېلىپ كەلدى قولۇم باغلاپ،
ئاتنىڭ ئالدىدا.
ئامان بولسام، چېقىمچىلار،
قالماس دالدىدا.

زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن،
چىققىلى بولماس.
كۆككۆز جېنىم ئامان بولسا،
بەگلەر قۇتۇلماس.

تاغدا كەكلىك غەلەت بولماي،
قەپەسكە چۈشمەس.

① يۇرت ئىسمى.

قىلغان ئىشىم ھەقتۇر مېنىڭ،
چىرىغىم ئۆچمەس.

سەكسەن بەگلەر بىر بولۇشۇپ،
ھەددىدىن ئاشتى.
ئەلنىڭ ئاققان كۆز ياشلىرى،
سەل بولۇپ تاشتى.

بۇگۈنمىكىن، ئەتىمىكىن،
سوراقنىڭ ۋاقتى.
مەن تۇتۇلدۇم، بەرمەس قويۇپ،
چوڭ يەرگە چاقتى.

قەپەسكە سولاپ قويدى،
نەگە بېقىپ سايرايمەن.
ئۇرۇمچىگە پالىدى،
كىمگە بېقىپ قارايمەن.

بىز ئىلىدىن چىققاندا،
دەريا ياقىلاپ ماڭدۇق.
ئامان بولغىن دوستلار، دەپ،
كۆزىمىزگە ياش ئالدۇق.

بىر قەپەستە ئېلاخۇن،
ئارا قەپەستە سۇلايمان.
يىغلىماڭلار يارەنلەر،
كېلەرمىز ئېسەن ـ ئامان.

قەپەسكە سولاپ قويۇپ،
بىزنى قورقۇتاي دەمسەن؟ !
زۇلۇمنى تولا قىلىپ،
ئۆزۈڭ يوقىلاي دەمسەن؟ !

ئۇرۇمچىدىن خەت كەلسە،
يالغانمىكىن دەپتىمەن.
قەپەسكە سولاپ قويسا،
يامۇل چېغى دەپتىمەن.

ئالاردا ئۆزۈك ئالغان،
باقماي ئۆز قارارىڭغا.
بىز ئادەم، كەكلىك ئەمەس،
قەپەسكە سولارىڭغا.

تار قەپەستە مەن ياتقان،
ئارا قەپەستە سۈلايمان.
بىزنى بۇ كۈنگە قويغان،
ياڭتوك① ۋاقتى ـ شۇم زامان.

قەپەسكە سولاپ قويدى،
ھەر تەرەپكە قارايمەن.
ئامان بولغىن دوستلار، دەپ،
بىر خۇدادىن تىلەيمەن.

قول ـ پۇتتا كىشەن، كويزا،
سۆڭەككە پېتىپ كەتتى.
زالىملارنىڭ قىلمىشى،
جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

خوش ـ خوش، ئىلى باغلىرىم،
مەن يايلىغان تاغلىرىم.
مەندىن رازى بولۇڭلار،
يىغلاپ قالغان باللىرىم.

ئارىدا تۈنەپ ئىككى،
تەلكىگە يېتىپ كەلدۇق.
چېرىك تىللىسا مەيلى،
ناخشىنى ئېيتىپ كەلدۇق.

تەلكە دېگەن داۋاننىڭ،
مەنزىلى خويمۇ يىراق.
چېرىكلەرگە سۇ دېسەك،
بىزدىن قاچىدۇ نېراق.

تەلكىنىڭ داۋانىدىن،
كارۋان توختىماي ئۆتتى.

① ياڭتوك — ھەربىي ئەمەلدار.

سۈلايمان يىغلىغان بىلەن،
ئېلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.

تەلكىدىن ئۆتۇپ كەتتۇق،
ئىلىدىن چىقىپ كەتتۇق.
باشقا چۈشكەن كۈنلەرنى،
قوشاققا قېتىپ كەتتۇق.

تەلكىدىن چىقىپ كەلسەك،
سايرام كۆلى كۆرۈندى.
ئايرىلىش يامان ئىكەن،
يۈرەك ئىككى بۆلۈندى.

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
قىش كىرگەندە توڭلايدۇ.
غەم قىلماڭلار يارەنلەر،
خۇدايىم باشنى ئوڭشايدۇ.

ئوڭ يېنىمدىمۇ چېرىك،
سول يېنىمدىمۇ چېرىك.
بىزنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭغان،
ماناپ توڭ ① بىلەن شېرىك.

چۆل ـ ئېدىردىن ئۆتكەندە،
ماناپ ئىلىغا ياندى.
ئالتە قاغا بىر بولۇپ،
بىزنى ئارىغا ئالدى.

ئۈرۈمچىگە پالاندۇق،
قوغۇن پىششىقى كۈزدە.
جانغا پاتتى غېرىبلىق،
ئۈرۈمچى يولىدا تۈزدە.

ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق،
يامۇلغا ئېلىپ كىردى.
سۈرى يامان ئەبلەخلەر،
قاقشىتىپ ئۈرۈپ كىردى.

① ئادەم ئىسمى.

يامۇلغا سولاپ قويدى،
ئەتراپنى كۆرەلمەيمەن.
بۇرگە، چۈچۈن دەستىدىن،
تولغىنىپ ياتالمايمەن.

ئاستىمغا سېلىپ ياتقان،
كالا يۇڭى تېكىمەت.
تۆھمەت بىلەن سولىدى،
بۇ قارا يۈز ھۆكۈمەت.

دېھقان بولمىغان بەگلەر،
تارتمايدۇ مۇشەققەتنى.
سوراق سورىدى قانچە،
سۆزلىدىم ھەقىقەتنى.

نۇرمەمەت ①بالام كەلسۇن،
تۇرسۇنمۇھەممەت ②بالام كەلسۇن.
مەن ئۆلسەم ئۆلۈپ كېتەي،
ئەل - يۇرتۇم ئامان قالسۇن.

يامۇلدا بولار سوراق،
بىرى بىرىدىن يامان.
تارتماسقا نېمە چارە،
باقمىسا بىزگە زامان.

بۈگۈن نەچچە كۈن بولدى،
كۆرمەيدۇ مېنىڭ كۆزۈم.
كۆرۈپ يۈرگەن ئىشلارغا،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

ئۈرۈمچىدىن يانغاندا،
ئېلىغا قاراپ ماڭدۇق.
يامۇلدىكى زۇلۇمنى،
بىر - بىرلەپ ساناپ ماڭدۇق.

قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى،
تالا - تۈزنى كۆرمەستىن.

---

① ② ئادەم ئىسىملىرى.

جەبرىنى تولا تارتىپ،
ئاخىر ياندۇق ئۆلمەستىن.

تاغنىڭ ئارقىسى تىكەن،
يېرى زەپ بولۇق ئىكەن.
دەرياسى ئېقىپ ئۆتەر،
قۇرىماس سۇلۇق ئىكەن.

ئېلاخۇن ساراڭ ئەمەس،
چۈجىنى ساناڭ كۈزدە.
باغلارنى بىنا قىلدىم،
دەرەخسىز مۇشۇ كۈزدە.

بېغىم ئالمىسى تاتلىق،
ھەركىم كېلىپ ئاشايدۇ.①
ئۇلار رەھمەت ئېيتقاندا،
ئېلاخۇن كۆڭلى ياشنايدۇ.

① ئاشاش — يېيىش، ئىرغىتىش مەنىسىدە.

# 11 ـ باب
# سېلىم بوۋا قوشاقلىرى

داڭلىق قوشاقچى سېلىم بوۋانىڭ نامى قاراماي نېفىتلىكى بىلەن باغلىنىشلىق. ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن.

سېلىم بوۋا قوشاقلىرى ئىلى، قاراماي، شىخولاردا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەلۇم خاسلىق ۋە تارىخىيلىققا ئىگە.

سېلىم بوۋا ئەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭلىق بولۇپ، قارامايغا چىقىپ تۇرۇپ قالغان. ئۇ قارامايدا تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، 30 نەچچە يىل يەككە ـ يېگانە تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرلىرىدە ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، ئېشەكنى مىنىپ، بىپايان چۆل ئىچىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ھەممە ئەتراپقا زەن سېلىپ قاراپ ماي ئىزدىگەن. ئۇ، قارامايدا نېفىت بارلىقىنى ئەڭ دەسلەپ تاپقان تۇنجى ئىگىلىك ياراتقۇچى بولۇپ، قارامايدىكى يەرلىك ماي بۇلاقلىرىدىن ئەڭ دەسلەپ ماي ـ نېفىت ئېلىپ، شىخو، جىڭ بازارلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سېلىم بوۋا نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرگۈچىلەرنى باشلاپ يۈرۈپ، ئۆزى ئىلگىرى ماڭغان ـ تۇرغان جايلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ، ماي بۇلاقلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشقان.

سېلىم بوۋا دۇتار، راۋاب چېلىشنى بىلىدىغان قىزىقچى ئادەم بولۇپ، ئۆز دېمەتلىكلىرى ئارىسىدا ناخشا ئېيتىش، قوشاق توقۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە ئىكەن. ماي بۇلاقلىرىنى ئىزدەپ تېپىش جەريانىدا، بىر قىسىم قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ ۋە ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ، ئۆزىنى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنى خۇشال قىلغان. بۇ قوشاقلار قارامايدىكى قوشاقچى ـ ئەلنەغمىچىلەرنىڭ تارقىتىشى بىلەن بۈگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

«سېلىم بوۋا قوشاقلىرى» ــ قارامايىنى ئېچىش يولىدا جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ تەر ئاققۇزغان تۇنجى ئەۋلاد نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇش ـ ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، زور تارىخىي ۋە رېئال قىممەتكە ئىگە.

ماكانىمدۇر ماي بۇلاق،
جەرەن بۇلاق، ئاق بۇلاق.
تۆھمەت، ئالۋان ـ ياساقتىن،
باغرى تازا، ساق بۇلاق.

جەرەن تۇتۇپ يېدىم مەن،
كىيىك تۇتۇپ يېدىم مەن.
تېرىسىنى ئۆشنەمگە،
ئېگىن ئېتىپ كىيدىم مەن.

قۇشلار بولدى مۇڭدىشىم،
ئېشەك بولدى قولدىشىم.
چۆلنى كېزىپ يۈرمىشىم،
يالغۇزلۇقنى گولدىشىم.

قاپتاللارغا قۇش قوندى،
سايرىمايدۇ نە بولدى؟
توختا ئېشەك، ئوتلىغىن،
كۈن ئولتۇردى، كەچ بولدى.

چۆلنى كېزىپ يۈرگەندە،
سۆكسۆكلەر ئوتۇن بولدى.
كۈن قەيەردە كەچ كىرسە،
ئاشۇ يەر ماكان بولدى.

راۋابىمنى چېلىپ مەن،
باياۋاننى كەزدىم مەن.
ماي بۇلاقنى ئىزلىمەن،
پۇرىقىدىن سەزدىم مەن.

ماڭا ھەمراھ، ئەتىۋار،
ئىككى قاپاق، بىر ئېشەك.
ماي ئېلىشقا ئەپلىككەن،
ئېلىۋالغان بەل، گۈرجەك.

قۇشلار ئۆتسە تىزىلىپ،
يانغا كەل دەپ چىللىدىم.
يۈرۈپ چۆلدە يېگانە،
جان ئامان دەپ تىلىدىم.

نەلىك سەن؟ دېگەنلەرگە،
قاراماي دەپ قويدۇم.
تاپسام يېڭى ماي بۇلاق،
دۈرۈت ئوقۇپ، ئات قويدۇم.

ئوت ـ چۆپى بار بۇ يەرنىڭ،
سۈيى يوقكەن بۇ يەرنىڭ.
قاراماي دەپ ئات قويدۇم،
مېيى باركەن بۇ يەرنىڭ.

نەچچە ئۆتەڭ، قونالغۇ،
شىخو، قاراماي يوللىرى.
ماڭا تونۇش بۇ يەرنىڭ،
گۇل ـ گىياھ، تاش ـ قۇملىرى.

ماينى ئېلىپ شىخوغا،
نەچچە قونۇپ يېتىمەن.
تەشنالىق يېتىپ قالسا،
ھال ـ ھوشۇمدىن كېتىمەن.

شىخونىڭ بازارىدا،
ساتتىم قاپاقتا ماينى.
خۇدايىم بېرەر بىر كۈن،
باي مىنگەن سېمىز تاينى.

ئىلىدىن ھارۋا كەلسە،
ماي تۇگەيدۇ قاپاقتا.
ئۇ مۇساپىر، مەن غېرىب،
ئوتسىنىمىز ئوچاقتا.

جورام ياتقان قەبرىنى،
كۈندە يۈزمىڭ ئايلاندىم.
لەھەت كولاپ يېنىغا،
بۇ چۆللۈككە باغلاندىم.

قارا چېچىم ئاقاردى،
مادارىمدىن كەتتىم مەن.
ئەل ـ يۇرتۇمنىڭ قەدرىگە،
قېرىغاندا يەتتىم مەن.

ئۆردەك، غازنىڭ باللىرى،
ئۈزۈپ ئوينار كۆللەردە.
ئۆلۈپ قالسام قالىدۇ،
باسقان ئىزىم چۆللەردە.

## 12 ـ باب
## ئىسمايىل كاككۇك قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى ئىسمايىل كاككۇك 1890 ـ يىلى ئىلىدىكى بىر خالىق ئىشچىسى ئائىلىسىدە تۇ ـ غۇلغان. ئۇ كىچىكىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، 12 يېشىدىن تارتىپلا خالىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان. خالىدا ئىشلەۋاتقان مۇساپىرلار ئىچىدە ئاجايىپ ناخشىچىلار، ھېكايە ـ چۆچەك، لەتىپە ـ يۇمۇر ئېيتىدىغان خەلق سەنئەتكارلىرى بار ئىدى. ئىسمايىل مۇشۇلارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىگە ئىشتىياق باغلايدۇ. ئىشتىن چۈشكەن چاغلاردا ياكى ئەتىگەن ـ ئاخشامقى بوش ۋاقىتلاردا يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ناخشا ئوقۇپ، قوشاق ئېيتىپ، مۇساپىرلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇ ـ نىڭغا «كاككۇك» دەپ نام قويۇپ، ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ. ئىسمايىل كاككۇك ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئېغىر ئەمگەك ۋە چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم دەستىدىن خالىنى تاشلاپ، غۇلجا ناھىيىسى ئەتراپىدىكى يېزىلاردا بىر مەزگىل سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسمايىل كاككۇك مىليونلىغان كىشىلەر قاتارىدا بەختكە ئېرىشىپ، ئازاد زامانىنى كۈيلەپ، بىر مۇنچە قىزىق، تەسىرلىك قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قوشاقلىرى ئارقىلىق ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى ئادالەت ـ سىز، تەڭسىز زامانىنى پاش قىلىپ، باي ـ پومېشچىك، خالىق خوجايىنلىرىنىڭ يىرگىنچلىك قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، مۇساپىرلارنىڭ دەردىنى ئېيىپ بەرگەن، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى قىزىق لەتىپە ـ يۇ ـ مۇرلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىپ، ئەزگۈچىلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلغان.

«ئىسمايىل كاككۇك قوشاقلىرى» ــــ ئىلى رايونىدا خېلى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھەرقايسى جەھەت ـ لەردىن بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇ 1966 ـ يىلى غۇلجىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

### زالىملار زامانىدا

ئىسمايىل كاككۇك دەيدۇ،
مېنى تونۇغان ئەللەر.
يىل بويى بىكار ئىشلەپ،
مۇكچەيدى قاۋۇل بەللەر.

يارى يوق، نىگارى يوق،
بايغا ئىشلىگەن كاككۇك.
خەق ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ،
لېۋىنى چىشلىگەن كاككۇك.

زالىملار چىقىپ كەلدى،
مىنىگىنى تورۇق قاشقا.

زەھەر تىللىق قامچىسى،
ئوينايدۇ بىزنىڭ باشتا.

دودۇشاڭ، كۇرەلەردە،[1]
ئىشلىدۇق جاللات ئۇچۇن.
زۇلۇمنىڭ چېكى بارمۇ؟
بىز يوقسۇل، نامرات ئۇچۇن.

دودۇشاڭ، كۇرە دەيدۇ،
مەن كۆرمىگەن يەر ئەمەس.
سەن رەھىمسىز بايلارغا،
تېتىمىسام ئەر ئەمەس.

شاللىقتا تولا ئىشلەپ،
پاشا چاقتى بۇ تەننى.
بىردەملىك ئارام ئۇچۇن،
قامچا تىلدى بەدەننى.

ئىلى دەريا ئاقىدۇ،
كۇنپېتىشقا ئۆركەشلەپ.
زالىم توقمىقى بوتۇڭ،[2]
ئېرى كەتمەس دۇشكەلەپ.

① ئىلىدىكى جاي ئىسىملىرى.
② بوتۇڭ ــ خاڭ خوجايىنلىرى.

# 13 ـ باب
## ئۆمەر ھېزىم قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى ئۆمەر ھېزىم 1923 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ قوشئاۋات يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋاپات بولغان.

ئۆمەر ھېزىم كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىگە قىزىققان. خەلق ئارىسىدىكى داستان، چۆچەك، رىۋايەتلەرنى، خەلق قوشاقلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە شۇ ئاساستا قوشاقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1953 ـ يىلدىن باشلاپ تۈرلۈك مەزمۇن، تېمىلاردا يازغان قوشاقلىرىنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 1984 ـ يىلى ئۇنىڭ «ئۆچمەس تىلەكلەر» ناملىق بىرلەشمە توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئۆمەر ھېزىم قوشاقلىرىدا ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە خەلقنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق كۈنلىرى، باي ـ پومېشچىكلارنىڭ زوراۋانلىقى، خەلقنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان تەلپۈنۈشى قاتارلىق مەزمۇنلار ۋە يېڭى جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك يېڭى ئۆزگىرىشلەر، يېڭى زامانغا بولغان مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۆمەر ھېزىمنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئۆتمۈش جەمئىيەتتىن شىكايەت قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

### ئۆتمۈشكە لەنەت

جېنىمىز تويۇپ كەتكەن،
قارا زۇلۇم، ئۆتمۈشتىن.
ئاپەت ياغقان خەلققە،
شۇم گومىنداڭ ئىبلىستىن.

بەگلەر ئۇرۇپ سوققاندا،
زۇلمەت باشقا ياغقاندا.
ئاڭلىمايتتى زالىملار،
خەلق غەم ـ دەرد تارتقاندا.

بايلار يېگەن ياغ توقاچ،
كەمبەغەلگە ساپ ئۇماچ.
تۇغۇلغانغا مىڭ تويۇپ،
ئادەم ئۆلگەن قورساق ئاچ.

ئەمەلدارلار ئاقسۆڭەك،
كىيىملىرى ساپ يىپەك.
كەمبەغەللەر بېشىغا،
قويۇپ ياتقان تاش ـ كېسەك.

باي ـ پومېشچىك بازارچى،
بالىلىرى تاماشاچى.
كەمبەغەلگە شۇم زامان،
ئاتاق بەرگەن «ھاشارچى».

باينىڭ نامى بەگزادە،
خوتۇن ـ قىزى خانزادە.
بىزنى ئاشۇ زاماندا،
ئاتىشاتتى قەلەندەر.

باي ـ پومېشچىك ئات مىنگەن،
ئوغۇل ـ قىزى شاد يۈرگەن.
ئۆلۈپ قالسا كەمبەغەل،
ئەھۋالىنى كىم كۆرگەن؟

باينىڭ ئىدى خوپ تۇرمۇش،
كۈندە يەيتتى پولۇ، گۆش.
بىلمەيسىلەر ئۆتمۈشتە،
ئىسمىم ئىدى «يالاڭ تۆش».

پومېشچىك ئىش قىلمايتتى،
بىزنى بىكار قويمايتتى.
بەرگەن ئازراق ئېشىغا،
ھەرگىز قورساق تويمايتتى.

باي قىلاتتى جازانى،
كۈندە ئېلىپ بازارنى.
ئىنتقا بەرسە يېمەيتتى،
بىزگە بەرگەن «غىزا»نى.

ئانام ئېغىر ئەمگەكتىن،
مېنى ئايرىپ ئەمچەكتىن.
تاپالىسا ئىچەتتى،
ئۇماچ چېلىپ كېپەكتىن.

باينى بەگ، خوجام دەيتتۇق،
زاغرىنى غاجاپ يەيتتۇق.
ئۆتمۈش كونا زاماندا،
ئاق ئاشنى بىز بىلمەيتتۇق.

پومېشچىك يەپ كاۋابنى،
چىلاپ ئىچىپ ناۋاتنى.

هەركۈن خۇشال ئوينايتتى،
چالدۇرۇپ داپ، راۋابنى.

قۇياش چىقىپ شەرقتىن،
هال سورالدى خەلقتىن.
شۇندىن بۇيان قۇتۇلدۇق،
بويۇنتۇرۇق سىلىقتىن.

هۆر زامانغا مۇهەببەت،
قەد كۆتۇردۇق هەرمىللەت.
ئادالەتنى ئورناتقان،
پارتىيىگە مىڭ رەهمەت.

ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئېيتقان قوشىقى:

## يېڭى زامان هەققىدە

كۆرەش قىلىپ خەلقىمىز،
ئوت ياقتۇق تۇن تەختىگە.
خۇشال كۇلۇپ ئېرىشتۇق،
ئازاد زامان بەختىگە.

تەڭسىزلىكنى يوقىتىپ،
چىقتۇق ئادالەت سەهنىگە.
جازا بەردۇق ئەجەللىك،
باي ـ پومېشچىك، ۋەهىمىگە.

جۇت ـ زىمىستان يوقىلىپ،
يەتتۇق باهار پەسلىگە.
يېڭى زامان يەتكۇزدى،
بىزنى بەخت ۋەسلىگە.

گۇللەر ئۇنۇپ بۇ يۇرتتا،
تولدى چۆللەر كەشتىگە.
يېڭى قوشاق توقۇدۇم،
يېڭى زامان شەنىگە.

تۇنۇگۇنكى يوقسۇللار،
ئېرىشتۇق زور غەلىبىگە.

قاتتىق ئىشلەپ تەر تۆكۈپ،
يېتىمىز شان ـ پەللىگە.

## پاختا تېرىش ھەققىدە

پاختا تېرىش بەك مۇھىم،
بۇ يۇرتىمىز شىنجاڭدا.
يەرگە ئوبدان ئىشلەيلى،
تېرىش ۋاقتى بولغاندا.

پاختىنى كۆپ تېرىساق،
ئەرزان بولۇر گەزلىمە.
راسا ئىشلەپ پاختىغا،
كىيىمدىن سەن غەم يېمە.

كېۋەز تېرىغان يەرگە،
كەتمىنىڭنى تازا چاپ.
مول ھوسۇلنى ئېلىشقا،
يېڭى ـ يېڭى چارە تاپ.

كېۋەزلىكتىن بۇ ئىمىر،
بىر ياخشى گۈل ئۈزۈپتۇ.
خۇشاللىقتا پاختىغا،
شۇنداق قوشاق توقۇپتۇ.

## خۇراپاتلىقنى قامچىلاش ھەققىدە

مەن ئېيتىمەن ھېكايەت،
خۇراپاتتىن شىكايەت.
شىللىمىزدىن باسقان ئۇ،
قىلىپ سانسىز جىنايەت.

ئادالەت دەپ قۇللۇقنى،
ماختاپ ئۇن خوتۇنلۇقنى.
ئۆزى ئوڭدا يېتىپ يەپ،
بىزگە تاڭغان خورلۇقنى.

ياتسا، قوپسا «ئىنساپ» دەپ،
ئەمگەك قىلماي يېتىپ يەپ.
قېنىمىزنى شورىغان،
كەسپى ئۇنىڭ قۇرۇق گەپ.

«ئەۋلىيا» دەپ ئۆزىنى،
پەردازلىغان كۆزىنى.
ئەلگە تاڭغان «قانۇن» دەپ،
ئەمر ـ پەرمان سۆزىنى.

سېسىق نامى پۇر كەتكەن،
جىن ـ شەيتانغا دەرس ئۆتكەن.
ئەل قېنىنى شوراشقا،
ياۋۇزلۇقنى ئىشلەتكەن.

يوق گەپلەرنى ئويدۇرۇپ،
پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇپ.
پۇلغا ساتقان قىزلارنى،
ئاسارەتكە بوغدۇرۇپ.

ئاياللارنى «ئىش بىلمەس»،
كەمسىتىپ «قولىدىن ئىش كەلمەس».
تەقدىر دېگەن ئەنە شۇ،
دېگەن «ئايال ئەردىن پەس.»

ئەمەلدارلار چىشلەيدۇ،
پۇقرا دېگەن ئىشلەيدۇ.
بويسۇنماقمۇ ۋاجىپتۇر،
خەلق بۇ ئىشنى ئۇقمايدۇ.

قۇلدۇر بۇ، دەپ ساتقۇزغان،
بويسۇنمىسا ئاتقۇزغان.
«شۇنداق قىلماق دۇرۇس» دەپ،
قۇلنى قوشقا قاتقۇزغان.

دىندا ئالداپ خەلقنى،
كۆپەيتتۇرۇپ سىلىقنى،
پەيدا قىلغان خۇراپات،
ئادەم قىلماس قىلىقنى.

تېگىپ ئەلنىڭ پەشۋاسى،
چىقتى ئۇنىڭ رەسۋاسى.
يەكسان بولدى يەر بىلەن،
ئۆتمەس بولۇپ پەتىۋاسى !

## 14 ـ باب
## تاشپولات قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى، سازەندە تاشپولات قۇمۇلنىڭ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلغان.

تاشپولات كىچىك چېغىدىن باشلاپ، خەلق ئەدەبىياتىغا قىزىققان، خەلق ئارىسىدىكى داستان، چۆچەك، شېئىر ـ قوشاقلارنى يادلاپ ئۆگىنىپ، قوشاقچىلىققا ئاساس سالغان. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكەن، قۇمۇل، ئاراتۇرۇكلەردىكى باي ـ پومېشچىكلارنىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ھەربىر قوشىقى بىرەر تارىخىي ۋەقەنىڭ شاھىتى، گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا تارقالغان.

تاشپولات ياش ۋاقتىدا قۇمۇلنىڭ باي يېزىسىدىكى پاتىمخان دېگەن قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، توي قىلماقچى بولىدۇ، بىراق، پاتىمخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ نامرات يىگىتنىڭ توي تەلىپىگە قوشۇلمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئىككى ياش گېپىنى بىر قىلىپ، بىر كېچىسى باي يېزىسىدىن توخۇلا يېزىسىغا قېچىپ بېرىپ، دەپتەرى دېگەن يەردە بىر مەزگىل كۈن كەچۈرىدۇ. 1922 ـ يىلى تاشپولات مىرابنىڭ يىللىقچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. لېكىن، ئۇ چېكىدىن ئاشقان ئېغىر ئەمگەك ۋە خورلۇقلارغا چىدىيالماستىن قېچىپ كېتىپ بورالىق، سىرلىق تالا ۋە ئاراسالا قاتارلىق تاغلاردا بىر مەزگىل مۇساپىر بولۇپ ياشايدۇ. مىراب تاشپولاتنى دادىسى ئارقىلىق نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇپ ئەكەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى كەچۈرۈم قىلىش ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، ئۇرۇپ ـ تىللاپ قىينايدۇ. ئاخىرىدا ئۇ ئۆمرىنى تۆھمەت، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

«تاشپولات قوشاقلىرى» ـــ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇن، ئاممىباب گۈزەل تىل، يەرلىك شېۋىگە ئىگە، قۇمۇلنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تاشپولاتنىڭ پاتىمخان بىلەن قېچىپ چىققان ۋاقىتتا ئېيتقان قوشىقى:

بايلاردىمۇ خۇش تۇردۇق،
ئاتىمىزنىڭ مىراسىدەك.
ئېشەكلەرنى ئەپقاچتۇق،
تۇرغاننىڭ جازاسىدەك.

ئۆلارنىڭ دەپتەرى دېگەن جايدا ئالچۇق تۇتۇپ تۇرغان كۈنلەردە ئېيتقان قوشىقى:

تاشپولاتنىڭ پوتىسى،
قارا باسما پوتىدۇر.

دەپتەرى دېگەن يەردە،
زانۇڭلە دەپ ياتىدۇ.

ئۇلارنىڭ مۇساپىر بولۇپ تاغلاردا يۈرگەن ۋاقىتتا ئېيتقان قوشىقى:

مەن يۈرگەن قارا تاغلار،
قۇيرۇق بىلەن قول ياغلا.
بورا بىلەن ئېغىل قىلىپ،
تورۇق بايتالنى باغلا !

تاغ تۈۋىدىن سۇ چىقتى،
مېنى قوغلاپ دادام چىقتى.
قۇيرۇقلارنى پىشۇرۇۋىدىم،
بەرمەي، قارنىغا تىقتى.

مىراب تاشپولاتنى «قايتىپ كەلسۇن، كەچۈردۇم» دەپ ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلـ-
مىغان. تاشپولاتنىڭ بۇ ئىشلارغا قارىتا ئېيتقان قوشىقى:

چوكتىن[1]چىقسام چىلبۆرە،
تاغقا چىقسام باش تۆرەر.[2]
بەگ دادامنى دەپ كەلسەم،
قىرىقنى ئۇرۇپ، مېنى سۆرەر.

ئەرزىم بارغۇ، ئەرزىم بار،
بەگ دادامغا ئەرزىم بار.
ئەرزىمنى ئېيتاي دېسەم،
يۈرىكىمدە دەردىم بار.

مىراب بەگنىڭ چاكارلارغا بېرىدىغان ئاش - تامىقى ناچار بولغانلىقتىن، ئۇلار ناھايىتى نارازى بو-
لىدىكەن. تاشپولاتنىڭ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن ئېيتقان قوشىقى:

چورۇق كىيسەم تۇرمايدۇ،
ئالا ئۇينىڭ تېرىسى.
مەيدىلەردە قاينىغان،
مىراب بەگنىڭ جىرىسى.

---

① چوك — چۆللۈك، باياۋان.
② تۆرەر — نىشاندىن ئېزىپ قېلىش.

بىز يۇرگەن بۇ تاغلارنى،
بېسىپ كەتكەن كۇدىلەر.①
مىراب بېگىم قانداقمۇ،
يېتىملەرگە كۆيۈنەر.

سەپلەرنى قىڭغىر قىلغان،
توختىكامنىڭ پەيتۇسى.
دۇمبىنى يېغىر قىلغان،
مىراب بەگنىڭ گەيتۇسى.②

تاشپولاتنىڭ ئېغىر ئەمگەك تۇپەيلىدىن پۇت ـ قوللىرى يېرىلىپ كەتكەندە، مىراب بەگنىڭ ئاغىچىـ ىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

ئۆزلىرىنى ئاغىچا دېگۈزگەن،
ئول خۇدانىڭ بۇيرۇقى.
قولۇم ھاڭدەك يېرىلدى،
بېرەمدىلا قوي قۇيرۇقى.

تاشپولاتنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

مىراب بەگ يامان ئىكەن،
بىزنى خوش ـ خوش دېگۈزدى.
ئۇنى يامان خەلىچخان،
قىرىق پالاق ئۇرغۇزدى.

خەلىچەمۇ – خەلىچە،
ئوتى يامان خەلىچە.
مىراب بېگىم تۈۋلايدۇ،
توختاپ تۇرۇڭ ھېلىچە.

تاشپولاتنىڭ گۇندىسىنى،
جۇمە كۈنى بوشىتىدۇ.
خانغا چاي قۇيۇپ قويسام،
نانىنى ئۆزى ئوشتۇدۇ.

---

① كۇدە ـــ ئوت ـ چۆپ.
② گەيتۇ ـــ يەر ئاغدۇرغاندا كالىنىڭ بوينىغا سالىدىغان ياغاچتىن ياسالغان بويۇنتۇرۇق.

كالا سولىغان دەپسەكتە،①
ياش باللارنىڭ ئىزلىرى.
ئەدىپىمنى بەرمەكچى،
مىراب بەگنىڭ قىزلىرى.

كەڭ ئېرىقنى ئاتلايدۇ،
تار ئېرىقنى ئاتلايدۇ.
بەلگە بەرسەم كۆڭلەككە،
مىراب بەگكە دادلايدۇ.

دەپتەريېۇ - دەپتەرى،
باي كېچىكنىڭ دەپتەرى.
ئۇرۇمچىدىن مەن كەلسەم،
مېھرىخاننىڭ گەپلەرى.

تاشپولاتنىڭ شوپۇل تېغىنىڭ ئۈرە ئۆتەك دېگەن يېرىدە پادا بېقىپ جاپالىق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ئېيتقان قوشىقى:

ئولتۇرغىنىم ئۈرە ئۆتەك،②
قالىغىنىم شىلۋە كۆتەك.
سېنىز ئاتلار مەندە يوق،
ھەيدىگىنىم قوتۇر ئېشەك.

تاشپولات نوم توراي چۆلدە ئېتى قېچىپ كېتىپ، پىيادە ئېگەر - جابدۇقنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ناھايىتى قىيىنچىلىقتا قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئېيتقان قوشىقى:

مېنىڭ ئېتىم تاشپولات،
مىنگەن ئېتىم ئايغىر ئات.
مەندىن ساڭا پەندىيات،
ئايغىر مىنمەي ئاختىلات!

تاشپولاتنىڭ ئاراتۇرۇكنىڭ قاراتاش دېگەن يېرىدىكى باتۇر - ئەزمەتلەرگە قول قويۇپ ئېيتقان قوشىقى:

كالا سولىغان دەپسەكتە،
توقسۇن ئاكام پاك قىلدى.
توخۇ ئېتىپ قارا تاشتا،
پۇت - قولىنى قان قىلدى.

---

① دەپسەك ــ تاغ ئارىسىدىكى تۈز يەر.
② ئۈرە ئۆتەك ــ قومۇلدىكى بىر جاي ئىسمى.

# 15 ـ باب
## تاش قارىم قوشاقلىرى

تاش قارىم ـــ پېشقان خەلق قوشاقچىسى ۋە قىزىقچىسى. ئۇ 1882 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ساغان يېزىسىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1960 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ كىچىكـ دىنلا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ تاغىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان، 15 ياشقا كىرگەندە، يۇرتىدىن قېـ چىپ چىقىپ، بايلارنىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، مۇرەتتەپ قارىي بولۇپ يېتىشكەن ۋە دىنىي مەكتەپ ئېچىپ بالا تەربىيىلىگەن. گەرچە ئۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئاتۇش مەشھەت، يېڭىشەھەر يامانيار، كونا شەھەر ئاققاش قاتارلىق جايلاردا مۇسا ـ پىر بولۇپ كۆن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن، ياشلىقىدىن باشلاپ ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئىشتىياق باغلاپ، مول تارىخىي، ئەدەبىي، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىدە سۆزمەن، ئۆتكۈر پىكىرلىك، يۇمۇرلۇق خاراكتېر يېتىلدۈرگەن، ئۆز قوشاق ـ نەزمىلىرىدە رەزىللىك، ساختىلىق، ئاچ كۆزلۈك، خۇراپاتلىق، نادانلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى قامچىلاپ، جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل دېھقانلارغا ھەمدەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. يەرلىك مۇتەئەسسىپ، زالىم پومېشچىك ـ بەگلەر ئۇنىڭغا «جەدىت» دەپ بەتنام چاپلاپ، ئۆزىنىڭ سەللىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنى باغلاپ، كوچا ـ مەھەللىلەردە ئۇنى سازايى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، تاش قارىم بۇ ئىشلارغا پىسەنت قىلماستىن، قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

«تاش قارىم قوشاقلىرى» ـــ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق ھاياتىنى ئىگىـ لەش ۋە تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭ قوشاقلىرىمۇ كۆپ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئەينى يىللاردا تاش قارىم كونا شەھەر ئاققاشتا ئولتۇراقلىشىپ قالغاندا، بىر پارچە ئۇنۇمسىز، شور يەرنى سېتىۋېلىپ ئالدىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن نارازى بولۇپ ئېيتقان قوشىقى:

### ئۇنۇمسىز شور يەر ھەققىدە

يەر دەپ ساتتى ئىمىن ئۇستام،
بىر جاڭگالنى ئامالداپ.
كۇندە چاپسام ئېرىقنى،
تىنىپ قالدى شامالداپ.

«تىم① تۇۋى»نىڭ ئېرىقى،
باشتىن ـ ئاياغ ئەن بولدى.

① تىم ـــ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا مۇنار دېگەن مەنىدە. تىم تۇۋى ـــ بىر جاينىڭ ئىسمى.

ئاۋۋال ئاخشام سۇ ئاچسام،
ئىككى كاندوك نەم بولدى.

«تىم تۈۋى»نىڭ ئېرىقى،
«بايتوقاي①»غا داڭ كەتتى.
پاچىقىمدەك سۇ ئاچسام،
تەڭ تولىسى يار كەتتى.

«تىم تۈۋى» دە يەر تۇتۇپ،
بىزگە بەك زۇلۇم بولدى.
ئېرىقنى تولا چېپىپ،
ئاياغلار تۇلۇم بولدى.

تاش قارىم بىر يىلى ئۇنۇمسىز يېرىگە ئارپا تېرىپ، ھېچقانداق ھوسۇلغا ئېرىشەلمىگەن. ئۇنىڭ چەككەن جاپاسىنى ئويلاپ، ئاغرىنىپ ئېيتقان قوشىقى:

تاش قارىمدۇر شاھ غېرىب،
شاھ غېرىب ئارپا تېرىپ.
ئالتە چاشقاننى يىغىپ،
لاي ـ لاي ئېيتقان شاھ غېرىب.

بىر قېتىملىق داستىخاندا، تاش قارىمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان پولۇغا قاراپ ئېيتقان قوشىقى:

ئەي پولۇ، ئوبدان پولۇ،
ھەزرىتى شاھ، خان پولۇ.
پىشۇرۇپ داستىخاندا قويسا،
پارقىراپ تۇرغان پولۇ.

گۆش ـ يېغى جايىدا بولسا،
ئوخشاپتۇ ـ بولغان پولۇ.
گۆش، يېغى كەم دەملىسە،
كۇرۇك توخۇغا دان پولۇ.

بىر قېتىم تاش قارىم تۈگمەنگە بېرىپ ئۇن تارتماقچى بولۇپتۇ. لېكىن، ئويلىغاندەك ئىش بولماپتۇ. ئىككى ئادەم كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالدا ئېشەككە ئاران ئارتقان بىر تاغار بۇغدايدىن چىققان ئازغىنە ئۇنغا قاراپ ئېيتقان قوشىقى:

«چوڭ بولوڭ②» تۈگمەنلىرى،
ئەجدىھاكەن ھەربىرى.

---

① بايتوقاي ــ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاقچاش يېزىسىدىكى يەر نامى.
② چوڭ بولوڭ ــ قەشقەر يېڭىشەھەر يامانيار يېزىسىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسىدىكى تۈگمەن جايلاشقان جاينىڭ ئىسمى.

بىر تاغار بۇغدايىنى تۆكسەم،
قاپتۇ ماڭا ئۇچىنىڭ بىرى.

زالىم بەگلەرنىڭ ئالۋان ـ ياساق، غەللە ـ پاراقنى قاتلاپ سېلىپ، پۇقرالارنى جان باققۇسىز ھالغا كەلتۈرگەنلىكىنى، دورغا ـ يايىلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، نارازى بولغاندا ئېيتقان قوشىقى:

بەگ ئالدىدىن چىقتى پاراق،
ئۇنى ھەيدەپ چىقتى باياق.
پاراقنى بېرەلمىگەنلەر،
باش ـ كۆزىگە يەيدۇ تاياق.

تاش قارىم بىر قېتىم تۈگمەنگە بارغاندا، ئۇگۇت كۆپ، تۈگمەن بىسىق ئىكەن. ئۇ بەش كۈن ساقلاپ، يەيدىغان نانلىرى تۈگەپتۇ. تۈگمەنچىگە كۆمەچ پىشۇرۇش ئۈچۈن ئازراق قوناق بېرىپتۇ. بىراق، تۈگمەنچى كۆمەچنى پىشۇرۇپ، چوڭراق پارچىسىنى ئۆزى يەپ، كۆيۈپ كەتكەن قاسىراقلىرىنى تاش قارىمغا بېرىپتۇ. بۇنىڭغا چىشى ئۆتمەي، ئاچ قالغان تاش قارىمنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

تۈگمەنچىنىڭ پىرى نوھ پەيغەمبەر،
كۆمگەن كۆمەچلىرى زور پەيغەمبەر.

تۈگمەنچىنىڭ كۆمىچى تۈۋاقتەك،
ئۇگۇتچىنىڭ كۆمىچى قۇلاقتەك.

تاش قارىم بىر كۈنى تۈگمەنچىلەر بىلەن بىر ئۇگۇتچىنىڭ جېدىلى ئۈستىگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ ئوتتۇرىدىكى ئېيتىلىۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ، پوستەكچىگە نارازى بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

**پوستەكچىگە**

بىر ـ بىرىنى باشلىشىپ،
سۈڭگۈچىنى قاشلىشىپ،
«چوكانيار①» غا قاترىشىپ،
ئۇگۇت توسقان پوستەكچى.

دەريا تولۇپ سۇ كەلسە،
تاغارلاپ ئۇگۇت كەلسە.
ناماز شام قىستاپ كەلسە،
پەيت مارىغان پوستەكچى.

---

① چوكانيار ــ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇرما يېزىسى يېنىدىكى جاي.

ناس قاپىقى بويىندا،
بەل باغلىغان شويىندا.
ئۇن خالتىسى قويىندا،
ئەجەب چاققان پوستەكچى.

خامپا كولاپ چىقالماس،
ئۇن ئوغرىلاپ تۇتۇلماس.
پوستەك يالاپ يا تويماس،
نەپسى يامان پوستەكچى.

رىسالىدە بۇيرۇدى،
دەپ ھالال ئوندىن بىرى.
ئاڭا تويمىغان ئوغرى،
ئاچ كۆز قاۋان پوستەكچى.

ھېسابى يوق ئۇننى يەپ،
كۆنگەن يالغان گەپنى دەپ.
ئۇگۇتچىنى قاقشاتقان،
تۇلۇمچاشقان پوستەكچى.

كىرسە ئۇننىڭ تويلۇقى يوق،
چىقىپ كەتسە ھەققى يوق.
نەپسى بالا كەينىدىن،
مۇشتقا قالغان پوستەكچى.

يۇرتتىكى بەزى مۇتەئەسسىپ، زالىم بەگلەر تاش قارىمنى «جەدىت» دەپ قارىلاپ، سازايى قىلغاندا، ئاق كۆڭۈل دېھقانلار ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، «قارىم، نېمە گۇناھ قىلغانتىلە؟» دەپ سورىغاندا، تاش قارىمنىڭ جاۋاب بېرىپ ئېيتقان قوشىقى:

يېڭىساردىن كەلگەندۇر،
ئۇشبۇ يۇرتقا تاش قارىم.
يېيىشلىرى نان بىلەن،
ئىچىشلىرى ئاش قارىم.

ئوڭدا ياتقان باي، بېگىم،
گىردە يېسە كېكىرىپ.
ئىشلەپ، ھېرىپ جىگدە يەپ،
قورساق باققان تاش قارىم.

بىر يىلى ئاتۇش ئوڭئېرىقلىق مۇھەممەت سىدىق ھاجى باشلىق سودىگەرلەر مەككىت ــ دولاندىن يېنىپ ئاققاشقا كەلگەندە، ئات - ئۇلاغلىرىنى توختىتىپ، بىر بەگنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ، تاڭ ئاتقۇچە نەغمە-ناۋا قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىپتۇ. سورۇندا تاش قارىممۇ بار ئىكەن. بىراق، سورۇندىكى قىزىقچىلىقتا تاش قارىم بىلەن ھېچ كىشىنىڭ كارى بولماپتۇ. باي- سودىگەرلەر يەنە قىزىقچىلىق تەلەپ قىلىشۋېرىپتۇ. قورسقى ئېچىپ، ھالىدىن كەتكەن تاش قارىم بۇ چاغدا بايلارغا نارازى بولۇپ بۇ قوشاقنى ئېيتىدۇ:

## ئەجەب يامان بايلىرىم

يېتىشلىرى كەڭ ساراي،
مىنىشلىرى بوغۇلتاي.
سودىگەرلىك ئالتە ئاي،
ئەجەب يامان بايلىرىم.

يۈرۈشلىرى يۇرتمۇ يۇرت،
كىيىشلىرى چىبەرقۇت.
كۆلۈشلىرى توك ئامۇت،
ئەجەب يامان بايلىرىم.

ئېلىشلىرى ئالمىدەك،
بېرىشلىرى چالمىدەك.
ماراشلىرى سالمىدەك،
ئەجەب يامان بايلىرىم.

ئېشىكىنى ئانام ــ دەر،
قېچىرىنى دادام ــ دەر.
يۈزنى يۇماي ناننى يەر،
ئەجەب يامان بايلىرىم.

تۆردە بايلار ئولتۇرار،
ئاش كەلسە يالماپ سالار.
غىت قىلىپ گالغا ئۇرار،
ئەجەب يامان بايلىرىم.

يوقسۇللارغا پولۇ يوق،
ئىسسىنغۇدەك ھولۇ يوق.
دالدا تېمى، قورۇ يوق،
ئەجەب يامان بايلىرىم.

تاش قارىمنىڭ خەلق ئازاد بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا ئېيتقان قوشىقى:

ئۆتمۈشتە بار ئىدى،
ھەر يەردە ئوشۇق.
ئەمدى بىز قوللاردا،
چىلىڭ تۇتتۇق ھوقۇق.

پارتىيە كەلگەندە،
قاچتى ئۇ ئىتلار.
دەسسىدۇق يەلكىگە،
ئۇزۇلدى قۇيرۇق.

## 16 ـ باب
## موللا تۇردى شات ئېلى قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى موللا تۇردى شات ئېلى 1892 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئاقبۇيا كەنتى (ھازىر ـ قى ياقا يېزىسى ئاقبۇيا كەنتى)دە بىر كەمبەغەل چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1970 ـ يىلى ۋاپات بول ـ غان.

موللا تۇردى شات ئېلى كىچىك چېغىدىن باشلاپ، فولكلورغا ناھايىتى ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا توقسۇ، كۇچانىڭ داڭلىق مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ، بىلىم تەھسىل قىلغان، كېيىنچە ئائىلىسىدە قول ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ئۇزاق جەرياندا ئۇ ئىلىم ئىگىلەشنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەرخىل مەزمۇن، ھەرخىل شەكىللەردە بىر قىسىم شېئىر ـ قوشاقلارنى يېزىپ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. 1956 ـ يىلى ئاپتو ـ نوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. ئۆزى يازغان بارلىق شېئىر ـ قوشاقلارنى توپلاپ، رەتلەپ، نەشرگە تەييارلىغان بولسىمۇ، ئاپەتلىك يىللاردا بۇ ئىشنى باشقا ئەپچىقىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان. بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى كۆمۈپ ساقلىغان بولسىمۇ، ۋاپاتىدىن كېيىن ئىزدىگەندە تېپىلمىغان.

موللا تۇردى شات ئېلى قوشاقلىرىدا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى، خەلقنىڭ ئەركىن، بەختىيار زامانغا بولغان تەلپۈنۈشى، ئىلىم ـ مەرىپەت ئېلىش يولىدىكى قىزغىنلىقى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرى خەلق قوشاقلىرىنى تەتقىق قىلىش جە ـ ھەتتە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### ئەجەب ئازاد زامان كەلدى

زەپ خۇش دۆلەت بۇ شىنجاڭغا،
ئادالەتلىك ئاتا كەلدى.
غېرىبلارنىڭ سىلاپ باشىن،
تامام كادىر قاتار كەلدى.

قىلىندى بىزگە غەمخورلۇق،
بۇ ئۆلكە بولدى گۈلزارلىق.
كېڭەيدى، قالمىدى تارلىق،
ئەجەب ئازاد زامان كەلدى.

خەلقنى ئەيلىگەن سەرسان،
قاراقچى، ئەسكى گومىنداڭ.
بولۇپ يىلتىزىدىن گۇمران،
يورۇق ئالەم جاھان كەلدى.

كومپارتىيە غەمگۈزار بولدى،
قاراقچىلار تارمار بولدى.
ياالاقچى خارۇ زار بولدى،
بۈگۈن ئەلگە زوۋان كەلدى.

خۇشاللىق قوينىدا بىزلەر،
قىرى - ياش، ئوغۇل - قىزلار.
ئېزىلگەننىڭ دىلىن ئىزدەر،
قوشاق شۇڭا راۋان كەلدى.

پومىشچىك، زومىگەر، جاسۇس،
قېنى ئەمدى يېگەننى قۇس.
سېنى تۇتماس خەلقلەر دوست،
ساڭا ئۆمۈر خازان كەلدى.

كېلىڭ دوستلار بولۇپ سەپ - سەپ،
كۆڭۈللەرنى روشەن ئەيلەپ.
زاماننىڭ سازىنى كۈيلەپ،
دېگەن جانلىق چۇقان كەلدى.

ئازاد زامان بىزلەرگە،
يېڭى نۇر بەردى كۆزلەرگە.
پۈتۈن ھەققانىي سۆزلەرگە،
بۈگۈن كەڭرى زامان كەلدى.

## بىلىم ئېلىڭ تۇغقانلار

يوقتۇر شەرەپ ئوقۇشتەك،
مۆكۈپ يۈرمەك ھۇۋقۇشتەك.
ساۋاتسىزغا تاڭ ئاتماس،
ئويغىنايلى دېھقانلار.

قەلەم كەلدى كېرەككە،
ناخشا ئۆرلەپ پەلەككە.
ئاتلاندى ئاي ئەتراپى،
ئىلىم مېغىزىنى چاققانلار.

يالغان ئەمەس ماقالىم،
بولۇڭ بالام پەن ئالىم.
ئاخىر بارماق چىشلەيدۇ،
غەپلەت ئىچرە ياتقانلار.

ساۋاتسىزلىق بالادۇر،
دىلغا ئازاب سالادۇر.
نادامەتتە قالادۇر،
ئۆگىنىشتىن قاچقانلار.

ساۋاتسىزلار ئىشلەيدۇ،
كۆيۈك كۆمەچ چىشلەيدۇ.
بىلمەسلىكنىڭ لېيىغا،
بېلىگىچە پاتقانلار.

پەن ئوقۇشتىن باش تارتىپ،
قالماڭ كېيىن ئاھ تارتىپ.
پايدا كۆرمەس زەررىچە،
ئۆيدە ئۇخلاپ ياتقانلار.

ساۋاتسىزلار پىيادە،
تارتتى ئەلەم زىيادە.
ئوقۇپ بىلىم ئېلىڭلار،
يارۇ دوستلار، تۇغقانلار.

**قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىك ئۆتمۈش ھەققىدە**

كەمبەغەللەر ئۆتمۈشتە،
دەرد ئاستىدا ئېزىلدى.
تارتىپ ئۆتكەن ئېغىر كۈن،
گېزىتلەرگە يېزىلدى.

زالىملارنىڭ ۋاقتىدا،
يېتەلمىدۇق چاپانغا.
ئېغىر سېلىپ ئالۋاننى،
ئېسىپ ئۇردى تاپانغا.

ھاشار سېلىپ تاغلارغا،
ئوتۇن سېلىپ باغلارغا.
قارشى چىققان ئادەمنى،
باستى قايناق ياغلارغا.

زالىم شاڭجاڭ، بوجاڭلار،
تەڭگە ئالدى قوناقتا.
«ئەتە بېرەي، يوق» دېسە،
تۇتۇپ بەردى قاماقتا.

پومبشچىك ھەم بەگ، مىراب،
يېيىشى پاقلان كاۋاپ.
ئەيش ـ ئىشرەت قىلاتتى،
چالدۇرۇپ قالۇن، راۋاب.

كەمبەغەلنى باغلىتىپ،
جانجىگەرنى داغلىتىپ.
زورلۇق بىلەن قورقۇتقان،
بۇلىغان قان يىغلىتىپ.

زومىگەردە تۆت خوتۇن،
ئۆگزىدە سۆكسۆك ئوتۇن.
كەمبەغەلنىڭ مۈلكىنى،
يېدى زالىملار پۈتۈن.

زومىگەر ھەم پومبشچىك،
پۇلنى قىلغان جازانى.
دېھقانلارغا پۇل بېرىپ،
كۈندە ئالغان بازارنى.

خوتۇننى خان دېگەن،
ئۆڭدا يېتىپ نان يېگەن.
دۇمبە ـ قۇيرۇق قويلارى،
ئالدىدا پولۇ، لېگەن.

ھاشار، سەيسى، «ياردەم» دەپ،
كۈندە ئالۋان غوۋغىسى.
ئىشكىلەردىن كەتمىگەن،
لالما ئىتتەك دورغىسى.

ئازاد بولۇپ ئۆلكىمىز،
كىيدۇق يېڭى چاپاننى.
تاغار ـ تاغار ئۇن تارتىپ،
تولغاپ يېدۇق ئاق ناننى.

ئەمگەك ـــ دېدى پارتىيە،
ئۆستەڭ چاپتى ئارمىيە.
شۇنداق ماڭساق، كۆپ ئۆتمەي،
گۈلزار بولۇر ھەممە يەر.

# 17 ـ باب
# يەھيا ئەيندىن قوشاقلىرى

داڭلىق ئەلنەغمىچى، داستانچى، خەلق قوشاقچىسى يەھيا ئەيندىن 1921 ـ يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيە-سىنىڭ باي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

يەھيا ئەيندىن تۇغۇلۇپ ئىككى ياشقا توشمايلا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قالغان. شۇنداقتىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بىر ئامالالارنى قىلىپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان، كلاسسىك ئەدەبىياتقا تەۋە بەزى قىسسە، جەڭنامىلەرنى يادقا ئالغان. گەرچە ئۇ ئەما بولسىمۇ، لېكىن، زېھنى ئوچۇق، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرى بولغاچ، بىر قېتىملا ئاڭلىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئۇنتۇپ قالماي يادقا ئېلىپ ماڭغان. ئۇنىڭ ئاۋاز پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشىنى ئون يىلدىن كېيىنمۇ ئازماي تونۇيالايدىكەن. يەھيا ئەيندىن كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىشقا ئامراق بولۇپ، باي يېزىسىدىكى خىدىسخان قاتارلىق نەغمىكەشلەردىن كەمتەرلىك بىلەن قومۇل ئون ئىككى مۇقامىنى ئۆگەنگەن. قومۇل خەلقىنىڭ قەدىمكى تارىخىي قوشاقلىرىنى، داستانلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، كەڭ جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، تىرىك «ئۇز-ئالغۇ» دەپ نام ئالغان.

يەھيا ئەيندىن ھازىر جاۋاب، ماھىر قوشاقچى بولۇپ، تىل، ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر جەھەتتە ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا ئۇنىڭ نۇرغۇن قوشاقلىرى خەلق ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن.

1

ھاشىماخۇن ئاكا ھەققىدە ئېيتقان قوشىقى:

جالدىرجاقۇ ـ جالدىرجاق،
قوشاق قوشاي ھەممە ۋاق.

بەر دېسەڭمۇ ئاتىمەن،
بەرمىسەڭمۇ ئاتىمەن.

روزىخاننىڭ دەردىدە،
يۇلغۇن تۈۋىدە ياتىمەن.

مېنىڭ ئاكام رەۋەندە،
ئۇن تاسقايدۇ جاۋەندە.

ئەنجان دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟
تۇرپان دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟

ئەنجانلىقنىڭ نېمىسى بار؟
چىن تەخسىدە پىستەسى بار.

پىستىسىنى كىم چاقىدۇ؟
ھاشىم ئاكام ئۇستىسى بار.

ھاشىم ئاكام ئۆلۈپتۇ،
ئاقتارمىغا كۆمۈپتۇ...

## 2

چارۋا مالدىكى مەكرولار توغرىسىدا ئېيتقان قوشىقى:

ئەرزى ئېيتتى بىر ئەلى،
بەردى بىلەن يايسىلا.
سىلىدىن قارىم سورايمىز،
قويدا مەكرو قايسىلار؟

ئەردى ئەتتى مەستەبەر،
ئەرره بىلەن ئەستىدۇر.
سىلى مەندىن سورىسىلا،
قويدا مەكرو يەتتىدۇر.

ھاررى بىلەن ئىسەدى،
بەردى بىلەن ئەسلە.
سىلىدىن مەن سورىدىم،
ماڭا جاۋاب بەرسىلە.

قويدا مەكرو يەتتىدۇر،
ئىككى چاتنىڭ ئارىسى.
بىرى يۇلۇن، بىرى ئۆت،
بىرى قامچا، بىرى كۆت.

بۇ قوشاق خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىۋېرىپ، مۇنداق ۋارىيانتلارمۇ پەيدا بولغان:

ئىككى كۆزنىڭ قارىسى،
بىرى يۇلۇن، بىرى ئۆت.

ئىككى چاتنىڭ ئارىسى،
بىرى چۈچاق، بىرى كۆت.

### 3

يار ھەققىدە ئېيتقان قوشىقى:

ئەرگە تەگسەڭ ماڭا تەگ،
كىمخاب كۆڭلەك كىيسەن.
پەشلىرىڭنى قىستۇرۇپ،
سايدا تېزەك تېرسەن.

ئولتۇرۇپسەن تۆشەكتە،
قېرى مۈشۈكتەك مۈگدەپ.
كۆزۈڭ ماڭا قارايدۇ،
تۆشۈكتە ياتقان بۈرگىدەك.

بۇ يولدىن ئۆتۈپ كەتكەن،
قىزىل تاجلىق چۈجىكەن.
سالمىغان كويغا سالغان،
قەلەمقاشنىڭ ئۆزىكەن.

يارنىڭ ئېتى نېمىدۇر؟
يارنىڭ ئېتى مارىيە.
قارا پاقلان شورپىسى،
ئاغرىق تەنگە دورا يە.

ھارۋىنى قېتىپ قويدۇق،
بېدىنى بېسىپ قويدۇق.
چوڭ سۆزلىمەڭ بۇ يۇرتتا،
سىزنىمۇ بىلىپ قويدۇق.

مەن سېنىيۇ – مەن سېنى،
ئاكامغا ئېيتايمۇ سېنى؟
ئۇستىخىنىڭنى ئۇن قىلىپ،
تۈگمەندە تارتايمۇ سېنى؟

# 18 ـ باب
## ئۆزۈن مۇھەممەت قوشاقلىرى

ئۆزۈن مۇھەممەت ــ ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرى ئىچىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قوشاقچىلارنىڭ بىرى. ئۇ 1884 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1983 ـ يىلى 99 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ قوشاق ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، لوپنۇر خەلقى ئارىسىدا داڭ چىقارغان. ئۇ ئۆز قوشاقلىرىدا لوپنۇردىكى ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ قولچوماقچىلىرى، زالىم باي ـ بەگلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ كەمبەغەل ـ يوقسۇللارنى ئېزىشتىكى سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ھەمدە باي ـ پومېشچىكلارنىڭ بېخىل، ئاچ كۆزلۈكىنى يۇمۇرىستىك تىل بىلەن قامچىلاپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەردىنى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بۇ قوشاقلار ئەينى دەۋردىكى لوپنۇرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆزۈن مۇھەممەت 1933 ـ يىلى ئەسكەر بولۇپ توقسۇنغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغان. ئۇ بۇ جەرياندا مۇساپىرلىق كۆڭلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق قوشاق توقۇغان:

1

بىر غەپلەتتىن ھېلى قوپتۇم
سەھەر ۋاقتى ـ ئەزاندا.
قورساق ئېچىپ پايلىماي،
ئاش ئەتتۇق قالماق قازاندا.

ئول قازاننىڭ چۆمۈچى يوق،
كۆتۈرۈپ ئىچتۇق ئاشنى.
خۇدايىم سىلىمامدۇ؟
مۇساپىرنىڭ باشىنى.

دەردى ـ ھالىم كۆپ مېنىڭ،
تۇغقانى يوق مەن يېتىمنى.
كىشى يۇرتىدا غېرىبتۇرمەن،
سويۇپ ساتتىم بوز ئېتىمنى.

كىشى يۇرتىدا يىغلاپ،
كۆزۈمدە قالمادى ياشىم.
مەن كېلىپ ئۇندا قالدى،
ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشىم.

مېنى غېرىب ياراتىپسەن،
ئاھ خۇدا، خۇداۋەندە.

پېشانەمگە پۈتۈلگەنمۇ؟
مەن دۇنياغا كەلگەندە.

كۇمۇشتىنمۇ ئۆتتۇم مەن،
سەن قەيەردە تۇقسۇن، دەپ.
مۇساپىر قىپتۇ مېنى،
يۇرت قەدرىنى ئۇقسۇن، دەپ.

ئەسكەرمۇ بولۇپ باقتىم،
زالىمنى ئۇرارمەن دەپ.
پاناھلىققا جاي چىقسا،
ئۆمۈرلۈك تۇرارمەن دەپ.

ئۇرۇمچىدىن ئەسكەر كېلىپ،
توقسۇننى خاراب قىلدى.
كىملەر ئەسكەر بولغان دەپ،
پۇقراغا ئازاب قىلدى.

كۆن ئالمىقىم تەس بولدى،
قايتىپ ماڭدىم يۇرتۇمغا.
مىنەي دېسەم ئۇلاغ يوق،
زۇلۇم قىلدىم پۇتۇمغا.

## 2

ئۇزۇن مۇھەممەت 1930 ـ يىلى لوپنۇر دۆڭقوتان يېزا غوداي كەنتىدىكى ئەيسا بايغا ئون نەچچە كۈن ئىشلەپ قويلىرىنى قىرقىپ بەرگەن. پىخسىق باي ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن بىر تېرە ۋە ئازراقلا يۇڭ بېرىپ، يولغا سالماقچى بولغان. ئۇزۇن مۇھەممەت ئۇنىڭ نەرسىلىرىگە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي، ئېشىكىگە مىنىپ يولغا چىقىپ بۇ قوشاقنى توقۇغان:

دۇنيا ئۈچۈن جان بەرگەن،
پىخسىق، نامەرد ئەيسا باي.
سېنىڭ تويماس نەپسىڭگە،
يەم بولۇپتۇ بۇ غوداي.

ئەلى ئوغلى ئىمامىغا،
زەھەر بەرگەن يېزىتلار① .

---

① يېزىت ــ ئەسلى يەزىد بولۇپ، سۈننىي مەزھىپىنى قوغدىغۇچى خەلىپە يەزىدنىڭ ئىسمى. سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا يەزىد ئەلىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىمام ھۈسەيىننى بوغۇزلىۋەتكەن. بۇ ئىسلام تارىخىدا «كەربالا ۋەقەسى» دېيىلىدۇ. قوشاقچى بۇ يەردە لوپنۇردىكى يەزىد لەقەملىك بايلار جەمەتىگە كىنايە قىلغان.

كەر بالانىڭ چۆلىدە،
قويمەك سويغان يېزىتلار.

ساڭا بەردىم تېرەڭنى،
جۇۋا قىلىپ كىيىۋال !
پالاس توقۇپ يۇڭۇڭدا،
تۆر ـ تېمىڭغا تارتىۋال !

يېزىت پۇشتى ئەيسا باي،
سېنى قاتاي قوشاققا.
كىملىكىڭنى ــ ئەپتىڭنى،
قوشىقىمدىن بىلىۋال.

## 3

كۇچادىكى خوجىلار ئەۋلادىدىن بولغان ئۆمەر خوجا دېگەن كىشى شايار ئارقىلىق لوپنۇرغا تىجارەت قىلغىلى كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىكەن، ئۇزۇن مۇھەممەت ئۇ كىشىدىن بىر ماتانى نېسىگە ئېلىپ، كېيىن ئۇنىڭ پۇلىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن، تىزىمدىن ئۆچۈرۈلمەپتۇ. 1928 ـ يىلى ئۆمەر خوجىنىڭ لوپنۇرنىڭ غوداي دېگەن يېرىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇزۇن مۇھەممەت كۆرۈشكىلى بېرىپ سالام بەرسە، ئۆمەر خوجا جاۋاب سالام ئورنىغا مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

قوناق سېلىپ توشقۇزالماي،
ئايغىر ئاتنىڭ توغرىسىغا.
بىرشاڭ① ساتسام پۇلنى بەرمەيدۇ،
ئۇزۇن ھەسەننىڭ ئوغرىسىغا.

قوشاقچى ئۇزۇن مۇھەممەت «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك، دەرھال بۇ قوشاقنى توقۇپ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپتۇ:

بەزىلەر مالامەت قىلىدۇ،
بىلمىدىم تاڭ.
ئۆمەر خوجامدىن ئالغانىدىم،
بىر ئاق شاڭ.

تۇغامدىكىن، تۇغمامدىكىن،
بەرسەم ـ بەرسەم تۈگىمەيدۇ.

① شاڭ ــ بۆز، ماتا، خام مەنىسىدە.

قىيامەتتە قايتۇرارسەن،
يەنە ئالساڭ.

كوچادا خوجام تولا،
ساڭا ئوخشاش يوغان قورساق.
ياراتقان ئاللا تۇرۇپ،
نە خوجامدىن قورقماق؟

ئاناڭ سېنى تاشلاپتىكەن،
مەسچىت ساياق.
ئۆلگىنىڭدە جازايىڭنى،
بېرەر دوزاخ!

مەن ئۆزۈم — دۇردۇن ئەمەس،
مەن دۇردۇندىن كەم ئەمەس.
قىلغانىڭنى ئايان قىلسام،
سۇندۇرىمەن، دام ئەمەس.

مېنى ئۆزۈن دەپ ۋايسايسەن،
ئاتامنى چىشلەپ چاينايسەن.
سەن ئۆزۈڭ پەتەك خوجا،
هارامدىن تانالمايسەن!

لەت بولغان ئۆمەر خوجا ئىلاجسىز ئۆزۈن مۇھەممەتتىن ئەپۇ سوراپ، ئۇنى ئالاھىدە مېھمان قىلغانىكەن.

4

ئۆزۈن مۇھەممەت ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇق هاياتىنى ئەسلەپ مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان:

دۇنيا ئۈچۈن بەل باغلاپ،
بايلار قىلۇر يىلقىنى.
بۇ گېپىمنى ئاڭلىسا،
ئاقىل كېرەك بىلگىلى.

تېرىپ يېمەي ئىلاج يوق،
چۈنكى، ئاجىز بەندىمەن.
نېمەت - رىزىق ماڭا كەم،
كېيىم جۇل - جۇل جەندىمەن.

ھايات ئۇچۇن خار بولدۇم،
يىل بويى كېمە تاياپ.[1]
ئۆلۈم بەرگىن خۇدايىم،
مەن تارتاي گۆردە ئازاب.

بىز دەكلەرگە بۇ دۇنيا،
ئەجەب قىسكەن، بەكمۇ تار.
قىسچىلىقتا ياشايمەن،
ھالىم مېنىڭ بەكمۇ خار.

بايلارغا قوش بېرەركەن،
تۇمەنلەپ نازۇ نېمەت.
پەرۋەردىگار تىلەيمەن،
مەن غېرىبقا قىل رەھمەت.

بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ،
ياخشى كۈن كۆرمىدىم پەقەت.
ئىسمى كىمكىن؟ دېسەڭلار،
مېنىڭ ئېتىم غېرىب مەمەت.

① كېمە ھەيدەش مەنىسىدە.

# 19 ـ باب
# ئابدۇسۇبهان قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى ئابدۇسۇبهان (ئاۋۇسمان) 1886 ـ يىلى چاپچال ناھىيىسى كىچىك بۇغرا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1947 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئابدۇسۇبهاننىڭ ئائىلىسى كەمبەغەل بولغانلىقتىن، ياش ۋاقتىدا مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇيالمىغان. لېكىن، ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئۆز يۇرتىدىكى قوشاقچى، ناخشىچى، داستانچىلارغا ئارىلىشىپ، ئۇلاردىن خەلق قوشاقلىرىنى ئۆگەنگەن، خەلق چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ، تىل ئىشلىتىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىمۇ قوشاق ئېيتىش ۋە قوشاق ئىجاد قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، جامائەت ئارىسىدا تونۇلغان. قوشاقلىرىدا يۇرت ئىچىدىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى مەدھىيىلەپ، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل يامان ئىللەتلەرنى پاش قىلغان، كىشىلەرنى پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە، ئۆم ـ ئىناق ئۆتۈشكە دالالەت قىلغان. ئاياللار ۋە بالىلارنى خارلايدىغانلارنى قوشاقلىرى ئارقىلىق قامچىلاپ، توۋا قىلدۇرغان، قىزىقچىلىق قىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرى مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئابدۇسۇبهاننىڭ ئەينى ۋاقىتلاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ئېيتقان قوشاقلىرى:

## ئۈيۈلتاشتەك ئۈيۈشۈپ

ھەيۋەت بىلەن باشلىدۇق،
ئىنقىلابنى نىلقىدىن.
تېز يۈرۈشكە يارەنلەر،
ئات مىنەيلى يىلقىدىن.

توشقان يۈرەك گومىنداڭ،
قاچتى سېپىلنى بويلاپ.
بۇ ھىيلىگەر تۈلكىنى،
يوقىتايلى تېز قوغلاپ.

قاچۇرمايلى ئۇلارنى،
چوڭ سېپىلنىڭ ئىچىدىن.
قاچسا ئۆزۈڭ قۇش بولۇپ،
مۇجۇۋالغىن گېلىدىن.

كۆرەڭلىگەن دۈشمەننى،
بىلىۋالدۇق ئەپتىدىن.

كۇرەش قىلىپ، قان كېچىپ،
ئاغدۇرايلى تەكتىدىن.

تەگدۇق زەھەر يىلانغا،
بىز يېتىمىز پىلانغا.
ئۇخلىغانلار ئويغىنىپ،
يېزىلىڭلار چىلىنغا.[①]

شىۋىر - شىۋىر پاراڭچى،
ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلار.
ئاتلاندى جەڭ مەيدانىغا،
قولدا قورال، بىگىزلار.

ئورۇسلارمۇ قوزغالدى،
ئىنقىلابتا غەيرەت قىپ.
شىبەلەرمۇ قوشۇلدى،[②]
بولغان ئىشقا ھەيران قېپ.

غەيرەت قىلدى نوغايلار،[③]
ۋاقىت يەتسە ئوڭايلا.
بىز ئېزىلگەن پۇقراغا،
زادى شۇنداق بولغايلا.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتارغا،
تۇغقان دەيدۇ قالماقنى.
تۇغقانلىقى راست ئىكەن،
كۆتەردىغۇ سالماقنى.

چەتتە ئەمەس خۇيزۇلار،
سەپكە كېلىپ قېتىلدى.
بىزگە ئوخشاش خەنزۇمۇ،
گومىنداڭدىن ئېزىلدى.

بىزگە ھەمراھ تۇڭگانلار،
نۇسرەت بەردى بىر ئاللا.

---

① چىلىن ــ تىزىم.
② ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى شىبە پولكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
③ تاتارلار مەنىسىدە.

بىللە ئىكەن سوقۇشتا،
مانجۇ بىلەن سولۇنلار.

ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشۇپ،
شەھەرلەرنى ئالايلى.
گومىنداڭنى يوق قىلىپ،
يېڭى هايات قۇرايلى.

كۆپ تەسۋىرى قىلىشقا،
تاپالمىدىم چولامنى.
جەڭچىلەرگە يوللاڭلار،
مەندىن مۇشۇ سالامنى.

## بەڭگىلىكنى تاشلىغىن

ئىزدەپ تاپتىم بازاردىن،
تۆت بۇرجەكلىك تەڭگىنى.
قوشىقىمغا قوشايچۇ؟
ناسىر دېگەن بەڭگىنى.

سەن ئۆزۈڭنى خارلىغان،
ئىچ ـ باغرىڭنى خارلىغان.
كەندىر ئۈۋۈلاپ ياز بويى،
خالىي جاينى ئارىلىغان.

بازارلارغا كىرگەندە،
بوزا، هاراق مارىلىغان.
ئىچىپ، چېكىپ ئالغاندا،
ئۆزىنى پالۋان چاغلىغان.

ئېرىق كۆرسە هەيرانە،
ئۇنى دەريا چاغلىغان.
ئىس ـ تۈتەككە بولۇشچە،
يۈرەك ـ باغرىنى داغلىغان.

مەستخۇش كەلسە ئۆيىگە،
خوتۇن ـ بالىسىنى زارلىغان.
شۇ گۇناهسىز خوتۇننى،
بىكاردىنلا خارلىغان.

نەسىھەتىم بۇ مېنىڭ،
ناسىر دېگەن بەڭگىگە.
توۋا ! قىلىپ ئېگىلگىن،
تونۇشلۇق يۇرت ئەھلىگە.

چوڭ ـ كىچىكنى ھۆرمەتلەپ،
بەڭگىلىكنى تاشلىغىن،
ياخشىلارنى سەن دوراپ،
ياخشى ئىشنى باشلىغىن.

## كىشى سەندەك بولامدۇ؟

ئىگىچەم بار مازاردا،
ئېرى ئۇستا جازاغا،
پاتەم چىقماي يۇرگىدەك،
قورۇسىدىن تالاغا.

جاھانزە جان ئىكەن،
پاتەمگىلا خان ئىكەن.
باشقا ئىشى بولمىسىلا،
مازارغا باقسا بوپتىكەن.

ئەرمۇ شۇنداق بولامدۇ؟
ئاجىزەنى ئۇرامدۇ؟
قىلغۇلۇقنى ئۆزى قىپ،
گۇناھنى ئاڭا قويامدۇ؟

كەچمىشىڭنى ئويلىغىن،
خۇي ـ پەيلىڭنى تاشلىغىن.
ناماقۇل بولۇپ پاتەمگە،①
ياخشى تۇرمۇش باشلىغىن.

## لەت قىلىمەن

بېرەرلىك بار ئۆچكە،
پىچاقنى ئۇر تۆشكە.
تېرىسىنى داپ قىلىمەن،
يۇڭنى ئېشىپ قاپ قىلىمەن.

① ئابدۇسۇبھاننىڭ يۇرتلۇقى پاتەمخان خۇنقايلىق جاھانزە دېگەن كىشىگە تۇرمۇشلۇق بولغانىكەن، جاھانزە پاتەمخاننى خارلاپ ئۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇنى ئۇققان ئابدۇسۇبھان خاپا بولۇپ بۇ قوشاقنى توقۇپتۇ.

تۆنىدە توقۇپ ياغلىق،
پاچىقىنى ساپ قىلىمەن.
مۇڭگۈزىنى قىلىپ چاخچا
گۆشلىرىنى هام قىلىمەن.

بەرمىسەڭ گەر ئۆچكەمنى،
ئەل ئالدىدا گەپ قىلىمەن.
باش سورىساڭ يېنىشلاپ،
سۆزۈم بىلەن لەت قىلىمەن.①

## جەملە خانغا ②

ئېلىپ چىقتىم بازاردىن،
ئىككى قەۋەت قاسقاننى.
ئەمدى سەپلەپ ئېتىۋەر،
ساندۇقىڭغا باسقاننى.

ئارىلاپ ئاشاپ تۇرايلى،
شورپىلىرى تاشقاننى.
سېلىپ تۇرغىن قىش كۈنى،
تورۇسلارغا ئاسقاننى.

ئېلىپ چىقتىم كۆرگىنە،
سىم توقۇلغان چويلىنى.
چويلا تۇتقان بىلىدۇ،
ئۆز ئىشىنىڭ يولىنى.

كەم بولمىسۇن هەر كۈنى،
خام قايماقلىق ئەتكەن چاي،
چېيىڭ تۈگىسە پېقىر بار،
چاينى جىق سال، جەملەئاي.

تۆشۈكتىكى ئىشىڭدا،
يوقسۇزلۇقنى ئويلىغىن،

① هەمرا شائىيۇ ئابدۇسۇبهاندىن بىر ئۆچكە قەرز ئېلىپ بەرمەپتۇ، سورىسىمۇ پۇل بەرمەپتۇ. ئۇ بىرقانچە كىشى بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئابدۇسۇبهان كۆرۈپ قېلىپ بۇ قوشاقنى توقۇپ مات قىلغان.
② جەملەخان ــــ ئابدۇسۇبهاننىڭ ئايالى.

بىر ۋاق تاماق كەينىدىن،
توقسىزلىقنى ئويلىغىن.

## قۇدىلىقنى چىڭىتىڭ ①

قۇدامنىڭ ئىسمى «ئازى» ئىدى،
بالىلىرىدىن رازى ئىدى.
تەڭ بولۇپ ئولتۇرساقلا،
ھەممىمىزگە قازى ئىدى.

ئانامنىڭ ئىسمى «دىلى» ئىدى،
ئادەمگەرچىلىكى تىلى ئىدى.
مەناغا باي سۆزى بىلەن،
ياخشىلارنىڭ خىلى ئىدى.

دىلى ئانام سۆزى بىلەن،
كۈلكە كەتمەس يۈزى بىلەن.
قۇدىلىقنى چىڭ چىڭىتقان،
سۈتتەك ئاپئاق دىلى بىلەن.

① ئابدۇسۇبھان ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى تۇرسۇن قودىلىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى. ئۇ قۇدىلىرىنىڭ ياخشى پەزىلىتىنى ماختاپ بۇ قوشاقنى توقۇغان.

# 20 ـ باب

# ئاۋۇت راۋاپ قوشاقلىرى

ئاتاقلىق قوشاقچى، راۋاپچى، ئۇستا داستانچى ئاۋۇت راۋاپ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋەز ـ مەدداھلىق تۈرى بويىچە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1896 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسىدىكى تېتىر مەھەللىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1977 ـ يىلى 24 ـ فېۋرال ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، يېڭىسار ساغاندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا چوڭ بولغان. ئۇنىڭ چوڭ بوۋىلىرىدىن تارتىپ دادىسىغىچە بىرقانچە ئەۋلاد راۋاپ چېلىپ، قوشاق قوشۇپ، داستان ئېيتىپ، مەدداھ ـ ۋائىزلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكتىن، يۇرت ئىچىدە «مەدداھ»، «راۋاپچىلار» دەپ نام ئالغان. ئاۋۇت ئاكا مۇشۇنداق بىر سەنئەتكار ئائىلىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ساز چېلىشقا، راۋابلىق قوشاق ۋە داستان ئېيتىشقا ئىشتىياق باغلاپ، داڭلىق راۋاپچى بولۇپ يېتىشكەن ھەمدە ئوغلى داۋۇت راۋابنى ۋە باشقا كىچىك شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ يۈرۈپ تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان. ئۇ قەشقەر شەھىرى ھېيتگاھتا، توققۇزاق، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت قاتارلىق جايلارنىڭ ئازنا بازارلىرىدا سورۇن تۈزەپ راۋابنى سايرىتىپ قوشاق ئېيتقان، ئۇ يەنە «يۇسۇپ ئەھمەد»، «غېرىب ـ سەنەم»، «ئىسكەندەر ـ ھۆرلىقا»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «ئابدۇراخمان خان خوجا»، «قەمەر شاھ»، «چاھار دەرۋىش»، «سىيىت نوچى» قاتارلىق خەلق داستانلىرى، قىسسە، جەڭنامە ـ رىۋايەتلەرنى شېرىن تىل، گۈزەل ئوبراز، جەلپكار ھەرىكەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىپ، يېتىم ـ يېسىر، كەمبەغەللەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، خەلق ئارىسىدا «مەدداھ»، «راۋاپ پىرى» دەپ نام ئالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىليونلىغان كەمبەغەللەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، كوللېكتىپلىشىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئازاد زامانىنى، بەختلىك تۇرمۇشنى، ئەمگەكچى خەلقنى ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى راۋابى ئارقىلىق كۈيلەپ، يېزا ـ قىشلاق، تاغ ـ تۈزلارغا بېرىپ ئاممىدىن ھال سوراش ئويۇنى قويۇپ، ياخشى تەشۋىقاتچىغا ئايلانغان. گەرچە ئۇ ئاپەتلىك يىللاردا «كونىلىقنى تەرغىپ قىلغۇچى»، «سېرىق قوشاق توقۇغۇچى» دېگەندەك تۆھمەتكە ئۇچراپ، راۋابى سۇندۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەستىن، يەنە يېڭى راۋاپ ئېلىپ سايرىتىپ، ئاقسۇ، كورلا، ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا سەييارە ئويۇن قويۇپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ھايات ۋاقتىدا ئۇ سەپەر ھۈسەيىن، يولۋاسخان قاتارلىق ئەلنەغمە ئارتىسلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئۆزى ئېيتقان داستان، خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىدىن 90 پارچىدەك ئەسەرنى ئۈنئالغۇغا ئالدۇرغان. ناھىيە، ۋىلايەت دائىرىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ قېتىملىق خەلق سەنئەتكارلىرى كۆرىكىدە مۇكاپاتلانغان. ئۇيغۇر فولكلورىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدداھ ـ ۋائىزلىق ئەدەبىياتى ساھەسىدە ھەتتا چەت ئەللەرگىچە نامى تارالغان. ئۇ ئېيتقان راۋابلىق ناخشا ـ قوشاقلار، قىسسە ـ داستانلار خەلقىمىز قەلبىدە چاقناپ تۇرىدۇ.

ئاۋۇت راۋاپ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە راۋاپ چېلىپ قوشاق توقۇپ، مەدداھ ـ ۋائىزلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىدا ناھايىتى كۆپ ناخشا ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ غېرىبلىق ـ يوقسۇللۇق

ھەققىدە توقۇغان قوشاقلىرى خېلى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

**غېرىبلىق ـ مۇساپىرلىق ھەققىدە قوشاق**

ئانامنىڭ خارلىقى كەلدى،
دادامنىڭ خارلىقى كەلدى.
يىغلىماڭ جېنىم ئانا،
مۇساپىر بالاڭ كەلدى.①

ئۆگزەڭگە چىقىپ باقسام،
ئۆگزەڭ تۆشۈك ئەمەسمۇ؟
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمە،
دىلىم ئۈزۈك ئەمەسمۇ؟

غېرىبتۇر مېنىڭ باشىم،
كۆزۈمدىن ئاقار ياشىم،
يوق مېنىڭ بۇ ئالەمدە،
جان كۆيەر قېرىنداشىم.

ئۆگزەڭگە چىقىپ باقسام،
تەگدىن تولىسى مورا.
باشقا كۈن چۈشۈپ قالدى،
غېرىبقا نېمە دورا؟

ئاۋۇت راۋاب ئۆمرىدە نۇرغۇن خەلق داستانلىرىنى راۋاب بىلەن ۋائىزلىق قىلىپ ئورۇنداپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ئېيتقان «يۇسۇپ ئەھمەد» داستانىدىكى تۆۋەندىكى پارچە يۇسۇپبەگنىڭ ئۆز خەلقى ۋە يۇرتىنى سېغىنىپ، مەدھىيىلەپ ئېيتقان قوشاقلىرىدىن نەمۇنە بولۇپ قالغان:

شاھىم، بىزنىڭ ئەل ۋە يۇرتنىڭ،
خۇش ئۆتىدۇ ياز ۋە قىشلىرى،
باغىمىزنى باغۋەن باقۇر،
مېۋىلىكتۇر دەرەخلىرى.

قىزلىرى ئۆيدە ياتۇر،
يىگىتلىرى ئوقيا ئاتۇر،
قىز ـ جۇۋانلار سۆھبەت قىلۇر،
زەۋقى ـ ساپادۇر ئىشلىرى.

---

① بۇ قوشاقنى ئاۋۇت راۋاب ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ بارغاندا ئېيتقان.

ناز بىلەن باقار قايرىلىپ،
يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالىپ،
باغقا كىرەر قولىنى سالىپ،
بىزنىڭ ئەلنىڭ بۇ ئىشلىرى.

كۆرگەننىڭ جېنىنى داغلىغان،
گويا پەرى دەپ چاغلىغان،
تىللا كەمەرلەر باغلىغان،
ئاياغىدا كېپىشلىرى.

تايۇ ئاتلار شوخ ئويناقلار،
ھەر چاپقاندا كۆكتىن ئۆتەر.
دەبول قايتىپ ئۆردەك ئۇچار،
بەلەن پەرۋازدۇر قۇشلىرى.

ئاپئاق قاردۇر تاغ باشلىرى،
ياقۇت - مارجان ھەر تاشلىرى.
باغ -ئېتىزدۇر ھەم قاشلىرى،
بۇغداي، گۈرۈچتۇر ئاشلىرى.

ئورگەنچتە[1] ئەسكەر تاغى،
يىگىتلەرنىڭ چاھار باغى.
خۇش ئۆتىدۇ ھەربىر چاغى،
ئويناپ كۈلۈشتۇر ئىشلىرى.

خەۋەر بەرسەم بۇگۈن مۇندىن،
لەشكەر كېلۇر بىلگىنى ئاندىن.
ئالتە پاتمان گۈرزە تۇتۇپ،
ھايا يوقتۇر كېلىشلىرى.

قۇلاق سال، گۈزەلشاھ خۇمپەر،
قايتىپ ساڭا قىلسام سەپەر.
ھەر يىگىتىم مىڭنى قىرار،
ئىسپاھاننىڭ[2] قىلىچلىرى.

① ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جاي ئىسمى.
② ئىراندىكى مەشھۇر شەھەر.

كۆڭۈل ئىچىدە ئارمان بىسيار،
كەتتى بىزلەردىن ئىختىيار.
مەيدان ئىچىدە رۇستەمچە① بار
يىگىتلىرىمىنىڭ تۇرۇشلىرى.

ھېچكىم مېنىڭ ھالىم بىلمەس،
بۇ زالىملار كۆزگە ئىلماس.
ئەجەل يەتمەي كىشى ئۆلمەس،
ئاقتۇرما كۆزۈمنىڭ ياشلىرى.

بىر توققۇزدىن ياراغىدۇر،
جانىدا يۈز مىڭ داغىدۇر.
مېنىڭ ئۈچۈن قان يىغلايدۇ،
خاھى قېرى، خاھ ياشلىرى.

يۇسۇپبەگ دەر: شۇدۇر ئىشىم،
خۇداغا يەتكەي نالىشىم،
ئازاد بولسا بەندە باشىم،
ھاسىل بولۇر ئارمانلىرى.

---

① رۇستەمى داستان خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان خەلق داستانى، باتۇر ـ قەھرىمانلار سىمۋولى.

## 21 ـ باب
## قۇربان راۋاب قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى قۇربان (قۇۋان) راۋاب تەخمىنەن 1890 ـ يىللىرى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى باشاقچى دېگەن جايدا تۇغۇلغان، 1970 ـ يىللاردا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكتىن، مەكتەپلەردە ئوقۇيالمىغان ۋە ئىنتايىن جەبىر ـ جاپالىق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ چوڭ بولغان. ئۇ ياش چېغىدىن باشلاپلا كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى، خەلق ئارىسىدىكى ھېكايە، قوشاق، چۆچەك، رىۋايەتلەرنى زېھىن بىلەن ئاڭلاپ،ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغان ۋە بىر مۇنچە شېئىر ـ قوشاقلارنى ئۆزى تۇزۇپ، ئاھاڭ ئىشلەپ، راۋاب بىلەن ئوقۇپ، خەلق ئارىسىدا نام چىقارغان. ئۇ ـ نىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى ناھايىتى روشەن بولۇپ، قوشاقلىرىدا ئەزگۈچى زالىم، باي ـ بېگىملەرنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، خەلقنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بەرگەن. خەلققە ئىلھام بېرىپ، بۇ زۇلمەتلىك كۈنلەرنىڭ ھامان ئاياغلىشىدىغانلىقىنى، باي ـ زالىملارنىڭ ئاخىرى جاجىسىنى يەيدىغانلىقىـ نى ئىپادىلىگەن.

قۇربان راۋاب قوشاقلىرى تىل، بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇ ئۆز قوشاقلىرىدا خەلق تىلىنى ئوبدان ئىشلىتىپ، ئەزگۈچىلەرنىڭ ئاچ كۆز ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئوبراز ـ لىق، كۈلكىلىك دەرىجىدە سۈرەتلىگەن. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى ۋە ئىپادە ـ لەش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىنىڭ باشاقچى دېگەن يېرىدە سادىقباي دېگەن بىر زالىم بەگ ئۆتكەن بو ـ لۇپ، ھەر پەيشەنبە كۈنى ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكى ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، يۇرتتىكىلەردىن ئالۋان ـ سېلىق يىغىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۆۋرۈك ئەتراپى پەيشەنبە بازارغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

يۇرت خەلقى بۇ ئىشتىن نارازى بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە، قوشاقچى قۇۋان راۋاب باينىڭ بىر ئەدىپىنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن راۋاب چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈپتۇ. بۇنى كۆر ـ گەن سادىقبەگ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇنى چاقىرتىپ:

«ھەي قۇۋان، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن بىھايالىق بىلەن ئۆتۈشكە نېمە ھەددىڭ؟» دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە قول چوماقچىلىرىنى ئۇنى ئۇرۇپ ـ دۇمبالاشقا بۇيرۇپتۇ. قۇۋان راۋاب بۇ خورلۇققا چىدىماي، خەلقنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ قوشاقنى ئېيتقانىكەن:

باشاقچى كۆۋرۈكى،
پەيشەنبە بازارىدۇر.
سادىق تۆيتەللە،①
جاننى ئالادۇر.
ئىدىرىس باقى ھەم،②
باشقا بالادۇر.

---

① تۆيتەللە ـــ سادىق بەگكە قويۇلغان لەقەم.
② بۇ قوشاقتا ئىسمى ئېيتىلغان يەر ناملىرى ۋە ئادەملەر ئىسمى ئەينەن تىلغا ئېلىنغان.

ئەمەت بەگ دېگەن،
كۆڭلى قارادۇر.
قولىدا قامچا،
قاپاق يارادۇر.
سارەم خېنىمنىڭ،
قاشى قارادۇر.
كۆتەكتە ئولتۇرۇپ،
دۇتار چالادۇر.
ئايشەم ھەم تاجەك،
ئۇسسۇل سالادۇر.
دېدەكلەر ئۇنى،
ئوراپ ئالادۇر.
ئويۇن - مەشرەپلەر،
كۈندە بولادۇر.
خەقنىڭ كىيىشى،
جەندە - كۇلاھتۇر.
سادىق تۇيتەللە،
ھەممىنىڭ چوڭى،
ئالۋان - سەيسى دەپ،
بېسلماس ئۇنى.
يۇلۇپ تۇگىدى،
قولتۇقنىڭ يۈڭى.
ۋاسالغۇ، گۇلە،
شاپتۇلنىڭ توڭى.
بەش بالاڭ چىقىپ،
موللاققا تۇردى.
ئات مىنىشىڭ،
جالالىدىن خاندەك.
قارچىغا ئويىنىشىڭ،
غوجىۋىللا خاندەك.
ئۆستەڭ بويىدا،
بۇشۇ مىرابتەك.
كۆۋرۈك بېشىدا،
مەتىلىخاندەك.
كېيىش كىيىشىڭ،
شەمشىت كۆكەيدەك.
سېپەچ يۆگىشىڭ،
قازى كالاندەك.

يوغان گەپ قىلىشىڭ،
رەخىم دوككاندەك.
ئاتتا ئولتۇرۇشۇڭ،
راخمان پوكاندەك.
پەرداز قىلىشىڭ،
خېنىم چوكاندەك.
ياغلىق باغلىشىڭ،
ناسىر چىغچىدەك.
چاپان كىيىشىڭ،
ئاسىم دورغىدەك.
تامبال كىيىشىڭ،
هاشىم يورغىدەك.
تەلپەك كىيىشىڭ،
تۇردى هاجىدەك.
هاسا تۇتۇشۇڭ،
هەسەن قازىدەك.
يولدا مېڭىشىڭ،
قاسىم گاچىدەك.
قورسىقىڭ تاغار ،
پۇتۇڭ ئاچىدەك.
سالام قىلىشىڭ،
ئۆرە خادىدەك.
قارنىڭ تويمايدۇ،
قېرى كالىدەك.
قىلغان قىلىقىڭ،
كىچىك بالىدەك.
پوتا باغلىشىڭ،
تۇرسۇن يايىدەك.
بويۇن تولغىشىڭ،
خېنىم سەتەڭدەك.
نەپسىڭ تويماس،
خۇددى لەهەڭدەك.

*　　*　　*

جامائەت كۆرسە،
موللامچى بېگىم.
زاغرىغا خۇشى يوق،

تۇم نانچى بېگىم.
مال ـ دۇنيا ئۈچۈن،
جان ساتقان بېگىم.
تۇيماس قارنىڭنى،
قومۇشلۇق مازارغا،
كۆمۈپ قويغۇزار.

ئەينى يىللاردا سادىقبەگ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ئامبالنى كەمسىتىپ كۆزگە ئىلمايدىغان گەپ ـ سۆز-لەرنى قىلىپ قويغانلىقتىن، ئامبال ئۇنى زىندانغا سولىتىپ قويۇپتۇ. بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان قوۋزان راۋاب باشاقچى كۆۋرۈكدە ئولتۇرۇۋېلىپ، سادىق بەگنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ مۇنداق قوشاق ئېيتقانىكەن:

ئامبال پالىدى،
سادىق داداڭنى.
مىنگەچ كەلمەپسەن،
قارا ماداڭنى.
بېشىڭغا تىكلىدۇق،
بولجا ـ خاداڭنى.
خۇدايىم بەردى،
سېنىڭ جاجاڭنى.

سادىق بەگنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى موللايى خاتىپ بۇ مەسخىرىنى ئاڭلاپ، ئىچى پۇشۇپ، ئۆزىنى قوي-غىلى يەر تاپالماي، ئاخىرى قىڭغىر يولغا مېڭىپتۇ. موللايى خاتىپنىڭ بۇ رەسۋالىقى جامائەت ئارىسىغا پۇر كېتىپتۇ. قوۋزان راۋاب جامائەتنىڭ خۇشاللىقىغا شېرىك بولۇپ، بۇ قوشاقنى ئېيتقانىكەن:

سادىق تۇيتەللە،
ياتتى يامۇلدا.
موللايى خاتىپ،
قالدى ئارغۇلدا.
شۇ زامانلاردا،
موللايى خاتىپ.
سەللىنى تاشلاپ،
نەشىنى تارتىپ.
تۇگمەنگە باراي دەپ،
باشلىرى قاتىپ.
شۇنداق تۇرغاندا،
ئېشىكى قېچىپ كەتىپ،
ئېشەكنى تاپالماي،
توقۇمغا ئارتىپ،

تۇگمەنگە بارغۇچە،
قىلدى كېچەشنى،
تۇگمەنگە بېرىپ،
سالدى كۆمەچنى.
كۆمەچنى يەپ بولۇپ،
ئوسۇرۇپتۇ بەشنى.
موللا دېمەيمىز،
سەندەك كېكەچنى.
يۆگىمەس ئەمدى،
يوغان سىپەچنى.
قونچاڭغا كەپلىدۇق،
چىڭداپ بۇ كەشنى.①

شۇندىن كېيىن، سادىقبەگ ياۋاشلىشىپ، جامائەت بىلەن قارشىلاشمايدىغان بولۇپتۇ.

① «قۇۋان راۋاب قوشاقلىرى» قاراقاش ناھىيىسىدە خېلى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا ئېيتىلىپ كەلگەن. بۇ قوشاقنى ئەڭ بۇرۇن قاراقاش ناھىيە زاۋۇت يېزىسى باشاقچى كەنتىدىن مۇھەممەت توختا ئېيتىپ بەرگەن. شائىر مۇھەممەتئىمىن قۇربان ئىجادىي رەتلىگەن. بۇ قوشاق ئېيتىلىپ يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا خەلقنىڭ ئومۇمىي بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

## 22 ـ باب
## ھاجى ئەلنەغمە قوشاقلىرى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، خەلق قوشاقلىرىنى، ئۇيغۇر خەلق مۇزىكا ئاھاڭلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن ئاتاقلىق قوشاقچى، داستانچى، ئەلنەغمىچى ھاجى خىزمەت ئاخۇن 1885 ـ يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى پىلال يېزىسىغا تەۋە يېڭىۋاپ كەنتىدە تۇغۇلغان، 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھاجى ئەلنەغمىنىڭ بوۋىسى موللا تۆلەندى ھاجى ئۆز دەۋرىدە يۇرت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، جامائەت ئىچىدە تەسىرى ناھايىتى چوڭ كىشى ئىكەن. شۇڭا ھاجى ئەلنەغمە كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ بوۋىسىدىن ۋە يۇرتىدىكى ئىلاخۇن موللام دېگەن كىشىدىن دەرس ـ ساۋات ئېلىپ، خەلق ئارىسىدىكى داستان، رىۋايەت، شېئىر ـ قوشاقلارنى ئاڭلاپ ۋە يادلىۋېلىپ، بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە، «يۈسۈپ ئەھمەد»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «ھۆرلىقا ـ ھەمراجان»، «سەئىد ـ ئەنسارە» قاتارلىق داستان، قىسسەلەرنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. ئۇ دەسلەپتە دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ داپ چېلىشنى ئۆگىنىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ساز چېلىشتا، ناخشا ـ داستان ئوقۇشتا يۇقىرى ماھارەتنى ئىگىلەپ، يۇرت ئىچىدە داڭ چىقىرىدۇ. ئۇ 20 ياشلارغا كىرگەندە، يۇرتىدىكى بىرنەچچەيلەن بىلەن بىللە ئەنجانغا چىقىپ كېتىپ، ئۇ يەردىكى غېرىب، مۇساپىرلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ، باي ـ پومېشچىكلارنىڭ ئۆيلىرىدە چاكار بولۇپ ئىشلەپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئىش ـ ئەمگەكتىن بوشىغان چاغلىرىدا، دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ، مۇساپىر ئىشلەمچىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ خوجايىن بىلەن تىركىشىپ قېلىپ، تۇرۇشقا ئامال قىلالماي، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ يۇرتىدىكى توي ـ تۆكۈن، بەزمە ـ مەشرەپلەرگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، چەت ئەللەردە ئۆگەنگەن مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ ئاقتۇ بويىچە داڭ چىقارغان سازەندىگە ئايلىنىدۇ. يېڭىسار، يەكەن، يوپۇرغا، پەيزىۋات، ئاتۇش، قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئېيتقان ناخشا ـ قوشاق، داستانلار خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققىنى ئۈچۈن، ئۇ خەلق ئارىسىدا «ھاجى ئەلنەغمە» دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، كۈلپەتلىك زامانىنى سۆكۈپ قامچىلاپ، خەلقنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بەرگەن، ئۇ ھاياتىدا يەنە نۇرغۇن ياخشى كىتابلارنى يىغىپ توپلىغان. ئەنجاندىن ئېلىپ كەلگەن بىر خورجۇن كىتابنى چىڭ ساقلاپ، توي ـ تۆكۈن، سورۇنلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭىلىقلارنى، مائارىپنى قىزغىن تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى ئويغاتقان، ئۇ ئۆمرىدە يەنە ئون نەچچە نەپەر ئەلنەغمىچى شاگىرت يېتىشتۈرۈپ، قوشاقچىلىق، ئەلنەغمىچىلىك ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان.

ھاجى ئەلنەغمىنىڭ قوشاق، داستان ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ بىرلا كۆرگەن ۋە ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىشلارنى ھازىرلا قوشاققا قوشۇپ، ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ، كىشىلەرنى تەربىيىلەيدىغان ماھارەتكە ئىگە. ئەينى يىللاردا، ھاجى ئەلنەغمە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ناھايىتى زور ماھارەت بىلەن ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، ياقا يۇرتلاردىن ئاقتۇغا مەخسۇس كېلىپ ئاڭلاپ كەتكەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى.

تۆۋەندە ئۇ ئېيتقان «هۆرلىقا ـ هەمراجان» داستانىدىن پارچە:

«هۆرلىقا هەمراجاننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال شۇڭقارغا ئايلىنىپ، كۆككە پەرۋاز قىلدى. كۆردە-كى، هەمراجان يەرگە قاراپ مۇئەللەق چۆشۈپ كېتىپ بارغىدەك. هۆرلىقا چەبدەسلىك بىلەن هەمراجاننى تۇتۇۋېلىپ خەتەردىن قۇتقازدى. هەمراجان تېخىچە بىھوش ئىدى. هۆرلىقا نەچچە ـ نەچچە دورىلارنى ئىشـ-لەتتى، هېچقايسىسى شىپا بەرمىدى، ئاخىرى خاسىيەتلىك رومالىنى هەمراجاننىڭ يۈزىگە يېپىپ قويۇپ، خۇن ـ جىگىرىدىن ئېسەنلىك تىلەپ مۇناجات ئېيتتى:

قارا كۆنلەر چۈشتى مېنىڭ بېشىمغا،
نەزەر ئەيلەپ قۇتقازغىن دەپ يىغلايمەن.
ئەگەر مېنىڭ مۇرادىمنى بەرمىسەڭ،
بۇ جېنىمنى تېز ئالغىن دەپ يىغلايمەن.

ئىشق ئوتىدا يۈرەك ـ باغرىم خۇن بولدى،
هەمراجانىم قېنى سەن دەپ يىغلايمەن.
تەتۈر پەلەك يارنى بىھوش ئەيلىدى،
هەمراجانغا شىپا بەر، دەپ يىغلايمەن.

قۇرئەندازلار قۇرئان ئېچىپ بېقىڭلار،
هەمراجانغا جاننى پىدا ئېتىڭلار.
يۈرەك ـ باغرىم ئېلىپ ئاڭا چېتىڭلار،
هەمراجانغا شىپا بەرسە دەپ يىغلايمەن.

نىچۈك يارىم كۆكتىن موللاق ئاتارسەن؟
ئەقلىي هوشۇم ئېلىپ ئوتقا سالارسەن؟
بىھوش بولۇپ يۈرىكىمنى تىلارسەن،
هەمراجانغا شىپا بەر، دەپ يىغلايمەن.

تەتۈر پەلەك چاقىن چەپكە ئۇرغاندۇ؟
بۇلبۇل گويا هازىر قايدا تۇرغاندۇ؟
بىلەلمىدىم يار قاناتى سولغاندۇر،
هەمراجانىم شىپا بەر، دەپ يىغلايمەن.

هۆرلىقا دەر مېنىڭ بەختىم قارادۇر،
ئىشق دەردىدە يۈرەك ـ باغرىم يارادۇر.
يار بىلەن تەڭ جېنىم چىقسا راۋادۇر،
هەمراجانغا شىپا بەر دەپ يىغلايمەن.»

هاجى ئەلنەغمە ئەنجاندا تۇرغان مەزگىللەردە ناهايىتى ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ جەر-ياندا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىسمەتلەرنى بايان قىلىپ بەزى شېئىر ـ قوشاق ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ ئاي-

ـرىلىش ـ جۇدالىق ھەققىدىكى بىر قىسىم قوشاقلىرىدىن نەمۇنە:

## نىتەي

نىتەي، نىتەي، جانىم نىتەي،
سېنى تاشلاپ نەگە كېتەي؟
گەر ۋىسالىغا يەتمىسەم،
قان قۇسۇپ ئۆلۈپ كېتەي.

نىتەي، نىتەي، جانىم نىتەي،
يارغا جان قۇربان ئېتەي.
يار ماڭا كۆز سالمىسا،
چۆللەرگە قان يىغلاپ كېتەي.

ئۇنىڭ ئەركىن مۇھەببەتنى مەزمۇن قىلغان قوشاقلىرىدىن نەمۇنە:

## تاجىخان

مەن نەگە بارالايمەن؟
بوينۇم قىلدا باغلاقلىق.
خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق،
ماڭا مىڭ كۆز پايلاقلىق.

مەن نەدە تۇراي ئەمدى؟
بارارغا مەنزىلىم يوقتۇر.
ئەنجاندا تۇراي دېسەم،
كىرەرگە ئۆيلىرىم يوقتۇر.

ۋاي تاجىخان، تاجىخان،
دەردىمگە يېتەر كىملەر؟
يۈرەكىمىڭ مۇزمۇ، يا تاشمۇ،
قاچان ئېرىيدۇ دىللار؟

ئەينى يىللاردا يېڭىسار ياموُلىنىڭ يارلىقى بىلەن پىلال يېزىسىدىن 2000 كىشى شەمبىلە دېگەن يەرگە بېرىپ ئۆستەڭ چاپىدۇ. ئالتە ئايغا سوزۇلغان بۇ ئۇزۇن ھاشاردا، ھەربىر ئائىلىگە بىر ئېشەك شاخ ـ شۇمبا قوشۇمچە ئالۋان كېلىدۇ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى كېسىلىپ، يولغا سايە تاشلايدىغان دەرەخ ـ لەرمۇ قالمايدۇ. بۇنى كۆرگەن ھاجى ئەلنەغمىنىڭ قوشىقى:

يېڭىساردىن خەۋەر كەلدى،
شەمبىلەگە[1] بارسۇن دەپ.

---

[1] شەمبىلە ــ يېڭىساردىكى جاي ئىسمى.

ئەرلەر ئورنىدىن تۇرسۇن،
خوتۇن - قىزلار قالسۇن، دەپ.

ھەر تۇتۇندىن بىر ئادەم،
مەيلى ئىككى، ئۈچ ئادەم.
شەمبىلەگە يۈزلىنىپ،
قولغا كەتمەن ئالسۇن، دەپ.

پىلال دېگەن بۇ يۇرتقا،
ئىككى مىڭ ھاشار كەلدى.
ئىككى مىڭ ئېشەكلىك شاخ،
بادىرا ھەم ۋاسا كەلدى.

كەم قالدى دېسە كىملەر،
يوقنى بېرىپ تاپا! دەيتتى.
ئېشەككە قوشۇپ بىردىن،
ئېلىپ بارغىن قاپ، دەيتتى.

كەلدى دورغا - ياىىلار،
قوللىرىدا قامچىسى.
دەرەخلەر كېسىلىپ بولدى،
چۈشمەي يولغا سايىسى.

شەمبىلەنىڭ ئۈستىگە،
ئالتە ئايغا سوزۇلدى.
كەتتى تەندىن كۈچ - مادار،
بىلەكلەرمۇ ئۈزۈلدى.

قاچان توگەر بۇ ئۈستەڭ،
شەمبىلەدىن كېتەرمىز.
يېتىپ بېرىپ ئۆيلەرگە،
ئۆي تامىقى ئىچەرمىز.

شەمبىلەيۇ، شەمبىلە،
يوتقان، كۆرپە نەم بىلەن.
قوشاق قوشۇپ يىغلارمىز،
ھەسرەت بىلەن، غەم بىلەن①.

① ھاجى ئەلنەغمە قوشاقلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى نۇسخىسىنى يازغۇچى ئابلىمىت ئىمىن توپلاپ خاتىرىگە ئالغان.

## 23 ـ باب
## قادىر بوۋلاق قوشاقلىرى

خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن قوشاقچى، خەلق شائىرى قادىر بوۋلاق 1935 ـ يىلى قەش-
قەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بوۋلاقسۇ يېزىسى ئارال كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 2003 ـ
يىلى ۋاپات بولغان.

قادىر بوۋلاقنىڭ ئائىلىسى ئۆتمۈشتە ناھايىتى كەمبەغەل بولغانلىقتىن، پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپكى-
چىلا ئوقۇيالىغان. مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ
ئاشخانا، ناۋايخانىلاردا بىر مەزگىل ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلغان ۋە مەھەللىسى بىلەن شەھەر ئارىسىدا
قاتراپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزگەن. بۇ مەزگىللەردە ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
جۈملىدىن ئۇيغۇر قوشاقچىلىقىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەن. كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن
ئوقۇپ، ئىجادىيەت مەشىقى ئېلىپ بېرىپ، ماھارىتىنى ئۆستۈرگەن ۋە شۇ دەۋرلەردە بىرمۇنچە ئاكتۇئال
شېئىر ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىليونلىغان خەلق ئاممىسى
بىلەن بىر قاتاردا قەد كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان ۋە 1952 ـ يىلى كانسۇ
كۆمۈركاندا ۋە سابىق جۇڭگو ـ سوۋېت رەڭلىك مېتال شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشچى بولۇپ ئىش-
لىگەن. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ۋە ئاپەتلىك يىللاردا ناھەق قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، يېزا ـ سەھرالارغا
ھەيدىۋېتىلىپ، سىياسىي جەھەتتە چەتكە قېقىلغان، بولۇپمۇ 1976 ـ يىلى تيەنئەنمېن ۋەقەسى يۈز بەر-
گەندە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنى مەدھىيىلەپ شېئىر يازغىنى ئۈچۈن، خاتا ھالدا 10 يىللىق قاماق جازاسى-
غا ھۆكۈم قىلىنغان. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلگەندە، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ،
ئىككىنچى قېتىم يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن.

قادىر بوۋلاق ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئېغىر قىسمەتلىرىگە ئاساسەن،
يۈرەك سۆزلىرىنى شېئىر ـ قوشاق ئېيتىش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇ ئۆزگەرتىش لاگىرلى-
رىدا، يېزا ـ كەنتلەردە سۈرگۈن بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن مەزگىللەردە يەنە داۋاملىق گېزىت ـ ژۇرنال،
كىتاب كۆرۈپ، شېئىر ـ قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، بىرمۇنچە ياخشى ئەسەر-
لەرنى ئىجاد قىلىپ ۋە ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەپ، ئاممىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن
ۋە خەلق ئارىسىدا «قادىر بوۋلاق» دەپ ئاتىلىپ نام چىقارغان. ئۇ يەنە خەلق ئىچىدە ئىلىم تارقىتىش،
كلاسسىك ئەسەرلەرنى يىغىپ توپلاش، ۋاكالىتەن كىتاب ـ ژۇرنال سېتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىر-
لىكتە ئىشلەپ، تەشۋىقاتچىلىق رول ئوينىغان.

قادىر بوۋلاقنىڭ قوشاقچىلىق ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، مەزمۇنى چوڭ-
قۇر، تېما دائىرىسى رەڭدار، تىلى بەكمۇ راۋان ۋە ئاممىباب. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ناھەقچىلىككە، پارىخورلۇق ـ
خىيانەتچىلىككە نارازى بولۇپ يازغان شېئىر ـ قوشاقلىرى گېپىمىزنىڭ دەلىلى. ئۇنىڭ قوشاقلىرى ياش
ئەۋلادلارغا ئۈزلۈكسىز ئىلىم ـ پەن ئىگىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ھەممە مىللەت ئىتتىپاق بولۇپ ئۆتۈش
تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قادىر بوۋلاقنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردە يازغان شېئىر ـ قوشاقلىرى كۆپ بولۇپ، نۇرغۇن ئەسەرلى-
رى ھەردەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ھاياتىدا ئىككى قېتىم شېئىرلار توپلىمى چى-

قارغان. بولۇپمۇ سىياسىي جەھەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەندە يازغان ئون پارچە ئەرزىيەت قوشاقلىرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قوشاقلار ئەرز ـ شىكايەت شەكلى ئارقىلىق يېزىلغان.

قادىر بۇلاقنىڭ ئۆتكەن 20 ـ ئەسىردىكى ئاپەتلىك يىللاردا، بولۇپمۇ 70 ـ يىللاردىن باشلاپ مەركەز ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا يازغان ئەرزنامىسىدىن نەمۇنە:

## 1 ـ قېتىملىق ئەرزنامە

بايان ئەيلەي خەت ئارقىلىق مەن سۆزلىشىپ،
ئىلاجسىز ئەرز يازدىم قايناپ ـ تېشىپ.
ئەرزى ھالىم كەتتى بۈگۈن كۆكتىن ئېشىپ،
باشلىق ئاتا ماڭا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

گاھى كۈنلەر ئۆزۈم يىغلاپ، ئۆزۈم كۈلدۈم،
كىشىلەرگە بىلدۈرمىدىم، ئۆزۈم بىلدىم.
خەلق ئۈچۈن ئىشلىيەلمەي، تىرىك ئۆلدۈم،
باشلىق ئاتا ماڭا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

شەھەر خەلقى ئۈچىرەتتە تۇرۇپ خورما يېسە،
ئۆچىرەتكە مەن يېقىن بارسام پوش ـ پوش دېسە.
قاراپ قالدىم بولدى ماڭا دەردى ئىسە،
باشلىق ئاتا ماڭا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

يۇرتۇم قەشقەر، قۇم دەرۋازا، يېڭى جايدىن،[1]
ئىككىنچى زۇ،[2] ئون ئۈچىنچى قورۇ ـ جايدىن.
قىيىنچىلىق بولدى ماڭا، سوغۇق ئايدىن،
باشلىق ئاتا ماڭا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

ئەرز ئېيتسام تىڭشىمايدۇ ھېچبىر قۇلاق،
مەركەزگە مەن باراي دېسەم يوللار يىراق.
يىغلاپ تۇرۇپ ئاۋارىمەن قادىر بۇلاق،
باشلىق ئاتا ماڭا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

1973 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

## 2 ـ قېتىملىق ئەرزنامە

شۇ ئەرزىمنىڭ داۋامىنى يازدىم يەنە،
قايدىن تارتاي مەن ئۆزۈمگە پۇشتى پاناھ.

---

① قەشقەر شەھىرى قۇم دەرۋازىسى يېڭى جاي كومىتېتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② ئىككىنچى گۇرۇپپا.

بىر ۋەتەندىن غەيرىي ماڭا يوقتۇر ئانا،
باشلىق ماڭا توغرا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

ھىيلە ـ مىكىر، سۇيىقەست ئەمەس بۇ — ئوچۇق خەت،
يېزىش ئۇچۇن ماڭا بەرسۇن ئىمكانىيەت.
كۆپ يىغلىدىم باشلىق ئاتا، ھالىمغا يەت،
باشلىق ماڭا توغرا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

چىن قەلبىمدىن ئەرز ئېيتتىم، قىلمىدىم دوق،
لىن بىياۋغا نەپرەت بىلەن ياغدۇرۇپ ئوق.
مەڭگۈ ئالغا ئىلگىرىلەيمەن، چېكىنىش يوق،
باشلىق ماڭا توغرا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

ياغ بولمىسا، يوغان تامغا ئاقمايۋاتسا،
باشلىقلارمۇ ماڭا قاراپ باقمايۋاتسا.
مېنىڭ ئەرزىم باشلىقلارغا ياقمايۋاتسا،
باشلىق ماڭا توغرا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

بەزى ئىشلار ئارقا ئىشىكتىن بولماقتا ھەل،
ئارقا ئىشىكتىن ماڭغانلارنىڭ توققۇزى تەل.
خاتا ئىشنى پاش قىلىشقا باغلىدىم بەل،
باشلىق ماڭا توغرا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

ئارقا ئىشىكتىن ماڭغانلارنىڭ قورسىقى توقمۇ؟
باشلىقلار مېنىڭ بىلەن كارى يوقمۇ؟
ماڭا خىزمەت ھەل قىلىشقا چارە يوقمۇ؟
باشلىق ماڭا توغرا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟

1974 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

## 3 ـ قېتىملىق ئەرزنامە

بىر قانچە رەت ئەرز ئېيتتىم، ئاڭلىغانمۇ؟
تۇغۇلغاندا مەن نوپۇسسىز تۇغۇلغانمۇ؟
تەقدىر شۇنداق، پېشانەمگە يېزىلغانمۇ؟
ئەرزىمىزگە قۇلاق سېلىپ كىم ئاڭلايدۇ؟

ئەرز ئېيتتۇق ۋەيران بولغان نوپۇسسىزلار،①
مەجبۇر قىلىپ كۆچۈرۈلگەن ھوقۇقسىزلار،

① ئەينى يىللاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە ھەر ئادەمگە نورما بېكىتىلگەن، نوپۇسى يوقلار ئاشلىق ئالالمىغان. مۇشۇ ئىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىرقانچە مىلڭ نورمىسى يوق ئوغۇل - قىزلار،
ئەرزىمىزگە قۇلاق سېلىپ كىم ئاڭلايدۇ؟

ۋەيرانىلار بوگۇن راسا قايناپ تاشتى،
لويىلار[1] غا ئېسىل تۇرمۇش بەك ياراشتى.
نوپۇسسىز دەپ نورما بەرمەي، قورساق ئاچتى،
ئەرزىمىزگە قۇلاق سېلىپ كىم ئاڭلايدۇ؟

قورقمىدۇق بىز كاللىمىزنىڭ كېتىشىدىنمۇ،
تۇتۇپ بىزنى ئېتىشتىنمۇ، چېپىشتىنمۇ.
قەتئىينەزەر تۈرمىلەردە يېتىشتىنمۇ،
ئەرزىمىزگە قۇلاق سېلىپ كىم ئاڭلايدۇ!؟

تۆۋەنگە بىز ئەھۋال ئېيتساق «كېيىن» دەيدۇ،
بىغەم باشلىق ئىسسىق ئۆيدە لەگمەن يەيدۇ.
ئويلاپ كۆرۈڭ نوپۇسسىزلار نېمە يەيدۇ؟
ئەرزىمىزگە قۇلاق سېلىپ كىم ئاڭلايدۇ؟

نوپۇس دېمەك، تۇرمۇش دېمەك، هايات دېمەك،
ھەر ئادەمگە تۇرمۇش ئۈچۈن هايات كېرەك.
هايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئىشلەش كېرەك،
ئەرزىمىزگە قۇلاق سېلىپ كىم ئاڭلايدۇ؟

1974 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

## ۋەتەن شەنگە

جەننەت ماڭا ئانا تۇپراق،
تاغۇ دالا، تۈز.
قوغداشتا چېۋەر پوستمەن،
كېچە ھەم كۈندۈز.

ئابى كەۋسەر قەترە سۈيى،
قېنىمدىن ئەلا.
چىمدىم توپا پۇشتۇم مېنىڭ،
ئۆرىمەيمەن يۈز.

ئەھدىم مېنىڭ ۋاپادارلىق،
ئانا ۋەتەنگە.

---

① لويى ــ بيۇروكرات باشلىقلار مەنىسىدە.

يانسام ئەگەر بۇ سۆزۈمدىن،
بولاي قارا يۈز.

دىلىمmu شۇ، تىلىممۇ شۇ،
ۋەتەن، خەلققە.
تەتۈر باقسام كور بولسۇن ـ دە،
مەندە بىر جۈپ كۆز.

## كۆيمىسۇن

پاك كېلىپ ـ پاك كەتكۈلۈك، ۋىجدان، ساداقەت كۆيمىسۇن،
ئەڭ ئۇلۇغ ئەخلاق ـ ئەدەپ، ئىنساپ ـ دىيانەت كۆيمىسۇن.

ھەقنى سۆزلە، كۆپنى كۆزلە، لاپنى ھەرگىز سۆزلىمە،
قىلمىغىن يالغان گۇۋاھلىق، ئەل ـ جامائەت كۆيمىسۇن.

قەلبداش دوستلارغا زىنھار ئىككى يۈزلۈك بولمىغىن،
ياتقا قۇللۇق قىلمىغىن، خىسلەت ـ ئىناۋەت كۆيمىسۇن.

ئىتتىپاق ـ بىرلىك، باراۋەرلىك ئەزەلدىن قەرزىمىز،
ئەل ـ ۋەتەن قۇربانلىرى قىلغان ئىشارەت كۆيمىسۇن.

تۇغۇلۇپ ئۆستۈڭ چوڭۇپ، ئالتۇن دىيارىم كۆكسىدە،
ئۆز ئاناڭ ئاق سۈت بىلەن بەرگەن جاسارەت كۆيمىسۇن.

نەسلى پاك، ۋىجدانى ئاق، ئەسلىي ئۇلۇغ ئەجدادىمىز،
ئاققۇزۇپ قان ـ تەر بىلەن يىغقان دارامەت كۆيمىسۇن.

ئەل ئىچىدە گەپ توشۇپ، پىتنە ـ پاساتنى ياغدۇرۇپ،
سالمىغىن غوۋغانى سەن پۈتكەن ئىمارەت كۆيمىسۇن.

دەپتىكەن چوڭلار: «ئامال قىلساڭ سېۋەتتە سۇ تۇرار»،
شۇ ماقالنى دىلدا تۇت، ئەقلىي ـ پاراسەت كۆيمىسۇن.

سەن ئەگەر بولساڭ چېقىمچى، ئەل ساڭا نەپرەت قىلۇر،
ساقلىغىن قەلبىڭنى كامىل، ھەق ـ ئادالەت كۆيمىسۇن.

مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك، مەيلى ئايالۇ ـ مەيلى ئەر،
بۇلغىما نامىڭنى سەن، يۈكسەك پاساھەت كۆيمىسۇن.

## 24 ـ باب
## مىرسالى سىيىت قوشاقلىرى

قوشاقچى مىرسالى سىيىت 1905 ـ يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسى ئاناقىز كەنتىدە تۇغۇ ـ لۇپ، 1976 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋاپات بولغان.

مىرسالى سىيىتنىڭ ئاتىسى ئىلىم ـ پەننى قىزغىن سۆيىدىغان بىر ئادەم بولغانلىقتىن، ئۇنى كىـ ـ چىك چاغلىرىدىن باشلاپلا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقارغان. مىرسالى 15 ياشقا كىرگەندە دادىسى ۋاپات بولۇپ، ئائىلىسىنى باشقۇرۇش ئىشى مىرسالىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ باي ناھىيىسىدىكى يەرلىك ئەمەلدار، باي ـ پومېشچىكلارنىڭ قاتمۇ قات ئالۋان ـ سېلىق ۋە قاتتىق سىياسەت ـ لەرنى يۈرگۈزۈشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. خەلق ئارىسىدا تارقالغان زۇلۇم ـ كۈلپەتكە قارشى شېئىر ـ قوشاقلارنى ئۆگىنىپ، خاتىرىلەپ، توپلاپلا قالماستىن، بەل ـ كى ئۆزىمۇ ئەمگەكچى خەلقنى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشقا دەۋەت قىلىدىغان نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاقلارنى يې ـ زىپ تارقاتقان. ناھەق ئىشلارنى سۆكۈپ قامچىلىغان. بۇنىڭغا چىدىيالمىغان گومىنداڭ دائىرىلىرى 1948 ـ يىلى ئۇنى تۈرمىگە تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىلچە قورقماي، تېخىمۇ قەتئىي ئىرادىگە كې ـ لىپ، چىرىك تۈزۈمنى، ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارنى پاش قىلىدىغان، ئەركىن مۇھەببەتنى تەشەببۇس قىلى ـ دىغان نۇرغۇن قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇ ـ رۇلغاندىن كېيىن، ئۇ قەد كۆتۈرۈپ، ئەركىن ـ ئازاد ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، رايوننىڭ سۇ كادى ـ رى، يېزا باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئاپەتلىك يىللاردا ئۇنىڭ يازغان ۋە توپلىغان نۇرغۇن ما ـ تېرىياللىرى كۆيدۈرۈۋېتىلىپ، رىيازەت چېكىدۇ، لېكىن، ئۇ قەتئىي بوشاشماي ئاتاقلىق شائىر نىمشې ـ ھىت ئەرمىيا ئېلى داموللام بىلەن يېقىن ئۆتۈپ، ئاخىرغىچە توختىماي ئىجاد قىلىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

مىرسالى سىيىتنىڭ قوشاقلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بەزىلىرى ئارۇز ۋەزىن شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى يېنىك ۋە راۋان. ئۇنىڭ قوشاقلىرى بەلگىلىك تەربىيىۋى ئەھ ـ مىيەتكە ئىگە.

مىرسالى سىيىت ئەينى يىللاردا باي ـ پومېشچىكلارنى ئىنتايىن يامان كۆرگەنلىكتىن، زالىملار ھە ـ مىشە ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىپ ئەدەپىنى بېرىش كويىدا يۈرەتتى، بۇنى ئالدىن سەزگەن مىرسالى سىيىت ئۇلارنى قوشاقلىرى ئارقىلىق مازاق قىلغانىدى.

### بەگلىرىم

قاسساپنىڭ پالتىسى بەگلىرىم،
قەلەندەرنىڭ خالتىسى بەگلىرىم.
ئات ئۈستىدىن چۈشمەيدۇ پەقەت،
گومىنداڭنىڭ غالچىسى بەگلىرىم.

## گومينداڭنىڭ زۇلۇمى ھەققىدە شىكايەت

ئىچىم قانغا تولۇپتۇ،
بېشىم غەمگە تولۇپتۇ.
گومينداڭنىڭ دەستىدىن،
كىملەر راھەت كۆرۈپتۇ.

گومينداڭنىڭ زۇلمىدىن،
غەم ـ دەردنى تولا تارتتۇق.
ھەق سۆزلىسەك «گۇناھ» دەپ،
زىندان، تۈرمىدە ياتتۇق.

ئەمەلدارلار مال سويار،
تامچە قاننى چىقارماي.
يۆگەپ ئۇرار كىگىزگە،
ئۇنلىرىنى چىقارماي.

بۇلاپ كەتتى گومينداڭ،
ئۆيلەر قالدى قۇپقۇرۇق.
زالىملارنىڭ دەستىدىن،
كەمبەغەللەر ئاچ، ئورۇق.

كۈندە قويدى گومينداڭ،
تۈرلۈك ـ تۈمەن ئالۋاننى.
ئادا قىلماي نە ئامال؟
ئالماق قەستى بۇ جاننى!

چىقارغانتى گومينداڭ،
نەق پۇل بىلەن بىر بۇيرۇق.
پۇقرالارغا بەرمەيدۇ،
ئەمرۇللا بىلەن چورۇق.①

بەگلىرىمنىڭ يېپىشى،
پاقلان گۆشى، چوڭ قۇيرۇق.
ھەق سۆزلىگەن پۇقرانىڭ،
چوماقتا بېشى يورۇق.②

---

① ئادەم ئىسىملىرى.
② بېشى تېشىلگەن مەنىدە.

سايرامنىڭ سۈيى بەك قىس،
ئاق ياتىدۇ يەرلىرى.
كىمنىڭ يېرى كونا بولسا،
ئۇنى تېرار بەگلىرى.

ئەمرۇللا ھەم چورۇقنىڭ،
ئۈچىنچى چۆي جايلىرى.①
بىزلەر ئىچسەك سوغۇق سۇ،
ئۇلارنىڭ قەنت، چايلىرى.

كەمبەغەللەر داد دېسە،
تويغىچە تاياق يەيدۇ.
بۇنى كۆرۈپ بەگلىرىم،
«خوپ بولدى، ئوبدان» دەيدۇ.

ھەقسىز ئالار خەلقتىن،
بېدە، سامان، قوناقنى.
ئۇنى ئاز دەپ كالا، قوي،
تۆگە، ئۆچكە، ئۇلاغنى.

تاكاللاشسام بەگ بىلەن،
«ئۆكتەمچىدۇر» بۇ ئېتىم.
دەۋا قىلىپ خوجامغا،
چېقىشتۇردى كۆپ قېتىم.

## يېتەر ئەمدى

ساۋۇت قوچاق② ئاتىلاركەن ئىسمىڭ سېنىڭ،
ئارقامغا باغلاپ قويۇپ، كېلىپ ئاتتىڭ.
تەييارلىدىڭ ئون بەش كالتەك مېنىڭ ئۈچۈن،
پۇت ـ قولۇمغا كويزا ـ كىشەن سېلىپ ئاتتىڭ.

مىرسالىنى ئۇرماق ئۈچۈن تەييارلىغان،
ئون بەشىدىن يەتتە كالتەك سۇندى تامام.
ئەي، بى رەھىم ئۇرمىساڭچۇ يېتەر ئەمدى،
مېنىڭ ئۈچۈن ھەسرەت بىلەن ياتتى ئانام.

---

① چۆي ـــ رايون مەنىسىدە.
② سايرام يېزىسىدىكى زالىم باي.

## 25 ـ باب
## مەخسۇت ھاجى قوشاقلىرى

مەخسۇت ھاجى — يېقىنقى زامان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى.
ئۇ 1856 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ هاراپ يېزىسى ھېيتكا مەھەللىسىدىكى بىر دىنىي ئۆ ـ
لىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1926 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.
قوشاقچى ۋە ئەدىب مەخسۇت ھاجى ئۆز دەۋرىدە ھەققانىيەتنى سۆزلەيدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەتنى، ما ـ
ئارىپنى سۆيىدىغان، گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئادەمگەرچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان مۆتىۋەر كىشى
سۈپىتىدە جامائەتچىلىككە تونۇلغان. ئۇ دادىسى مۇھەممەت قۇربان موللامنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرى ئار ـ
قىسىدا، دەسلەپكى ساۋاتىنى دىنىي مەكتەپتە چىقارغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئەدەبىياتقا ناھايىتى ئىشتىياق
باغلاپ، ئەرەب، تۈركىي، پارس ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپ، كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگى ـ
نىپ، ئۆز ئىجادىيىتىگە ئاساس سالغان. ھاياتىدا نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاقلارنى، ئەقلىيە سۆزلەرنى، تەم ـ
سىل، خەلق ماقاللىرىنى ئىجاد قىلىپ، هاراپ يېزىسىدىكى جامائەتچىلىك ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قال ـ
دۇرغان. ئۇ ھەم يېتىشكەن دىنىي زات بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىقتىدارى، شېئىر ـ
قوشاقلاردىكى ماھارىتى ۋە پەزىلەتلىرى ئارقىلىق كونا زاماننى سۆكۈپ، يېڭىلىقنى، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى
تەرغىب قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ شېئىر ـ قوشاقلىرىدا ناھەقچىلىككە قارشى تۇ ـ
رۇش، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنى تۈگىتىش، قانۇن، ئەخلاقنى كۈچەيتىش، ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش،
كىشىلەرنى نادانلىق، خۇراپاتلىق، جاھالەتتىن يىراق تۇرۇپ، مائارىپقا، يورۇق يولغا يېتەكلەش، ھۇرۇن ـ
لۇق، قاششاقلىق، بىكار تەلەپلىككە يول قويماي، تىرىشىپ ئالغا بېسىپ، جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزۈشتىن
ئىبارەت ئىدىيىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بەزى قوشاقلىرىدا كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى،
ئۇسلۇبلىرى قوللىنىلغان بولۇپ، مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى خېلى يۇقىرى، تىمىسى ئاكتىۋال. ئۇ
ھاياتىدا نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ھازىرغىچە قولىمىزغا يېتىپ كەل ـ
گىنى ناھايىتى ئاز، كۆپ قىسمى ئۆز دەۋرىدىكى شارائىتنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن خاتىرىگە ئېلىنماي
تۇرۇپلا يوقىلىپ كەتكەن.
مەخسۇت ھاجى قوشاقلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، مەزمۇنى ۋە شەكىل ئۇسلۇبىدا
ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت بار. ئۇ ياش ئەۋلادلارغا قانۇن تەربىيىسى، ئىلىم ـ پەن تەربىيىسى، ئەدەپ ـ
ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.
مەخسۇت ھاجى ئەينى دەۋرلەردە، ئەمگەك قىلماي ھۇرۇنلۇق قىلىدىغان، قىمار ئويناپ ئىناقلىقنى
بۇزىدىغان ئادەملەرگە ناھايىتى ئۆچ ئىدى، ئۇلارنى شېئىر ـ قوشاقلىرى ئارقىلىق قامچىلايتتى. ئۇنىڭ
ئاشۇ خىل قوشاقلىرىدىن نەمۇنە:

### قىمار بىلەن بەڭگى ھەققىدە

ئى، خالايىق كۆرۈڭلار،
بۇ بالامنىڭ رەڭگىنى.
چۆرىسىگە يىغىپتۇ،
قىمارۋازنى، بەڭگىنى.

مىڭ جاپادا تاپىمەن،
داچەن بىلەن تەڭگىنى.
ئۆتتۈرۈپتۇ بۇ بالام،
بىر ئات بىلەن ھاڭگىنى.

پۇل تۇگىسە قىمارۋاز،
نومۇس قىلماي باش كېسەر.
مەست بولغاندا بەڭگىمۇ،
ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر.

ئەي خالايىق، تۇزەڭلار،
ناچار قىلىق، تەلۋىنى.
قىمارۋازغا ياساڭلار،
زەيلىك يەرگە قەبرىنى.

ئى، خالايىق قويماڭلار،
يۇرت ئىچىدە غەلۋىنى①.
نەدە بولسا سۇرۇڭلار،
قىمارۋازنى ـ بەڭگىنى.

## ئوغۇلغا تەنبىھ ـ نەسىھەت

ماڭا پەرزەنت بولۇپ، نە ئىشنى قىلدىڭ؟
ئۆزۈڭ ئويناپ، ئاتاڭنى ئىشقا سالدىڭ.
بۇ ئۆيدە قاچان بىرەر ئىشنى قىلدىڭ،
ساڭا تولا شەپقەت قىلغان ئاتاڭمەن.

ماڭا تولا پىراق سالدىڭ بالام سەن،
شۇنداق قىلىپ بۇ ئۆينى يا ئالامسەن؟
ياكى مەندىن ئايرىلىپ بۆلەك بولامسەن؟
ساڭا تولا دەۋا قىلغان ئاتاڭمەن.

ساڭا مەندەك ئاتا پەقەت تېپىلماس،
بالا گەپ ـ سۆزىگە مەندەك قوشۇلماس.
جاھان ئىچىدە سەندەك پەرزەنت تېپىلماس،
ساڭا تولا دۇئا قىلغان ئاتاڭمەن.

---

① غەلۋە ــ جېدەل ـ ماجىرا دېمەكچى.

دۇئا ئالغىن قېرىپ كەتكەن ئاتاڭدىن،
سېنى باققان، دوك بولغان شۇ ئاناڭدىن.
خۇدا ئايرىمىسۇن بىزدەك ھاساڭدىن،
سېنىڭ ھالىڭغا تولا بارغان ئاتاڭمەن.

ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز تەڭ قېرىيمىز،
بىر ئۆي دەردىنى تارتىپ ھېرىيمىز.
ھال ـ دەردىڭگە يىغلاپ، چاندى تىلىمىز.
دەردلىرىڭنى تولا تارتقان ئاتاڭمەن.

بۆلەك بولماق نىچۈك سەندە خىيال بار،
بۆلەك بولساڭ، سەن بولۇرسەن نانغا زار.
بىزدىن ئايرىلساڭ ناۋادا، بولسەن خار،
تېپىپ تەييار قىلىپ بەرگەن ئاتاڭمەن.

بىزدىن چىقىپ نەلەرگىمۇ قاچۇرسەن؟
ئەر ـ خوتۇن ئىككىڭ قايان بارۇرسەن؟
ئۆزۈڭنى باقالماي يەنە كېلۇرسەن،
جاپا قىلماي ۋاپا قىلغان ئاتاڭمەن.

بۇ كۈنلەردە ئاناڭنىڭ ساقلىقى يوق،
جاھان ئۇزۇن، لېكىن، تەم ـ تاتلىقى يوق.
بۇ ئۆيدە ئۇن تۈگەپتۇ، ئۇن تارتقىنى يوق،
بىر ئۆينىڭ دەردىنى تارتقان ئاتاڭمەن.

ئەمگەكنى تاشلىما ئەي ياخشى پەرزەنت،
يۈرىكىم قۇۋۋىتى ئەي دىل جىگەربەنت.
كۈنۈڭنىڭ ئۆتكىنى قان ـ تەنگە پەيۋەنت،
سېنى شۇنداق قىلىپ باققان ئاتاڭمەن.

نەسىھەت قىلدى ساڭا ئاتاڭ مەخسۇت ھاجى،
سۆزۈمنى ئاڭلىساڭ بولغايمەن رازى.
ھەل ئەمەس ھۇرۇننىڭ مەقسەت ـ مۇرادى،
نەسىھەت قىلغۇچى غەمخان ئاتاڭمەن.①

---

① مەخسۇت ھاجى قوشاقلىرىنىڭ بۇ نۇسخىسى ئەڭ ئاۋۋال قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى مەرھۇم مۇھەممەت مەسۇم، ئەمەت ئىد-رىسلار تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنىپ توپلانغان.

## 26 ـ باب
## مۇھەممەت يۇسۇپ قوشاقلىرى

قوشاقچى مۇھەممەت يۇسۇپ 1915 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلبويى يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1980 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋاپات بولغان.

مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرى ھازىرقى جامباز يېزىسىدا ئۆتكەن. ئۇنىڭ دادىسى باي ـ پومېشچىكلارنىڭ ئىشىكىدە جۇۋاز ھەيدەش، قوي ـ كالا بېقىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەچكە، تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن ئۇ تۇزۇكرەك ئوقۇيالمىغان، دادىسىغا ياردەملىشىپ ئېتىز ـ ئېرىق ئەمگىكىگە قاتناشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قەد كۆتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، تەشۋىقاتچىلىق رول ئوينىغان. ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ۋە تەرەققىياتلارنى قوشاقلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ قوشاقلىرىدا يېڭى زامانىنى، بەختلىك ھاياتنى مەدھىيىلەپلا قالماستىن، يەنە كادىرلاردىكى بيۇروكراتلىق، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، ئاممىنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان سېلىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى سۆكۈپ، تۈرلۈك ناھەقچىلىكلەرنى كۈچلۈك پاش قىلغان. شۇڭا، ئاپەتلىك يىللاردا بەزىلەرنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز يۇرتىدا تۇرۇشقا ئىلاجسىز قېلىپ، كۈنەس ناھىيىسىگە چىقىپ كېتىپ، شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان. ئۇ ئىجاد قىلغان بىر قىسىم قوشاقلار بولۇپمۇ ئەمگەك تەقسىماتىدىكى نەھەقچىلىكلەرنى مەسخىرە قىلىپ توقۇغان قوشاقلار ھازىرغىچە ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. بىر قىسىم قوشاقلىرى ھەر دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، بىر قىسىملىرى ئاپەتلىك يىللاردا يوقىلىپ كېتىپ تېپىلمىغان.

مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ قوشاقلىرى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۆتمۈش كونا زامان بىلەن ھازىرقى زامانىنى سېلىشتۇرۇپ، بەختنىڭ قەدرىگە يېتىشتە، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئىلىم ـ پەن، مائارىپ تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار، بولۇپمۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى پاش قىلىپ ئىجاد قىلغان سىياسىي قوشاقلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئالاھىدە كۈچلۈك.

### ئۆتمۈشتىن شىكايەت

مەن بىر كەمبەغەل دېھقان،
ئۆتمۈشتە ئازاب تارتقان.
ئازاد، يېڭى زاماندا،
قەد رۇسلاپ بەخت تاپقان.

ئاتمىش ياشقا كىردىم مەن،
روھىم تېتىك، ئۆزۈم ياش.

ئىسپاتلايمەن، غەزەپتە،
ئالدامچىنى قىلىپ پاش.[①]

دىلى بۇزۇق ئالدامچى،
بىلدۇق تۇتقان يولۇڭنى.
كۆزنى يۇمۇپ جۆيلۇدۇڭ،
تارت نىجاسەت تىلىڭنى!

تەتۇر كۆردۇڭ دۇم يېتىپ،
بىزنىڭ يېڭى تۇرمۇشنى.
ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدۇق،
كەمبەغەللەر ئۆتمۇشنى.

يېشىم توشماي سەككىزگە،
بايغا بولدۇم مەن چاكار.
ئۆتتى مېنىڭ ياشلىقىم،
ھايۋان كەبى خارۇ زار.

ياتار ئىدىم ئېغىلدا،
ئۇچام يوتقان كۆرمىگەن.
قىش ـ زىمىستان سوغۇقتا،
ئىسسىق نېمە؟ بىلمىگەن.

ئالۋان قويۇپ تىنىمسىز،
زومىگەرلەر باي بولغان.
ئەمگەكچىنىڭ يۈرىكى،
لەختە ـ لەختە قان بولغان.

پارتىيىمىز قۇتقازدى،
كەمبەغەلنى دوزاختىن.
ئېرىشتۇردى بەختكە،
ئازاد قىلىپ ئازابتىن.

ھوسۇل ئالدۇق تاشلىقتىن،
غەم ـ قايغۇ يوق ئاشلىقتىن.
سۆيۈنۈڭلار باللىرىم،
بۈگۈنكى توي، شادلىقتىن.

---

① «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى دېمەكچى.

## گۈزەل بىزنىڭ يۇرتىمىز

گۈزەل بىزنىڭ بۇلغۇچى[1]
گۈللەر چاچتى خۇش پۇراق.
ئەمگەكچىنى ياشناتقان،
پارتىيىدۇر نۇر چىراغ.

باھار كېلىپ بۇلغۇچى،
بولدى بەخت گۈلشەنى.
بىزگە چەكسىز كۈچ بەردى،
پارتىيىنىڭ لۇشيەنى.

يۇرتىمىز ئەجەب ياخشى،
بەكمۇ بەلەن ھاۋاسى.
پارتىيىنىڭ گەپ ـ سۆزى،
يۇرەكلەرنىڭ داۋاسى.

قەلەم تۇتقان شائىرلار،
ئىلھام بېرىپ يول ئاچتى.
مۇھەممەت يۇسۇپ ئاكىڭىز،
بولۇپ قالدى قوشاقچى.[2]

① پەيزاۋاتتىكى بىر يۇرت ئىسمى.
② «مۇھەممەت يۇسۇپ قوشاقلىرى» نىڭ ئەڭ دەسلەپكى قوليازما نۇسخىسىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا پەيزاۋاتتا خىزمەت قىلغان شائىر مامۇت زاھىت توپلاپ رەتلىگەن.

# 27 ـ باب
## قەمبەردىن كېرەم قوشاقلىرى

قوشاقچى قەمبەردىن كېرەم 1927 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى باغ مەھەللىسىدە بىر قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1988 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

قەمبەردىن كېرەم كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ساۋاتىنى چىقارغان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا ناھايىتى ئىشتىياق باغلاپ، كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، قوشاقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن، دادىسىغا ياردەملىشىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئاساس سالغان. ئۇ 1945 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، يۈرەك قېنىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلغان. ئۇ ئاساسلىقى 1957 ـ يىلدىن باشلاپ شېئىر ـ قوشاق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەرخىل تېمىدىكى نەچچە يۈز كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر ـ قوشاقلارنى «يەكەن گېزىتى» ۋە «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا ئازاد زامان ۋە بەختلىك ھايات، سوتسىيالىستىك ۋەتەن ۋە قىزغىن قاينام ـ تاشقىنلىق ئەمگەك، ئىتتىپاقلىق قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

قەمبەردىن كېرەم قوشاقلىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئالاھىدىلىكى بار، راۋان، چۈشىنىشلىك ۋە يېقىملىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يادلىۋېلىشىغا ئەپلىك. بۇ قوشاقلارنىڭ مەلۇم تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار.

### يېڭى زامان شەنىگە

پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈردۇق،
يېڭى باغنىڭ گۈلىنى.
پارتىيىمىز كۆرسەتتى،
باي بولۇشنىڭ يولىنى.

شېغىل تىزدۇق، تاش تىزدۇق،
ئەجەب ئوبدان يول بولدى.
كومپارتىيە بولغاچقا،
تۇرمۇشىمىزغا گۈل بولدى.

كارۋان قايتماس ئارقىغا،
بولسىمۇ زور مۇشەققەت.
بىزگە بەخت ئەپكەلگەن،
پارتىيىگە مىڭ رەھمەت.

ئەمگەك قىلىپ هارمايدۇ،
كۆچكە تولغان بىلەكلەر.
يېڭى، ئازاد زاماندا،
هەل بولماقتا تىلەكلەر.

يېڭى چاپقان ئۆستەڭدە،
ئاقتى سۈلار شارقىراپ.
زامانىمىز نۇرلىرى،
تۇرار دىلدا يالتىراپ.

بۈگۈن يەكەن قۇچىقى،
تولدى ناۋا ـ نەغمىگە.
خەلقىمىزنى پارتىيە،
باشلاپ ماڭار غەلىبىگە.

## ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىنىڭ

بەش قەۋەتلىك دالۇدا،①
بەك پاكىزە ياتاق بار.
كىمنى كۆرسە قاش ئاتقان،
قىزچاقلاردا چاتاق بار.

ئۈجمىنىڭ شاخى يوغان،
قولدا قايرىيالمايمىز.
ئەدەپ ـ ئەخلاق بەك مۇهىم،
ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمىز.

سالقىن جاينى تاپالماي،
ئولتۇرۇپلا دالدىدا.
ئەخلاقسىز قىز يىغلىتار،
خەلقئالەم ئالدىدا.

ناۋات سېلىپ دەملەپ كەل،
چايدىنىڭدا چاي بولسا.
ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىنىڭ،
ۋىجدانىڭىز بار بولسا.

① دالۇ — بىنا، ئىمارەت.

ئۆرۈلۈپتۇ باراڭدا،
تال باراڭنىڭ ئاچىسى.
قىز بالىلارنى ئالدايدۇ،
سودىگەرنىڭ گاچىسى.

ئېگىز ئۆسكەن قوناقنىڭ،
پەس شاخىدا چاتاق يوق.
ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇپ،
ئوينايلى بىز چاتاق يوق.

باغدا گۈللەر ئېچىلار،
باهار پەسلى كەلگەندە.
ئۈنتۈماڭلار قىزچاقلار،
بىز يىراققا كەتكەندە.

ئورغاقلارنى قاقتۇرۇپ،
بۇغداي، قوناق ئورىمىز.
ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇپ،
گۈزەل دەۋران قۇرىمىز.

## ئەجىر قىل

كۆرەي دېسەڭ ھالاۋەت،
تەر ئاققۇزۇپ ئەجىر قىل.
ئاچچىق ـ چۈچۈك غورىدىن،
ھالۋا پۇتەر سەۋر قىل.

دوستلۇرۇڭنى قەدىرلە،
بولما ھەرگىز غەيرىي دىل.
چەكسەڭ جاپا ئەل ئۈچۈن،
ئۇنى چەكسىز راھەت بىل.

مەزمۇت قەددىڭ مۈكچىيەر،
قوغلىشىپ تېز ئۆتسە يىل.
دېسەڭ نامىم ئۆچمىسۇن،
تۆھپەڭ بىلەن قەبرە قىل.

## 28 ـ باب
## راجى خوجامنىياز قوشاقلىرى

داڭلىق ئەلنەغمىچى، قوشاقچى راجى خوجامنىياز 1909 ـ يىلى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدىكى قىرساي كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

راجى خوجامنىياز ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزىققان، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئەلنەغمىچىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، بېيىت ـ قوشاق ئوقۇپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى ئېيتىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ۋە يۇقىرى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، خۇش چاقچاق مىجەز ـ خاراكتېرى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان، ئامما ئارىسىدا تونۇلغان.

راجى خوجامنىياز قوشاقچى، ئەلنەغمىچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ تارىخى، ئاراتۇرۇكتە بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، مەۋسۇم، مۇراسىم پائالىيەتلىرىگە دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ساقلاپ ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىغا تەمىنلەپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى قوغداش جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

راجى خوجامنىيازنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تۇرمۇش قىسمەتلىرىدىن شىكايەت قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

كېچە ـ كۈندۈز خىيال ئەيلەپ،
كۆزۈمدىن ياش قۇرىمايدۇ.
مېنىڭ بىچارە ھالىمنى،
ھېچ ئادەم سورىمايدۇ.

شۇ ئەزەلدىن بار ئىكەن،
مېنىڭ بۇ يەرگە كەلمىكىم.
كېچە ـ كۈندۈز غەم بىلەن،
تارتىپ ئۆتكەن ئەمگىكىم.

ئۆگزىگە تولا چىقما،
ئۆگزەم تۆشۈك ئەمەسمۇ؟
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمە،
كۆڭلۈم سۇنۇق ئەمەسمۇ؟

نە دەيدۇ خالايىقلار،
غازاڭ بولدى گۈلىستانلار.
قارا يەر ئاستىغا كىرىپ،
چۈمۈلە بولدى ئىنسانلار.

تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان،
شۇنىڭغا بىر بالا بولدى.
قېشىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟
ئاقىرىپ بورىيا بولدى.

قېرىلىق بەكمۇ مەينەتكەن،
قېچىپ قۇتۇلالمىدىم.
يىگىتلىك تاجى دۆلەتكەن،
قوغلاپ يېتىشەلمىدىم.

ئازادە گۈللەر، ئازادە،
شاهى، شەلپەر بازاردا.
قولۇڭدا بەش پۇڭ بولمىسا،
نېمىش قىلىسەن بازاردا.

ئاھ خۇدايىم، ئاھ خوجام،
ئاسماندا نالە بارمىكىن؟
بەندىلەر ئاراسىدا،
مەندەك بىچارە بارمىكىن؟

سەھەردە ئويغىنادۇرمەن،
يىلاندەك تولغىنادۇرمەن.
ئۆلۈم يادىمغا يەتكەندە،
ئىگەم، دەپ تولغىنادۇرمەن.

## 29 ـ باب
## شاھ مۇھەممەت قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى، سازەندە، داستانچى شاھ مۇھەممەت 1916 ـ يىلى قارا قاش ناھىيىسىنىڭ كۆيا يېزىسى قاقلىق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ۋە ئاكىسى داڭلىق راۋاپچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئۇ ياش چېغىدىن باشلاپلا سەنئەتكە قىزىققان. ئون ياشقا توشقاندىن كېيىن راۋاپ چېلىپ ناخشا ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالغان، بولۇپمۇ ئاتىسىدىن «غېرىب ـ سەنەم»، «ئابدۇراخمان خان خوجام»، «ئەبەيدۇللا خان»غا ئوخشاش خەلق داستانلىرىنى ۋە نەچچە مىڭ كۇپلېت خەلق قوشاقلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئېيتىپ، يۇرت خەلقى ئارىسىدا داڭ چىقارغان، ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلىرىدا سورۇن تۈزۈپ مەدداھ ـ ۋائىزلىق قىلىپ ئويۇن كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق داستانلىرىنى ئېيتىشتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، تاماشىبىنلار ئىختىيارسىز كۈلۈپ ۋە ياش تۆكۈپ، ئۆزلىرى شۇ ماكان، شۇ يەردە تۇرغاندەك، شۇ مۇھىت ئىچىدە شۇ ۋەقەگە ياندىشىپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلىشىدۇ.

شاھ مۇھەممەت بۇرۇن ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى تۈرلۈك ئىللەتلىرىنى پاش قىلىپ قوشاق توقۇغان بولسا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئازاد زامانىنى، ئەمگەكنى ۋە خەلقنىڭ يېڭى ھاياتىنى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلەپ، توختاپ قالماي قوشاقچىلىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئۇ قاراقاش، خوتەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، كەڭ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. 1979 ـ يىلى بېيجىڭگە بېرىپ ئويۇن كۆرسىتىپ، پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. 1984 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەلنەغمىچىلەر كۆرىكىگە قاتنىشىپ بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. 1992 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا «خەلق مۇقامچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن.

شاھ مۇھەممەت قوشاقچى ھەم داستانچى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەدداھ ـ ۋائىزلىق تۈرىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

شاھ مۇھەممەتنىڭ ئۆزى ئېيتقان داستانلاردىن باشقا تېمىدا ئېيتقان قوشىقى:

### باھار ھەققىدە

ئېيتىمەن شاد ناخشامنى،
چېلىپ خۇشال راۋابىمنى.
ئۆمۈر بويى كۈيلەيمەن،
مېنى تۇغقان دىيارىمنى.

گۈللىتىشكە ئەل - يۇرتنى،
بېغىشلايمەن ئىقتىدارىمنى.
چېلىپ سازىمنى كۈيلەيمەن،
مەڭگۈگە باھارىمنى.

«غېرىب - سەنەم» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر داستانى. شاھ مۇھەممەت ھايات چېغىدا، غېرىب - سەنەمنى ئالاھىدە ئىشتىياق ۋە ماھارەت بىلەن ئېيتىپ، ھەر بىر مەيدان، سورۇننى زىلزىلىگە سېلىپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

ئۇ ئېيتقان داستاندىن نەمۇنە:

غېرىب ئانىسى، سىڭلىسى بىلەن خوشلىشىپ، ئۇزۇن يول يۈرۈپ، شاھ سەنەمنىڭ بېغىغا كەلدى ۋە باغنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈردى. باھار كۈنلىرىدە باغۋەن شاھ سەنەمگە گۈلدەستە تىزدى، غېرىب ئېچىلغان گۈللەردىن گۈلدەستە تىزىپ، بېيىت يېزىپ گۈلدەستە ئىچىگە تىقىپ قويدى. باغۋەن غېرىبنىڭ گۈلدەستىسىنى ئۆزى باغلىۋالغان گۈلدەستىلەرگە قوشۇپ شاھ سەنەمگە ئېلىپ باردى. شاھ سەنەم باغۋەننىڭ گۈلدەستىلىرى ئىچىدە ياخشى باغلانغان بىر قانچە گۈلدەستىلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنى كىم باغلىغانلىقىنى سورىدى. باغۋەن چىرايلىق گۈلدەستىلەرنى ئۆزىنىڭ خىزمەتكار يىگىتى باغلىغانلىقىنى ئېيتتى، شاھ سەنەم بىر گۈلدەستىنى ئېلىپ كۆرسە، ئىچىدىن خەت چىقتى. ئۇ ھەيران بولۇپ، چىرايلىق يېزىلغان بۇ مەكتۇپنى ئوقۇدى:

قۇلاق سېلىپ ئىشتىكىن مېنىڭ ئەرزىمنى،
كۈندىن كۈنگە بەتتەر بولدۇم دەردىڭدىن.
نى لەر چەكتىم پىراقىڭدىن، ھىجرىڭدىن،
قانلار يىغلاپ ئۆتەر بولدۇم دەردىڭدىن.

مەن باغۋەنگە خىزمەت، مېھنەت ئېتەرمەن،
مەقسىتىمگە بىلمەيمەن نە يېتەرمەن؟
بۇ دەرد بىلەن باشىم ئېلىپ كېتەرمەن،
باشقا يۇرتقا كېتەر بولدۇم دەردىڭدىن.

غېرىبلىقتا ھېچكىم كەلمەس قاشىمگە،
رەھىم ئەتمەس كۆزدىن ئاققان ياشىمگە.
ئەجەل ياستۇقۇمنى قويۇپ مەن باشىمگە،
دىلدار دەپ ئۆتەر بولدۇم دەردىڭدىن.

گۈللەر باغلاپ نامە يېزىپ ئىبەردىم،
سېنىلا دەپ دۇنيادىن يۈز ئۆرۈدىم.
بۇ راھەتنىڭ چىراغىنى كۆرۈپ، ئۆچەردىم،
بىگانىلىق قىلار بولدۇم دەردىڭدىن.

كىشى بىلمەس مېنىڭ ئەسلىي زاتىمنى،
سەندىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەس دەردىمنى.
غېرىب دەرلەر: مەن قۇل قويدۇم ئاتىمنى،
ساڭا دادىم ئېيتار بولدۇم، دەردىڭدىن.

سەنەم خەتنى ئوقۇپ، غېرىبنىڭ ھالىغا ئېچىندى:

باھار بولدى، گۈل ئېچىلدى،
مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟
بۇلبۇل قېنى چېچىلدى،
مېنىڭ قېنىم چېچىلماسمۇ؟

خەۋەرىم يوق، باھار بولدى،
گۈل - چىمەنلەر چېچەك بولدى.
غېرىبىمدىن خەۋەر بولدى،
مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟

ئاغىچا ئانا شاھ سەنەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، شاھ سەنەمنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئىشتىكىل ئاغىچا، بىغەم باشىم،
غەمخانە بولدى نەئەيلىيىن.
ئاشنا يارىم، قېرىنداشىم،
بىگانە بولدى، نەئەيلىيىن.

مەن كەلدىم ئۇنى سوراقلاپ،
يۈرىكىمنى ئوتتا داغلاپ.
ئول قاچتى مەندىن يىراقلاپ،
گۇمانە بولدى نەئەيلىيىن.

## 30 ـ باب
## مۇھەممەت توختىباقى قوشاقلىرى

قوشاقچى مۇھەممەت توختىباقى 1882 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ سۇلتان ئۆۋەيس يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1945 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھاياتى ئىنتايىن يوقسۇللۇقتا ئۆتكەن بولۇپ، بايلارنىڭ ئۆيدە پادا بېقىپ، تىرىكچىلىك قىلغان ۋە بۇ جاپالىق كۈنلەرگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، 1923 ـ يىلى «نوۋەتنامە» ناملىق بىر قوشاق يېزىپ، ياغاچ تاختىغا ئويۇپ، ئۇنى يېزا مەسچىتىنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆۋەيس يېزىسىدىكى دېھقانلار قوشاقتا كۆرسىتىلگەن ئىسىملار تەرتىپى بويىچە نوۋەت بىلەن پادا بېقىپ كەلگەن. «نوۋەتنامە» يېزىلغان ياغاچ تاختا مەرھۇمنىڭ 9 ـ ئوغلى داۋۇتتا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

«نوۋەتنامە» قوشىقى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆتمۈشتە تارتقان جەبىر ـ جاپالارنىڭ مەلۇم بىر كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ياش ئەۋلادلارغا ئۆتمۈشنى ئۇنتۇماسلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مەلۇم رول ئوينايدۇ.

1

نۆۋەت پادا بايانى،
پادا يوقتۇر زىيانى.
باقسا پادا ئامانى،
باقماس ئادەم يامانى.

ھاشىر بىلەن ئاقموللا،
خاتىپ بىلەن كېۋىرلا.
قاسىم بىلەن باي ئاكام،
ئەلا بىلەن نۇر ئىمام.

بۇ بىر كۈنگە بىردىندۇر،
ئىككى نۆۋەت بىر باقۇر.
قىرى شەيخكە چېتىق،
ئاشقا قاتقان نىچۈن قېتىق.

سىدىق بىلەن كامالدۇر،
ئىدرىس بىلەن ئىمىندۇر.
دەرا بىلەن مەمۇردۇر،
مەسۇم بىلەن داناخان.

جەپەر بىلەن ئەختەمدۇر،
مەزىن بىلەن قەبجە قازاق.

روزەم بىلەن ئازنىباق،
نەزمە بىلەن خەت قىلدۇق،
يادا كەلسە ياخشى باق.

ھەركىمگە نۆۋەت يېتىپ،
پادىغا سۇسلۇق ئەتسە.
بولغايكى ھوشى بىلەن،
تۆلەيدۇ زەرەر يەتسە.

سىدىق ئۆزى يالغۇزدۇر.
ئىككى نۆۋەت بىر باقۇر.
مەسچىتكە قەدەم قويماس،
ئىنساپ بەرگىن يا غوپۇرا!

شەيخ رازىدىن ھۆپىگە،
ئېلىپ قويدۇق تۆپىگە.
يۆگەپ قويدۇق كۆرپىگە،
ھەم قېرىدۇر ئوغلى يوق.

**2**

بىر يىلى مۇھەممەت توختىباقىنىڭ يانچۇق سائىتى بۇزۇلۇپ قالغان، ئۆز مەھەللىسىدە رېمونت قىلدۇرالمىغانلىقتىن، غۇلجا شەھىرى ئىچىدىكى ئابدۇرەھىم ئىسىملىك بىر داڭلىق سائەتچىگە ئەۋەتىپ، سائىتىنى قايتا رېمونت قىلدۇرغان بولسىمۇ، يەنە ئەپلەشمىگەن. بۇ ئىشلارغا نارازى بولۇپ ئۇ مۇنداق قوشاقنى توقۇغان:

بەر دۇئا، ئېھ ئەل غەرەز،
سائەت بولدى سەل مەرەز.
سەن كۆرمىگىن ھەمچە قەرز،
سائەت توختاپ قالدىيا !

ئەز پارامۇش بۇراپ مەن،
كۇندىن زىيا تولغاپ مەن.
يۇرژىنانى ئۈزۈپ مەن،
سائەت ماڭماي قالدىيا.

مەشھۇر بولدۇڭ بارچىغا،
سەن مىسالى قارچىغا.
سائەت بۇزغان قىرغاۋۇل،
ئامان بولغىن قارچىغا.

## 31 ـ باب
## روزى هوشۇر قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى، ئاتا مىراس راۋاپچى روزى هوشۇر 1925 ـ يىلى قاراقاش ناهىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدا ئەلنەغمىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1978 ـ يىلى قاغىلىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

روزى هوشۇر كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئاتىسىغا ئەگىشىپ يۇرۇپ ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، قوشاق توقۇش، چاقچاقلىشىش ماھارەتلىرىنى تىرىشىپ ئۆزلەشتۇرگەن. ئۇ 15 ياشتىن باشلاپ سورۇنلاردا ئۆزى مۇستەقىل ساز چېلىپ، ماھارەت كۆرسىتىپ يۇرت ئەھلىگە تونۇلغان. 1945 ـ يىلى ئۇ قاغىلىق ناهىيىسىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يېڭى ـ يېڭى قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچقان. شۇ يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۇلگەن خەلق سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، راۋاب بىلەن قوشاق ئېيتىپ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ راۋاب چېلىپ قوشاق ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە «ھەۋزىخان»، «زىنۇدە قارا كۆز» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇپ، جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق ئىجادىيەت قىلىپ، يېڭى زامانىنى، ئەمگەكنى، خەلقنىڭ يېڭى ھاياتىنى مەدھىيىلەپ، سەھنىلەردە ئويۇن كۆرسىتىپ ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئۇ، قاغىلىق ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن مەزگىللەردە يەنە 1964 ـ يىلى ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ، پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

«روزى هوشۇر قوشاقلىرى» ساغلام مەزمۇن ۋە ئاممىباب ئاھاڭ، يېقىملىق تىل ـ مېلودىيىگە ئىگە بولۇپ، خەلق سەنئىتى ۋە خەلق ئەلنەغمىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### ئايلىخان

ئايلىخان چاققان بالا،
سۇ بولۇپ ئاققان بالا.
يىل بويى بەس ـ بەس بىلەن،
كەتمەننى راست چاپقان بالا.

ئايلىخان ئىشچان بېشى،
ئىشلەيدۇ ئۇ، يازۇ قىشى.
ساپ نىيەت، ئەمگەك سۆيەر،
ئۇنىڭ يېقىن سىردىشى.

ئايلىخان ئوبدان بالا،
چاپمايدۇ ئۇ بازا ـ بازا.

سۆيگەچكە ئۇ ئەمگەكنى بەك،
ئەقلى تازا چوكان راسا.

ئايلىخان ئوبدان بالا،
ئەمگەكتىن ئايرىلمىغان.
قاغىلىق تەۋەسىدە،
ھەممە ئادەم داڭلىغان.

## ھوي بالا

ئەمگەكچىگە دوست بولساڭ،
سىنى خۇشال كۈلدۈرەر.
ھۇرۇن كىشىگە دوست بولساڭ،
سىنى ئىزاغا ئۆلتۈرەر.

ئەمگەكچىنىڭ يۇرۇشى،
باغۇبوستان، گۇل تۇۋى.
ھۇرۇنلارنىڭ يۇرۇشى،
كونا سامانلىق، چىت تۇۋى.

بىز بىلەن بولاي دىسەڭ،
ھۇرۇنلۇقنى تاشلىۋەت !
كۈچ كۆرسىتىپ ئەمگەكتە،
ئىلغارلىقنى باشلىۋەت !

## 32 ـ باب
## سالتاڭ قاسىم قوشاقلىرى

سالتاڭ قاسىم داڭلىق تارىخىي شەخس. ئۇ لوپنۇر خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى زور شۆھرەتكە ئىگە. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بىر چەت ئەللىك بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى لوپنۇردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا خېلى راۋان سۆزلەيدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «ئايدىن تۆرە» دەپ ئاتىغان. ئۇ لوپنۇردىن دۆلىتىگە قايتىش ۋاقتىدا، نۇرغۇن قىممەتلىك ئاسار ئەتىقە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاچىلانغان ساندۇقلارنى ئېلىپ ماڭغان. لوپنۇرلۇق كۆكچى دېگەن بىر بايئادەم سالتاڭ قاسىمنى چەت ئەللىك بىلەن بىللە تۆگىلەرنى يېتىلەپ، بارىدىغان مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. سالتاڭ قاسىم تۆگىلەرنى يېتىلەپ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ، چەت ئەللىكنى چۇشۇرۇپ قويۇپ، لوپنۇرغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن، قولۇم ـ قوشنا، مەھەللىدىكىلەرنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋابەن، بۇ قېتىمقى سەپەردە بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى قوشاق قىلىپ توقۇپ، ئامما ئارىسىدا تارقاتقان. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىجاد قىلغان بۇ قوشاقلىرى مول مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك بولۇپ، تارىخىي ھۆججەت تەرىقىسىدە خەلق ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن.

«سالتاڭ قاسىم قوشاقلىرى» ـــ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، لوپنۇر مۇشۇ مەدەنىيەتنى باغرىغا تېڭىپ ياتقان مۇھىم جايلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئەينى ۋاقىتتا چەت ئەللىك مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى، خەلقىنىڭ چەت ئەل كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانە كۈرەشلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

سالتاڭ قاسىمنىڭ ئايدىن تۆرەگە يول باشلاپ، سەپەر جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن ئېيتقان قوشىقى:

كۆكچى تازا ھارامزادە،
قوشۇپ مېنى تۆگىگە.
ھەمراھ بولۇپ ماڭغىن دەپ،
تۇتۇپ بەردى تۆرىگە.
تۆرە غوجام ئوخشايدۇ،
چېقىر كۆزلۈك بۆرىگە.

كۆكچى مەنى سېتىپتۇ،
ماڭا تەگمىدى نەپى.
ئەمدى باشىمغا كەلدى،
ئانامنىڭ قىلغان گەپى.
قاچىپ كېتەي دېسەممۇ،
ماڭا كەلمىدى ئەپى.

كۆكچى تاز ھارامزادە،
دەسسىتىپتۇ قاپقانغا.

ئىچىم ئوتتا كۆيەدۇ،
مەنى خەققە ساتقانغا.
خۇدايىم قانات بەرسە،
ئۇچۇپ كەتسەم ئاسمانغا.

تۆرە غوجام ماڭىدۇ،
يۇرتتىن يىراق ساي بىلەن.
تۆگىلەرنى ھەيدەيمەن،
بوتىلاقى ـ تاي بىلەن.
مۇڭدىشىمەن كېچىسى،
ئاسماندىكى ئاي بىلەن.

تاغ ئارىلاپ مېڭىشنى،
خۇدا ساپتۇ پۇتۇكتە.
كېچە ـ كۈندۈز يىغلايمەن،
ئۆز يۇرتۇمغا كېتىشكە.
يۇدەنزە① دەر ئاتنى،
بارىپ ياتتۇق كۇمۇشتە.②

يېتىپ كەلدۇق كۇمۇشكە،
ئارام ئالماي، ئۇخلىماي.
ئالىپ ماڭدى توقسۇنغا،
بۇ يەردىما توختىماي.
ھېرىپ قالسا تايلاقى،
ماڭىشۇەردۇق ساقلىماي.

توقسۇندىن سەپەر سالىپ،
ماڭغان يارىم ئۇرۇمچى.
دۇربۇن بىلەن قارىسام،
يارىم شۇندا كۆرۈندى.
ئايرىلغالى كۆپ بولغان،
كۆرۇپ كۆڭلۇم سۆيۇندى.

*　　　　*

كۆزۈڭدىن ياش كەتمەيدۇ،
كۆڭلىڭىز نېمە دەردتە؟
كۆرپە ـ يوتقان ئۇستىدە،
ئولتۇرۇشۇڭ دۆلەتتە.

---

① يۇدەنزە ــ ئۆتەڭ مەنىسىدە.
② كۇمۇش ــ قاراشەھەر بىلەن توقسۇن ئارىلىقىدىكى بىر بازار.

هاۋا پاراخوتۇم[1] بولسا،
يوقلاپ بارسام سائەتتە.

هاۋادا پارچە بۇلۇت،
باشىمغا يامغۇر ساچىپ.
قىزىلگۈلنىڭ سايەسى،
يېقىن كەلمەيدۇ قاچىپ.
ئەمدى قاچان ئوينايمەن،
كۆڭلۈم گۈلنى ئاچىپ ؟

داۋانچىڭدىن ئۆتكەندە،
بوران سوقتى يۈزۈمنى.
تاشلار ئۇچار تويىدەك،
ئاچالمادىم كۆزۈمنى.
تۆرە غوجام ماڭالماي،
تۇتۇۋالدى قولۇمنى.

ئۈرۈمچى دېگەن شەنىڭ،
تۆت ئەتراپى تاش[2]ئىكەن.
يۇرتۇم كەلدى يادىمغا،
بۇ شەھەر گۇن[3] داش ئىكەن.
شەبۇنى سوراپ ياتقان،
باغرى قاتتىق تاش ئىكەن.

كۆن ئالماقنىڭ تەسلىكى،
تاش توشۇدۇم سايلىقتا.
كەمبەغەلدە نېمە بار؟
ئامەت باردۇ بايلىقتا.
ئۆتىدىكەن كەمبەغەل،
نەدە بولسا خارلىقتا.

ئۈرۈمچىدە خان توختاپ،
توققۇز قات ساپتۇ سېپىل.
مەن سېپىلدىن قورقمايمەن،
خۇدايىم ئۆزى كېپىل.
كېلىپ مېنى ئالىپ كەت،
نەدە سەن ئاغام ھېۋىل؟

---

① هاۋا پاراخوت ــــ ئايروپىلان.
② تاشلىق ــــ تاغ دېمەكچى.
③ گۇن ــــ لوپنۇر شېۋىسىدە چوڭقۇر، ئوي. بۇ يەردە ئۈرۈمچىنى «داشقا ئوخشاش ئويمان ئىكەن» دېمەكچى.

## 33 ـ باب
## ئەھمەتخان قوشاق قوشاقلىرى

ئەھمەتخان قوشاق 1890 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى چاۋاغ دېگەن جايدا تۇغۇلغان، 1930 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئەھمەتخان قوشاقنىڭ ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى موللىلىقتىن خەۋىرى بار ئادەم بولۇپ، نەۋايى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆز يېنىدا تۇرغۇزۇپ، مەكتەپتە ئوقۇتقان، ئاخشاملىرى ئۆزى دەرس ئۆتۈپ بېرىپ، ئۇنى ئەستايىدىل تەربىيىلىگەن. ئەھمەتخان مۇشۇنداق ئائىلە مۇھىتى ئىچىدە شېئىر ـ قوشاقلارغا قىزىقىپ ھەم مەشىق قىلىپ، مەھەللىدە «قوشاقچى ئەھمەتخان» دەپ تونۇلغان. ئۇ ياشلىق چېغىدا قەشقەردىكى رەھمەت بايۋەچچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، موزدۇزلۇق ھۈنىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ تىجارەت كارخانىسىدا ئىشلىگەن. رەھمەت بايۋەچچى ئەھمەتخاننى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، بىر سارايدا بېسىلىپ قالغان ئىككى مىڭ جىڭ پاختىنى سېتىپ پۇل قىلىپ كېلىشكە مەسئۇل قىلغان ۋە بۇ ئىشتا زىيان چىقسا، ئەھمەتخاندىن تۆلىتىۋېلىش ھەققىدە ھۆججەت يازدۇرۇپ قول باستۇرغان. ئەھمەتخان ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىگە زىتلاشتۇرۇش سىياسىتى تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. ساتماقچى بولغان پاختا بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ، ئۆزى ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، پۇل ـ پۇچەكلىرى پارىخورلارنىڭ قولىغا چۇشۇپ كېتىپ، قولىدا ھېچ نېمە قالمىغانلىقتىن، يۇرتىغا كېتەلمەي ئامالسىز قالغان. يۇرتىدىكى ئۆي ـ ماكانلىرى بايۋەچچە تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ، بالا ـ چاقىلىرى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، ئۇ ئاخىرى دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن.

«ئەھمەتخان قوشاق قوشاقلىرى» ئەنە شۇ تارىخىي كۆرۈنۈش ئارقىسىدا ئىجاد قىلىنغان. بۇ قوشاقلار ئەينى دەۋردىكى تەڭسىزلىك ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەھمەتخان بىر كۈنى چوڭ دادىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغىلى چىقىدۇ. بۇ چاغدا، ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى دوستى، كېيىنكى قەشقەرنىڭ چوڭ بايۋەچچىلىرىدىن بىرى رەھمەت بايۋەچچە ئۇنى كۆرۈپ قالىدۇ. بايۋەچچە ئەھمەتخاننىڭ تەقى ـ تۇرقىنى كۆرۈپ زاڭلىق قىلىدۇ. بۇنى سەزگەن ئەھمەتخاننىڭ بايۋەچچىگە قارىتا ئېيتقان قوشىقى:

شاتىۋاردىن چاپان كىيدىم،
ئىچ تونۇممۇ شاتىۋار.
شاتىۋارىم سىز دېگەن ـــ
خاڭدەن، تاۋاردىن ئەتىۋار.

شاتىۋارنى مەن كىيىپ،
چىقتىم تالاغا داملىنىپ.
يۇرمىدىم مەن باشقىلاردەك،
ئۆز مېلىمنى كەمسىتىپ.

ئۆز مېلىنى سۆيمىگەنلەر،
ئەقىلسىز، نادان ئىشى.
بەخىرامان ئوينىمامدۇ،
ئۆزىنى سۆيگەن كىشى؟

مەن شۇڭا سۆيدۇم ئۆزۈمنى،
سۆيدۇم مېلىمنى ھەرقاچان.
ۋەتىنىم، خەلقىم، مېلىم،
ھەر زامان بولسۇن ئامان.

ئەھمەتخان رەھمەت بايۋەچچىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىن بەتتەر ناچار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بايۋەچچىگە قوشاق تەرىقىسىدە ئەھۋالنى مۇنداق مەلۇم قىلىدۇ:

مەن سالام قىلدىم سىزگە،
قالدىم بالاغا شۇ كۈنى.
ئىككى مىڭ جىڭ پاختىغا،
جاڭگۈيدى① قىلدىڭىز مېنى.
بىرغىنا بايتال بېرىپ،
خۇمىيۇزىغا بارغىن دېدىڭىز،
خۇمىيۇزىغا مەن بېرىپ،
بىر كۈن ئامانلىق بولمىدى.
نەنسەندىن چېرىك چىقىپ،
خۇيخۇي②بىلەن جەڭ قىلىپ.
ئىككى مىڭ جىڭ پاختىڭىز،
بىردىن پىلىككە يەتمىدى.
مەن ئىدىم بىر قول ھۈنەرۋەن،
بىلمىگەچ چوڭ‌راقىنى،
ئۆز تىلىمدا سۆزلىسەم،
ھېچكىم سۆزۈمنى ئۇقمىدى.
چوكىلاردا پاختىلارنى،
قىستى، ئېلىپ كەتتى چېرىك.
شام قىلىپ ياقتى ئۈرۈشتا،
پۇلنى ھېچكىم بەرمىدى.
ئەرزى قىلدىم باش ئۈرۈپ،

① خوجايىن، باشقۇرغۇچى خادىم.
② خۇيخۇي — ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى.

ئاڭلاشقا ئادەم چىقمىدى.
پارا بەرسەممۇ ئەمەلدار،
مەن تەرەپكە باقمىدى.
تەلمۈرۈپ يۇردۇم كىشىلەر —
ئىشىكىدە باش قويۇپ.
بىلمىگەچ ھېچكىم مېنى،
بۇ شەھەردە كۆزگە ئىلمىدى.
ئاھ! ئادالەتسىز بۇ جاھاندا،
باش قېتىپ جان قاقشىدى.
دەردىمە تاپماي داۋانى،
ئەمدى ھالىم قالمىدى.

ئەھمەتخان قوشاقچى ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، رەھمەت باي-ۋەچچىگە يېلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرت - ماكانىغا قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

ئەرز بايان قىلدىم ساڭا،
ھالىمنى سورىساڭ كاشكى.
دەرد تۆكۈپ يازدىم نامە،
رەھىم قىلساڭ كاشكى.

باشقا كەلگەن دەردلەرنى،
ئىزھار قىلدىم ئەرزىمدە.
سال قۇلاق دەردمەن سۆزىگە،
مەرد بولساڭ كاشكى.

سېنى دەپ چۆللەر كېزىپ،
ئاۋارە بولدۇم نەچچە ئاي.
چۈشتى بۇ باشىمغا سەۋدا،
نەچارە قىلساڭ كاشكى.

بىلمەيىن نادانلىقىمدىن،
ئوتقا تاشلاپمەن ئاياغ.
جىگا - لاڭگاڭنى بىلىپ،①
سودامنى قىلسام كاشكى.

مېنى قۇتقۇزغىن بۇ يەردىن،
يول ئۇزاق، مەنزىل يىراق.

① جىگا - لاڭگا — «这个»، بۇ خەنزۇچە گەپ بولۇپ، ياق مەنىسىدە.

ئارمىنىم كەتكەي ئىدى،
يۇرتۇمغا قايتسام كاشكى.

مەن ساڭا دەردىمنى يازدىم،
يەتمىسەڭ دەردىمگە گەر.
تاڭ سەھەر ئۇھ! تارتىشمىنى،
ئويلىغايسەن كاشكى.

ھال سورىغىن ئەھمەتخاندىن،
ۋابالىم تۇتمىسۇن سېنى.
خوتۇن ھەم بالا ـ ۋاقاڭمۇ،
مېنىڭدەك بولمىغاي كاشكى.

ھەق تەلەپ ئەيلەپ ساڭا،
بۇ ئەرزنى دوستۇڭ يازدى.
رەھمە ئېيتىپ بىچارىگە،
ئەجرىنى بەرسەڭ كاشكى.

ئەھمەتخان قوشاق بۇ ناھەقچىلىكلەرگە نارازى بولۇپ، رەھمەت بايۋەچچە ئۈستىدىن يامۇلغا ئەرز قىلماقچى بولغاندا، باشقىلار ئۇنى توختىتىپ قويغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

باينىڭ پيەنزىسى① قىلىدۇ ئىشنى ھەل،
ئېگىلىدۇ گۇندىدا ئېگىلمىگەن بەل.

قارا ئۆي بولىدۇ يوقسۇلنىڭ جايى،
سولىدۇ بىردەمدە ئۇنىڭ چىرايى.

قارا ئۆي ئۆمۈچۈك، ساچقانغا ساراي،
چايانلار، قوڭغۇزلار يۈرۈدۇ تالاي.

چۈسىلار، بۈرگىلەر ئوردىكام ئوينايدۇ،
يامرىغان پىتلىرى قاننى شورايدۇ.

سالغاندا ئاياغقا كىشەن ھەم گۇندا،
يوقالغان ئەمەسمۇ ھاياتلار مۇندا.

① پيەنزى — بايلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان باغاقچە. ئەينى يىللاردا كىچىككىنە باغاقچە ئارقىلىق باي ـ پومېشچىكلار كەمبەغەللەرنى نا ـ ھەق تۈرمىگە تاشلايتتى. مۇشۇ ئىش كۆزدە تۇتۇلغان.

## 34 ـ باب
## ھېيت قوشاق قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى ھېيت قوشاق (ئابدۇرازاق ئوغلى) 1917 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا ئېگىزيەر كەنتىدە تۇغۇلغان، 1990 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ۋاپات بولغان.

ھېيت قوشاق بىر كەمبەغەل ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، شېئىر ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇ ئۆمرىدە كۆپ ۋاقىت باي ـ پومېشچىكلارنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ھەمدە يەكەن، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق جايلارغا بېرىپ رەۋەندىلەرگە ياللىنىپ ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ئات ـ ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ بېقىپ بېرىپ كۈن كەچۈرگەن. بۇ جەرياندا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەتلەرنى ۋە ئاڭلىغان ـ كۆرگەن ئىشلارنى قوشاققا قوشۇپ ئېيتىپ، ئامما ئارىسىدا «ھېيت قوشاقچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

ھېيت قوشاقنىڭ قوشاقلىرىدا يېڭىسار خەلقىنىڭ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرى، يېڭى، بەختىيار زامانغا بولغان تەلپۈنۈشى، مۇھەببىتى ۋە باي ـ پومېشچىكلارنىڭ زالىملىقى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھېيت قوشاق ھەرقانداق ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى، مۇددىئاسىنى قوشاق ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ قوشاقلىرى مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھېيت قوشاقنىڭ ئۆتمۈشتىن شىكايەت قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

### ئۆتمۈشكە لەنەت

قەدىرلەيمىز ئەلۋەتتە،
بۇ بەختىيار دەۋرنى.
ئۇنتۇمايلى كۆپچىلىك،
ئۆتمۈشتىكى جەبرىنى.

ئۆتمۈش كونا جەمئىيەت،
ئەمگەكچىگە تار ئىدى.
ئاز ساندىكى بايلاردا،
ھەممە ھوقۇق بار ئىدى.

يېڭىسارنى بىرقانچە،
باي ـ پومېشچىك سورايتتى.
ئوڭدا يېتىپ مەيلىچە،
قېنىمىزنى شورايتتى.

ئەمەلدارلار ھەر ياندا،
بىر ـ بىرىنى قوشلىغان.
تۆھمەت چاپلاپ يوقسۇلغا،
كالتەكلىگەن، مۇشتلىغان.

تىرىكتاپلار غادىيىپ،
كەيپ ـ ساپا سۈرەتتى.
كەمبەغەلنى ھەمىشە،
ھايۋان ئوخشاش كۆرەتتى.

قان ـ تەر تۆكسە ئەمگەكچى،
ئۇلار چاققان مېغىزىنى.
يۆلەكچىسىز نامراتلار،
ئاچالمىغان ئاغزىنى.

ئۇ چاغلاردا ئىسمىمىز،
ئىدى بىزنىڭ «گالۋاڭلار».
قات ـ قات ئىدى بۇ يۇرتتا،
تۆلەيدىغان ئالۋانلار.

ئەگەر بەكرەك قارىساق،
كۆزىمىزنى تېشەتتى.
سۆز قايتۇرساق سۆزىگە،
تىلىمىزنى كېسەتتى.

كۆڭۈل دېگەن پەرىشان،
غەم ـ غۇسسىدا ئۆتەتتۇق.
جان ساقلاشقا ئامال يوق،
يۇرتنى تاشلاپ كېتەتتۇق.

كەتكەنلەرنىڭ جەسىتى،
ھىمىت①سېيىدا قالاتتى.
پەرزەنتلىرى ئاھ ئۇرۇپ،
ئۆيدە يىغا سالاتتى.

يەنە قايتىپ كەلگەنلەر،
تاياقلارغا بېسىلغان.

① يېڭىسار بىلەن يەكەن ئارىسىدىكى چوڭ ساي ـ باياۋان.

بەتنام دىگەن ئاسان گەپ،
جازالانغان، ئىسلغان.

چىراي بولغان غازاڭدەك،
تويغۇدەك نان يىيەلمەي.
يۇرەك تولغان زەردابقا،
گەپ ـ سۆزلەرنى دىيەلمەي.

بۇگۇن مانا ۋەتەندە،
قەد كۆتۇردۇق، شادلاندۇق.
زالىملارنى جازالاپ،
جەڭ ـ چىلىشقا ئاتلاندۇق.

## 35 ـ باب
## ئىسمائىل سەيپۇللايوف قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى ئىسمائىل سەيپۇللايوف 1930 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىدە تۇغۇلغان، 2004 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئىسمائىل سەيپۇللايوفنىڭ ئائىلىسى ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە ناھايىتى كەمبەغەل بولغاچقا، بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن، ئۇ توققۇز ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا بايلارنىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىنچە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن سەرسان بولۇپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ قېلىپ، بايلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ، يەنە ساتىراشلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزگەن. 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا، ئۇ سەنئەت ئەترىتىگە قاتنىشىپ، ئۆزى يازغان شېئىر ـ قوشاقلارنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ ئويناپ، خەلقنى تەربىيىلىگەن. شۇ چاغلاردا ئۇ ئىجاد قىلغان «قىزىلبايراق» ناملىق قوشاق ئۇسسۇللۇق ناخشا قىلىپ ئىشلىنىپ مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەنىدى. ئاپەتلىك يىللاردا ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاقلىرى كۆيدۈرۈلۈپ تاشلىنىپ، ئۆزى رىيازەت چەككەن بولسىمۇ، قەلەم بوشاشماستىن يەنە داۋاملىق شېئىر ـ قوشاق ئىجاد قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان.

ئىسمائىل سەيپۇللايوف قوشاقلىرىدا جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىللەتلەر پاش قىلىنىپ، كىشىلەرنى تىرىشىپ ئىشلەشكە، خەلق ۋە دۆلەت مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئاسراشقا ، پەرزەنتلىرىنى ئوبدان تەربىيىلەشكە دەۋەت قىلىنغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرى مەلۇم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

### ياش غۇنچىلار ھەققىدە

يېڭى ئۆسمۈر ـ باللار،
جەمئىيەتنىڭ گۈللىرى.
ئانا مەكتەپ قوينىدا،
شاد ئۆتىدۇ كۈنلىرى.

ئەمگەك قىلىپ ھەم ئوقۇپ،
چېنىقىدۇ تەنلىرى.
يورۇتىدۇ دىللارنى،
ئالغان بىلىم ـ پەنلىرى.

دوستلار بىلەن بەك ئىناق،
ئۆسمەكتە شوخ باللار.
يېڭى جۇڭگو قورغۇچى،
مىڭلىغان ياش غۇنچىلار.

ئەي باللار، باللار،
خۇشال ئويناپ كۈلۈڭلار.
ئىقتىدارلىق، يارامىلىق،
ياش ـ ئۆسمۈردىن بولۇڭلار.

# 36 ـ باب
# ماخمۇت قارىم قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى ماخمۇت قارىم 1938 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزا كاسا شاخلىق كەنتىدە تۇغۇلغان.

ماخمۇت قارىي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن، كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئاۋۋال دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە نەۋايى، خوجا ھافىز قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، خەلق قوشاقلىرىغا ناھايىتى ئىشتىياق باغلاپ، قوشاقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۈرلۈك مەزمۇندىكى شېئىر ـ قوشاقلارنى يازغان. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇ ئۆمۈر بويى قوشاق يېزىشنى توختاتماي، ھەر كۈنى 100 بەت ئەتراپىدا قوشاق ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ توپلاپ ـ يازغان قوشاقلىرى 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئىكەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ تىلى ئاددىي، يېنىك بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ، بەلگىلىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماخمۇت قارىينىڭ ئۆز يېزىسىدىكى قىمارۋازلارنى قامچىلاپ ئېيتقان قوشىقى:

ئاتۇرمەنمۇ ـ ئاتۇرمەن،
كۈندە ئوشۇق ئاتۇرمەن.
ئوشۇق ئاتقان قولۇمنى،
مانا ئەمدى چاقۇرمەن.

ئۇنىڭ گومىنداڭ دەۋرىدىكى زالىم ئامبال ـ يايلاردىن شىكايەت قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

ئامبال چىقتى يامۇلدىن،
توختىبەگ[1] دورغا بىلەن.
چېپىپ يۈرۈپ ئۇزاتتۇق،
بىر تالاي سوۋغا بىلەن.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
تالاي ئادەم سوتلاندى.
تالاي ئادەم ئوقلىنىپ،
تالاي ئادەم «يوق»لاندى.

دەريادىكى بېلىقنى،
سۈزۈپ كەلدىم تور بىلەن.
زالىم بەگنى قوغلىدۇق،
«يوقال!» دېگەن خور بىلەن.

① قاراقاشتىكى چوڭ دورغا.

توخۇ، ئۆردەك دان يېدى،
چاشقان غاجاپ نان يېدى.
يەپ تويمىغان زالىملار،
نانغا قوشۇپ جان يېدى.

ئۇنىڭ باشقا تۈرلۈك مەزمۇنلاردا ئېيتقان قوشىقى:

قۇشناچىمنىڭ تامىقى،
تۈزدا ئوخشايدۇ.
مېنىڭ كۆڭلۈم ئايلىنىپ،
ئۈزدا توختايدۇ.

* *

ئۆي ئىچىدە تالا يوق،
ۋاپاسىزدا ھايا يوق.
ھاياسىزغا مۇشت كېرەك،
ئاڭا سۈلھى ـ سالا يوق.
* * *

تاماق يېدىم قوتۇرماچ،
قۇرتقا كەستىم يوپۇرماق.
بۇ جاھاندا ئازمىدى،
ئۇتتۇش ياكى ئۇتتۇرماق؟

* * *

بۇ كۈنلەر ئەجەب كۈنلەر،
مۇھتىمىز بۇزۇلغان.
توي قىلمىغان قىزلاردىن،
قىز ـ ئوغۇللار تۇغۇلغان.

* * *

موللام كېسەلچان،
شۇڭا ئوقۇپ يە.
تاماق يەڭ دېسەم،
چاچراپ قوپۇپ يە.

* * *

لېيىغان سۈنىڭ،
سۈزۈلمىكى تەس.
زامان بۇزۇلسا،
تۈزەلمىكى تەس.

# 37 ـ باب
# كېرىم ئېلى قوشاقلىرى

كېرىم ئېلى (كۆمەچ) تونۇلغان خەلق قوشاقچىسى. ئۇ 1897 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ گۈللۈك يېزا قايرىمقۇم كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئېلى شەيخ شۇ يۇرتتىكى دىنىي ئۆلىمالاردىن بولۇپ، مەشرەپ ۋە سورۇنلاردا ھۆكمەت ئېيتىش، قىزىقچىلىق قىلىشقا ئۇستا ئىدى. كېرىم ئېلىمۇ كىچىكىدىن باشلاپ دادىسىغا ئەگىشىپ، توي ـ مەرىكە، مەشرەپ، بارائەتلەرگە بېرىپ، باشقىلارنىڭ يۇمۇرلۇق گەپ ـ سۆز، قىزىقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە دوراپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ كۈلدۈرگەن. يامان ئىش، يامان ئىللەتلەرنى قامچىلاپ، كەمبەغەل، ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلغان. ئۆز قوشاقلىرىدا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇ تۈپەيلى ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە باي ـ پومېشچىكلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭغا «كېرىم كۆمەچ» دەپ لەقەم قويۇۋالغان. بۇ لەقەم ئۇنىڭ قوشاقلىرى بىلەن بىللە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ ئۇنىڭغا سىڭىپ قالغان. ئۇ 1978 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

خەلق قوشاقچىسى كېرىم ئېلى ئۆتمۈشتە خېلى كۆپ قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەينى چاغلاردا خاتىرە قالدۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلىكى مەلۇم. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن توقۇغان قوشاقلىرى ھېلىغىچە كىشىلەر ئاغزىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى رېئاللىق بىلەن چىڭ گىرەلەشكەن، تىلى ئاممىباب، راۋان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ قوشاقلار ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىل ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كېرىم كۆمەچ نام ئالدىم،
باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ.
تەييار تاپلار ياتىدۇ،
كاكچىنى① يوغان چىشلەپ.

چەكمەندىن چاپان كىيسەم،
ھەممە ماڭا قارىشار.
كەمبەغەللىك گۇناھمۇ؟
ئۇلارغىمۇ يارىشار.

بۇ دۇنيادا تېپىلماس،
تۇردۇش بايدەك② پىخسىق باي.

① كاكچا ــ نېپىز ئېچىلغان ھەمەك ناننىڭ بىر خىلى.
② ئادەم ئىسمى، پەيزاۋاتنىڭ گۈللۈك يېزىسىدا ئۆتكەن.

مەدىكارغا بىر كۈندە،
بەرمەس بىر ۋاق ئىسسىق چاي.

تۈردۈش زالىم سەھەردە،
كۆرسە بىر باش پىيازنى.
ئالماي كەتمەي قويمايدۇ،
قازا قىلىپ نامازنى.

باي دېمەڭلار تۈردۈشنى،
قورسىقى بوش ئاغرىدۇر.
پىخسىق بولغاچ تۈردۈشباي،
يېيىشى ئۇماچ، زاغرىدۇر.

ئەجەب ئاۋات بازاركەن،
قىزىلبويىنىڭ بازىرى.
ئادەم بارماي چۆل بولدى،
تۈردۈشباينىڭ مازىرى.

* * *

بار بۇغدايىنى بىز تېرىپمۇ،
يەيمىز كۈل كۆمەچ.
بەگزادىلەر قالار ئۇتتۇن،
يوقسۇللار تەمەچ.

ئاق نېنىڭنى ئوخشاتقان شۇ،
كۆمەچنىڭ ئەجرى.
راھەت كۆرمەي كۈن ئۆتكۈزدۇق
بايلارنىڭ دەردى.

بىزگە ھالال تۈيۈلىدۇ،
يېسەكمۇ كۆمەچ.
باي ـ زالىمغا سىڭمەس ھەرگىز،
ھارامنى يېگەچ.

چۆچۈرنى ئوخشاتقان بەك،
پاقلاننىڭ گۆشى.
باي ـ زالىمنىڭ قورسىقى توق،
ئاچ بىلەن نېمە ئىشى؟

جاھان بىزگە بەك تار ئىكەن،
يىڭنە پاتمايدۇ.
باينىڭ قارنى ئەجدىھاكەن،
ھارۋا قاتنايدۇ.

ئون ئىككى ئاي ئىشلىسەك بىز،
يەيمىز ساپ تېرىق.
سۆنى بايلار باشلاپ كېتەر،
چاپماستىن ئېرىق.

ئەخمەتباينىڭ① جىرتاق قىزى،
بولۇۋاپتۇ ياتلىق.
ئاڭا ھەيران بولۇپ قالماڭ،
دۇنياسى تاتلىق.

باي ـ زالىمنىڭ مۇشۇكى ئۆلسە،
يىغلار ھەممە خەق.
كەمبەغەلگە كەلسە بالا،
سەۋەبلىرى نەق.

باي ـ خوجاملار باي بولامتى،
بىزلەر بولمىساق.
تەييارنى يەپ، قورساق سالسا،
بولمامدۇ سوراق؟

شۇنچە ياشقا كىرگۈچە مەن،
كۆرمىدىم خوۋلۇق.
بوزەك ئەتتى بىزنى بايلار،
قىلدى ھەم زورلۇق.

شۇنچە ئىشلەپ ئاش تېرىسام،
كەتتى ئالۋانغا.
باي ئۆيىدە چەكتىم جاپا،
ئىششەك تالقانغا.

ئۇ نېمىشقا شۇنچە سېمىز،
مەن نېچۈن ئورۇق؟

---

① ئادەم ئىسمى.

ئۇ كىيىدۇ خۇرۇم ئۆتۈك،
مەن نېچۈن چورۇق.

ئاي ئۈن بەشى — قاراڭغۇدۇر،
ئايدىڭ بولغۇسى.
قاراپ تۇرۇڭ تۇگەپ كېتەر،
تورۇق يورغىسى.

مەن تېرىغان قوغۇن - تاۋۇز،
ساي تېشىدەك ياتار.
تاڭ ئاتمايدىغان كېچە يوقتۇر،
بىر كۈن تاڭ ئاتار.①

① بۇ نۇسخا ئەدىب رەھمانجان روسۇل تەييارلىغان كېرىم كۆمەچ قوشاقلىرىدىن تاللاپ ئېلىندى.

## 38 ـ باب
## روزى ئاخۇن قوشاقچى قوشاقلىرى

ئۈچ ئەۋلاد قوشاقچى، ھەمزىخان، ئىمىنخان ئىسىملىك قىزلىرىنى قوشاقچى قىلىپ يېتىشتۈرگەن روزى ئاخۇن ئاكا 1800 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئىسلامىيۈزى كەنتىدە تۇغۇلغان، 1880 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

روزى ئاخۇن ئاكا كىچىك چېغىدىن باشلاپلا شېئىر ـ قوشاقلارغا ناھايىتى قىزىقىدىغان، قاپىيىلىك سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان، توغرا سۆزلۈك، تەلەپچان ئادەم بولۇپ، ئۆز زاماندا شلىرى ئىچىدە پاراڭچى بولۇپ تونۇلغان. ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ياشانغان كىشىلەردىن ھېكايە، چۆچەك، لەتىپە ـ يۇمۇرلارنى ئېيتىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، بىر قىسىم شېئىر ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. زاماننىڭ يولسىزلىقى بىلەن تۈرمە ـ زىندانلارغا كىرىپ قالغان، بالا ـ چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ، ھەسرەت ـ پىغان چەككەن بولسىمۇ، قىلچە تەۋرەنمەي ئېزىلگەنلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۆز قوشاقلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دەردىنى يېنىكلەتكەن، زالىم ئەمەلدارلارنى قامچىلىغان. ئۇ ئىككى قىزىنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئۆزىنىڭ قوشاقچىلىق ماھارىتىنى ئۇلارغا ئۆگىتىپ، كەڭ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ۋە قىزلىرىنىڭ ئىجاد قىلغان قوشاقلىرى ئىلى رايونىدا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

1825 ـ يىلى ئىسلامىيۈزىدىكى بىر مۆتىۋەرنىڭ تۆگىسى يىتىپ كەتكەندە، روزى ئاخۇن ئاكا تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلىنىدۇ. تۈرمىدە ئۈچ يىل ئازاب چېكىدۇ. زىندان ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن بۇ يەرگە كىرىپ قالغانلىقىنى سورايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ جاۋابەن ئېيتقان قوشىقى:

كېتىپ بارغان تۆگىنى،
كۆرگىنىمگە كىرگەنمەن.
يالغان ئېيتماي راستىنى،
دېگىنىمگە كىرگەنمەن.

ئويلاپ بېقىڭ تۆگىنى،
كۆرگەن كىشى ئوغرىمۇ؟
بۇ تۈرمىدە ياتقىنىم،
ناھەقمۇ يا توغرىمۇ؟

كىم بېشىغا كۈن چۈشمەس؟
نادامەتنى ئۇ بىلمەس.

نادامەتنى ئۇ بىلسە،
بىگۇناھ سولاپ قويماس !

ئۈچ يىل ياتتىم زىنداندا،
بالا يۇققاچ يوقسۇلغا.
قىيامەتتە ئەرزىم بار،
ھەقتائالا ـ رۇسۇلغا.

زىندان ئەمەلدارى ئۇنىڭدىن: «ئۆزۈڭ قەيەرلىك؟ قانچە بالاڭ بار؟» دەپ سورايدۇ. بۇ چاغدا روزى ئاخۇن ئاكىنىڭ بەرگەن جاۋاب قوشقى:

بەش بالام بار سەھرادا،
بەشىلىسى غۇنچىدەك.
تۆكۈلگەندۇر دادام دەپ،
كۆز ياشلىرى ئۈنچىدەك.

قانداق كۈنلەر چۈشتىكىن،
باللىرىمنىڭ بېشىغا.
ھازىر ھايات بارمىكىن؟
يانسام ئۇلار قېشىغا.

بۇ چاغدا ئەمەلدارنىڭ ئىچى ئاغرىپ روزى ئاخۇن ئاكىغا مىنىپ كېتىشكە بىر ئۇلاغ بېرىپ ئۇنى زىنداندىن بوشىتىدۇ. ئەمما، زىندان ئەمەلدارلىرى يەنە قىزىقچىلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن روزى ئاخۇن ئاكىنى بىر ئاساۋ ئاتنى تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. روزى ئاخۇن ئاكا نۇرغۇن جاپادا ئاتنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، قاراپ تۇرغانلارغا قاراپ قوشاق قاتىدۇ:

تاڭ ئاتقۇچە قوشاق ئېيتقۇزۇپ،
بەرگىنىڭلار مۈشتۈمچىلا تاي.
ئاتقا جىن چاپلىشىپتۇ،
مەن بۇنى «پېرە» ئوينىتاي.

روزى ئاخۇن ئاكىنىڭ سۈپۈرگە ئىسملىك بىر ئاغىنىسى بار ئىكەن. روزى ئاخۇن زىندانغا كىرىشتىن ئىلگىرى بىر ئاتنى ئۇنىڭغا ئامانەت قويۇپ، ئۇنىڭغا قارىغاچ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى تاپىلىغان. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىغان. روزى ئاخۇن ئاكا زىنداندىن چىققاندىن كېيىن، سۈپۈرگىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېيتقان قوشقى:

جېنىڭنى خەج قىلغىلى دوستۇم،
بازاردىن بىر ئات ئېلىۋال !

دېمەي ئاسقاق ۋە ياكى
بىرەر بايتال مىنۋال !

روزى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۆزى كۆرگەن ئىشلارغا قارىتا ئىجاد قىلغان قوشاقلىرى:

تېكەسنىڭ يولى دەيدۇ،
ھەممە يولدىن زىيادە.
ئون بەش ئادەم ئىچىدە،
سامساق كەلدى پىيادە.

شەھەرگە كىردى سامساق،
شەنبە كۈنى كېچىسى.
ئون ئىككى كۈن چىدىماپتۇ،
شەنبە خەرەششى.①

① خەرەششە ــ تۆۋەن سورتلۇق ماتا كىيىم.

## 39 ـ باب
## مۇھەممەت ھەسەن قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى مۇھەممەت ھەسەن 1885 ـ يىلى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ چوڭكۆل يېزىسىغا قاراشلىق قاقشالئېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھاياتىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى زۇلمەتلىك دەۋردە ئۆتكۈز ـ گەچكە، مەكتەپلەردە ئوقۇيالماي، ساۋاتسىز قالغان. شۇنداق بولسىمۇ تىرىشىپ قوشاقچىلىق ماھارىتىنى ئىگىلىگەن. قوشاقلىرىدا باي ـ پومېشچىكلارنى سۆكۈپ، ئاۋام خەلققە ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، زالىملارغا لەنەت ئوقۇپ، يېڭى زامانىنى مەدھىيىلىگەن. ئۇ 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، كېسەللىك سەۋەبىدىن قاتنىشالماي، 1981 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھەممەت ھەسەن قوشاقلىرى مول مەزمۇن، چەرچەن شېۋە ـ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، چەرچەن خەلقى ئارىسىدا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

### ئۆتمۈش توغرىسىدا

ئۆتمۈش كونا زاماندا،
ئاش ئىچەتتۇق ئاياقتا.[①]
دۇمبىمىز يېغىر بولغان،
قامچا بىلەن تاياقتا.

كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپمۇ،
قالغان يېلىڭ ـ يالىڭاچ.
يېمىكىمىز يېتىشمەي،
قىينىلاتتۇق قورساق ئاچ.

ئاشلىق بەر دەپ كۆكبېشى،[②]
يېنىمىزدىن كەتمەيتتى.
غىدىڭ ـ پىدىڭ دەپ قويساق،
ئۇرۇپ، تىللاپ دەسسەيتتى.

يوغان قورساق بەگ ـ بايلار،
ھەييار ئىدى تەييارغا.
تەل بولسىمۇ توققۇزى،
تويماس ئىدى دۇنياغا.

---

① ئاياق ـــ ياغاچ تاۋاق مەنىسىدە.
② كۆكبېشى ـــ يەرلىك ئەمەلدار.

## ساۋاتسىزلىق

مەن ئۆزۈم بۆزچى تۇرۇپ،
ئوينىدىم خام توقۇماي.
ئۆمرۈم بىكار ئۆتۈپتۇ،
شۇ كەمگىچە ئوقۇماي.

خام توقۇسام ئۇستامدۇ،
ياخشى توقۇدۇڭ، دېمەپتۇ.
يا ئاتام ياكى ئانام،
مېنى ئوقۇدۇڭ، دېمەپتۇ.

بۇ يىل باغقا تىكتىم مەن،
شاپتۇل بىلەن ئۆرۈكنى.
لازىم قىلماس بۇ زامان،
مەندەك قاراتۇرۇكنى.

يازالمايمەن بىر خەتمۇ،
قولغا قەلەم ئالغانغا.
پۇشايمىنىم بەك تولا،
ئوقۇيالماي قالغانغا.

## 40 ـ باب
## راموك موللام قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى راموك موللام 1850 ـ يىلى قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىنىڭ شولاقئېرىق كەنتىدە دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1979 ـ يىلى 129 يېشىدا ۋاپات بولغان.

راموك موللامنىڭ ئائىلىسى دىنىي ئائىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چوڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ دەسلەپتە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئىسلامىيەت، ئەدەبىيات، تارىخ، تېبابەت پەنلىرى بويىچە تەربىيە ئالغان، كېيىن مەدرىستە مۇدەررىس بولغان. ناھايىتى ئۇزۇن يىل قاراقاش بىلەن گۇما ئارىلىقىدا پوچتىكەش بولۇپ، خەت ـ ئالاقە توشۇغان. 1933 ـ يىلى ئەتىيازدا پارتلىغان قاراقاشتىكى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، تەشۋىقاتچى بولغان، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مازار ـ ماشايىخلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ جان ساقلىغان. بۇ جەرياندا ناھايىتى كۆپ سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن.

راموك موللام ياش ۋاقتىدىن باشلاپ خەلق داستان، قوشاقلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، شېئىر ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، قاراقاش خەلقىنىڭ زۇلۇم ـ كۈلپەتلەرگە بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، يېڭى زاماننى، يېڭى تۇرمۇشنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلىگەن. ئۇزاق يىللىق ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، بىر تۈركۈم يېڭى خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئىجاد قىلىپ، خەلق ئارىسىدا تارقاتقان. ئاپەتلىك يىللاردا، بەزى ئىشلارغا نارازى بولغىنى ئۈچۈن، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، كېسەل بولۇپ داۋالىنالماي، ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قالغان.

راموك موللامنىڭ نەق ئادەم، نەق ئىشلارغا قاراپلا ئاغزاكى قوشاق توقۇيالايدىغان ھازىر جاۋابلىق ماھارىتى كەڭ ئاممىنى خۇشال قىلىپ، خەلقنىڭ ئىزچىل ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان قوشاقلىرى ۋە ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار. ئۇنىڭ كۆزى ئەما، ساۋاتسىز بولغانلىقتىن، ئىجاد قىلغان قوشاقلىرى خاتىرىگە ئېلىنالماي، پۈتۈكسىز قالغان.

راموك موللامنىڭ ناچار ئىستىللارنى قامچىلاپ ئېيتقان قوشىقى:

شياۋدۇيىمىزدە① قۇربان ھېيتتا،
ئۆلتۈردى تاغىل بۇقىنى.
ئەزالارغا ② تەقسىم قىلدى،
ئۆپكە، ئۈچەي، پوقىنى.

---

① شياۋدۇي ـــ ئەترەت.
② ئەزا ـــ كوممۇنا ئەزالىرى.

کادىرلار[1] ئېلىپ كەتتى،
يېغى بىلەن لوقىنى.

*　　　　　*

ھەي گەنسىلەر،[2] گەنسىلەر،
ئاق نان بولسا يەمسىلەر؟
كەتمەن چاپقان دېھقاننى،
كالۋا، ئەخمەق دەمسىلەر؟!

③ كادىرلار ـــ كوممۇنادىكى بيۇروكرات كادىرلار، ئەمەلدارلار.
④گەنسى ـــ ئىش بېجىرگۈچى ئەترەت كادىرلىرى.

## 41 ـ باب
## ھېيت نەغمىچى قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى، خەلق سەنئەتكارى ھېيتاخۇن 1906 ـ يىلى كورلىنىڭ شاھ قەلەندەر مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى شۇ يۇرتتا توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەردە نەغمە قىلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئاچقان سازەندىلەردىن ئىدى. ھېيتاخۇن 12 يېشىدىن باشلاپلا ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ نەغمە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن پۈتۈن ئائىلىنىڭ تىرىكچىلىك غېمى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن. ئۇ ئائىلىسىنى قامداش ئۈچۈن، پېشقەدەم ئەلنەغمىچى ـ سازەندىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، لوپنۇر، بۈگۈر، قاراشەھەر قاتارلىق يۇرتلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، شېئىر ـ قوشاقلار توقۇپ، نەغمە قىلىش ئارقىلىق ئۆز ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئارىسىدا «ھېيت نەغمىچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇ 1953 ـ يىلى ۋە 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. ئاپەتلىك يىللاردا «سېرىق ناخشىچى»، «زەھەر چاچقۇچى» دېگەن بەتناملار چاپلىنىپ رىيازەت چەكسىمۇ، قىلچە باش ئەگمەستىن يەنە داۋاملىق قوشاقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، 35 خىلدىن ئارتۇق سەنەم ئاھاڭلىرى، 400 كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرىنى سەنئەت تەتقىقات ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلغان.

ھېيت نەغمىچى قوشاقلىرىدا، زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتقان ئازاب ـ كۈلپەتلىرى، ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئاھۇ زارلىرى بايان قىلىنغان ۋە يېڭى، بەختىيار زامان مەدھىيىلەنگەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرى بەلگىلىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھېيت نەغمىچىنىڭ ياش ۋاقتلىرىدا ئەركىن مۇھەببەتكە تەلپۈنۈپ ئېيتقان قوشىقى:

ھاۋا چاڭ بولۇپ قالدى،
قارا تاغنىڭ بورانى بۇ؟
كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ،
سەن يارنىڭ خۇمارى بۇ.

مەلىڭىزگە بارمايمەن،
مەلىڭىز يامان، دەپتۇ.
ئەمدى بارمىسام بولماس،
يار ماڭا سالام، دەپتۇ.

ئاتىنىڭ بالىسى ياخشى،
مىنسەم ئېيتمەن ناخشا.
يار يادىمغا يەتكەندە،
پۇتۇم ئات، قولۇم قامچا.

ئاي مىسالى يارىم سەن،
كۈن مىسالى يارىم سەن.
ئۇزاق بولدى كۆرمەيمەن،
ساق ـ سالامەت بارمۇ سەن؟

مەن ئۇياققا بارغاندا،
دېيىشكە بارمىدى يارىم؟
قايرىلىپ قارايسەنغۇ،
گېپىڭە بارمىدى يارىم؟

ئالتەشە (ھەر) دە بىر بۇلاق،
چۆرىسىدە ئوينىماق.
بۇ دۇنيادا بارمىكىن؟
مېنىڭ يارىمدەك يۇملاق.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
تۇز كۆۋرۈكنىڭ تۈزلىرى.
تاڭدا چىققان چولپاندەك،
مېنىڭ يارىمنىڭ كۆزلىرى.

ئالۋانغا سېلىپ قويدى،
ئاسقال بىلەن دۇگانلار.①
چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ،
مەھەللەمدىكى چوكانلار.

ھۆل پاختا، بۇزۇق چىغرىق،
چىگىت چاققاننى ئېيتايمۇ؟
بۇ ئالەمگە تۆرىلىپ،
جاپا تارتقانغا يىغلايمۇ؟

ئېتىم ئوتلاقتا ئوتلايدۇ،
ئۆزۈم چۆل ـ باياۋاندا.
ساق قويسىلا بۇ جاننى،
باراي گۈل ئېچىلغاندا.

① يەرلىك ئەمەلدارلار.

## 42 ـ باب
## تۇرغۇن مولla ئوسمان قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى، سازەندە تۇرغۇن مولla ئوسمان 1890 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئېتىم چاغرى يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋاپات بولغان.

ئۇ تۇغۇلغان چېغىدا ئاتا ـ ئانىسى يېزىدىكى بىر چوڭ پومېشچىكنىڭ يىللىقچىسى بولۇپ، ئىنتايىن نامرات ئىدى. ئۇ ئۆسمۈرلۈك يېشىغا يېتىپلا ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، باي ئۆيىدە ئۇنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىپ بېرىدىغان پادىچى چاكارغا ئايلىنىپ قالغان.

تۇرغۇن مولla كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئىلىم ئېلىشقا ئىشتىياق باغلاپ، يۇرتىدىكى مەدرىسلەردە ئون نەچچە يىل ئوقۇغان. نەۋايى، مەشرەپلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ، قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىگە ئاساس سالغان. بىر قىسىم قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، ئۆز يېزىسىدىكى زالىم باي ـ ئەمەلدارلارنى سۆكۈپ، قامچىلاپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاھۇ پىغانلىرىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەرگە بېرىپ، ئۆزى توقۇغان شېئىر ـ قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ خەلقنى ئويغاتقان. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلىمىگە قايىل بولۇپ «تۇرغۇن مولla» دەپ ئاتىۋالغان. تۇرغۇن مولla قوشاقلىرىدا، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە يېڭىسار خەلقىنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى، باي ـ پومېشچىكلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى، خەلقنىڭ نارازىلىقى شۇنىڭدەك يېڭى جەمئىيەتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ 1964 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، بېيجىڭ سەھنىلىرىدە دۇتار چېلىپ ناخشا ئوقۇپ، جامائەتنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرى مەلۇم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

### ماڭا بارمۇ ئەركىنلىك؟

ئۆگزەمدىن ئۇچۇپ ئۆتتى،
قاناتى بوش تورغايلار.
مەنمۇ شۇنداق ئۇچسامچۇ؟
قانات بەرسە ئاھ، ئاللا.

كەكلىك سايراپ يۈرىدۇ،
باللىرى بار كەينىدە.
قاچان ئۈزۈن سوزارمەن؟
پۇت ـ قولۇمنى ئۆيۈمدە.

قاغا ئۇچسا ئورنىدىن،
جۈپتى كۆرۈپ قاق، دەيدۇ.
كېتەي دېسەم موغالدىن،
مىرابلىرى ياق دەيدۇ.

سەھەر تۇرۇپ ئورنۇمدىن،
دۇئا ـ تەلەپ ئوقۇدۇم.
ماڭا بارمۇ ئەركىنلىك؟
بۇ دۇنيادىن جاق تويدۇم.

سىپپاپ ئۆتتى يۈزۈمنى،
تاڭ سەھەرنىڭ شامىلى.
ئەركىنلىك دەپ ئۇزۇن يىل،
بولدى چېپىپ يۈرگىلى.

قۇياش چىقتى شەرقتىن،
نۇرلىرى تارام ـ تارام.
قاچان بولار ئەركىنلىك؟
قاچان ساقىيار يارام.

ئاتام مۇنچە كۈيمىگەن،
ئانام مۇنچە كۈيمىگەن.
قاچان يورۇپ تاڭ ئاتار؟
يوقتۇر دەردى دېمىگىن.

## كەلكۈن سۇنى باشلايمىز

كەلكۈن سۇيى كەلگەندە،
يېرىمىزنى چاقاتتى.
ئۇلۇغ كەلگەن بەگۋاش سۇ،
ھەرياقلارغا ئاقاتتى.

سۇ چىقماستىن ئېتىزغا،
قۇرۇغانتى زىرائەت.
تەشۋىش بىلەن، غەم بىلەن،
ئۆتكەندى جامائەت.

كۆكۈل بولدى ئىمىغا،
يۇرتىمىزدىن بەختى تاش.
ھەربىكەتلىنىپ، شاخ بېسىپ،
يارغا تىزدۇق يوغان تاش.

جىرىم سالدۇق قىرىغا،
ئاينىپ كەتتى ئورمانلار.
دامبا سوقۇپ توختاتتۇق،
ئارام ئالدى دېھقانلار.

كەلسە ئەمدى كەلكۈن سۇ،
ئېتىزلارغا باشلايمىز.
ئېلىپ كۈزدە كۆپ ئاشلىق،
دېھقانلار شاد ياشايمىز.

مانا بۇ يىل بۇغدايغا،
چېچەك سۈيى توشقۇزدۇق.
ياشناپ كەتتى مايسىلار،
قۇرغاقلىقتىن قۇتقۇزدۇق.

**يالغان سۆزلەش ئەيىبلىك**

كالىغا ھەلەپ ئەتسەم،
ئۆنىڭ كۆپى ساماندۇر.
ئەل - يارانلار ئالدىدا،
يالغان ئېيتقان ياماندۇر.

مۇشۇك ئۆگزىگە چىقسا،
كۆك باچكىنى مارايدۇ.
يالغان سۆزلىگەن ئادەم،
قايسى يۈزدە قارايدۇ؟

شامال چىقسا كەچقۇرۇن،
توپا - چاڭ بېسىپ ئۆتەر.
يالغان گەپچى، مەككارلار،
ئەلنىڭ قەلبىدىن ئۆچەر.

كىشىگە كىشى قاراپ،
يالغاننى راست قىلىپ ئېيتسا.
كەچۈرمەيدۇ خالايىق،
قېرىننى گۆش قىلىپ ساتسا.

## مەندىن قالسۇن ۋەسىيەت

ئادەمگە هايات ئەۋزەل،
ئۆلمەسنىڭ يولى بولسا.
ئەل ئۈچۈن قىلاي خىزمەت،
ئارقىدا ئەجەل يانسا.

يېشىم بولدى توقسان تۆت
بېشىمدىن ئۆتتى نى ئىشلار.
ئوقۇپ بىلىم ئالغۇلۇق،
نادان قالماڭ قېرىنداشلار.

يېشىم كەينىگە يانسا،
دېگەن ئارزۇ ـ تىلىكىم بار.
دەۋرىمىزگە جۇش ئۇرغان،
بىر ئوتلۇق يۈرەكىم بار.

خوش دوستلار قېرىپ قالدىم،
تەبىئەت قانۇنى شۇنداق.
كەتسەم گەر كۆزۈم يۇمۇپ،
ئۆرلەڭلار يەنە شۇنداق.

خوش بۇرادەر يارى ـ دوست،
تېنىڭلار ئامان بولسۇن.
دەۋرىمنى كۆرەلمەسلەر،
سارغىيىپ سامان بولسۇن.

كۈندە ئولتۇرۇپ ئۆيدە،
كۈلكىلىك تاماق يەڭلار.
ئەجەل ماڭا يېقىنلاشتى،
ئەل ـ يۇرتقا سالام دەڭلار.

## 43 ـ باب
## خەيرنسا توختى قوشاقلىرى

خەلق ناخشىچىسى ۋە خەلق قوشاقچىسى خەيرنسا توختى 1925 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە قوغان يېزىسىنىڭ خوجىدار مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كونا جەمئىيەتتە ئىنتايىن نامرات، جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەن، ھەتتا يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن داۋالىنالماي ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قالغان. ئۇ مەھەللىسىدىكى باي ـ پومېشچىكلارنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، نانلىرىنى يېقىپ بېرىپ، بالا ـ چاقىلىرىنى بېقىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە، ئەھۋال ئېغىرلاشقاندا، قوشاق قوشۇپ، كوچىمۇ كوچا، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ ئاش، نان تىلەشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئېچىنىشلىق ئائىلە تۇرمۇشى ئۇنىڭ ياش قەلبىدە ئەزگۈچى سىنىپلارغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت قوزغىغان. ئۇ دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، قوشاق توقۇپ، قانخور كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى سۆكۈپ، زالىم بايلارنىڭ ئاچ كۆز قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ مىليونلىغان ئاۋام خەلق قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەن، ئازاد زامانىنى قوشاقلىرى ئارقىلىق مەدھىيىلىگەن. ئۇ 1953 ـ يىلى ۋە 1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ 1 ـ لىككە ئېرىشكەن. 1956 ـ يىلى كوناشەھەر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ، يېزا ـ قىشلاق، تاغ تۈزلەڭلىردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن قىزغىن ھال سوراپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. 1964 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىدە دۇتار بىلەن ناخشا ئورۇنداپ، جامائەتنىڭ ماختىشىغا ۋە پارتىيە ـ دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋاپات بولغان.

«خەيرنسا توختى قوشاقلىرى» چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە تەسىرلىك بولۇپ، ئۆز ھاياتىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

### ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن

ئۆتمۈشتە مەن قاتمۇ قات،
زۇلۇم چېكىپ ئېزىلگەن.
پارچە نانغا زار بولۇپ،
قىلچە راھەت كۆرمىگەن.

ئۇستۇمدىكى خام كۆڭلەك،
تولغاندى ياماققا.
ئۆتتى ئۆمرۈم نەچچە يىل،
باي ئۆيىدە — دوزاختا.

يا كۈندۈزى ئارام يوق،
يا كېچىسى ئامانلىق.
قىش زىمىستان سوغۇقتا،
ياتقان يېرىم سامانلىق.

باي ـ زالىملار قولىدا،
ئۆلدى ئاتام ھەسرەتتە.
قالدىم يېتىم، سارغىيىپ،
دەرد ـ ئەلەمدە، كۈلپەتتە.

تەڭدىن تولا ھاياتىم،
ئۆتتى شۇنداق خارلىنىپ.
سۇنغان مېنىڭ قاناتىم،
ئىككى كۆزدىن ئايرىلىپ.

ئويلايتتىم مەن ھەمىشە،
«كېلەرمۇ دەپ دەۋرانىم»؟
كۈن نۇرىنى كۆرمەكلىك،
ئىدى ئارزۇ ـ ئارمانىم.

چىقتى قۇياش شەرقتىن،
مەندەك يوقسۇل بەختىگە.
بۈگۈن مانا ئايلاندىم،
ھۆر زاماننىڭ ئەھلىگە.

ئاتا بولدى پارتىيەم،
سلاپ مېنىڭ بېشىمنى.
بەختىمىزنى كۈلدۈرۈپ،
قۇرۇتتى كۆز يېشىمنى.

ئالدىم يېڭى زاماندىن،
ۋۇجۇدۇمغا كۈچ ـ قۇۋۋەت.
دەۋرىمىزگە ئەگىشىپ،
ماڭىمەن مەن تائەبەد.

## سەنئەتچىمەن

ئەللىك ئالتىنچى يىلدا،
ناھىيىمىزدە بولدۇم مەن.
يېڭىدىن ھايات باشلاپ،
خۇشاللىققا تولدۇم مەن.

غەيرەت بەرگەچ دەۋرىمىز،
كەڭ سەھنىدە يايرىدىم.
ھەر بىر كۆرەك، ئويۇندا،
بۇلبۇل كەبى سايرىدىم.

ھەر كۈنى سەھەر ـ ئاخشام،
ياڭرىدى خۇشال ناخشام،
جاندەك سۆيدۇم ۋەتەننى،
ئەل بولدى مېنىڭ ئاشنام.

ئالقىشلارغا ئېرىشتىم،
بېيجىڭدىكى ئويۇندا.
چىن ماھارەت كۆرسەتتىم،
دۇتار، راۋاب قولۇمدا.

كۆرۈپ كەلدىم كۆپ جاينى،
غەمخور بولغاچ پارتىيە.
ئەللىك ئالتە مىللەت بىز،
ئالدىم نۇرغۇن تەربىيە.

يېشىم ئاشتى ئاتمىشتىن،
قايتۇرۇشقا ئامال يوق.
يېڭى قوشاق توقۇيمەن،
زامانىمدىن ئېلىپ زوق.

## ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ

سان ـ ساناقسىز دېھقانلار،
ئىش ـ ئەمگەكتە پىشقانلار.
باي بولماقتا يۇرتۇمدا،
جاپا چەككەن ئىشچانلار.

يۆلەكلىكتۇر ئۆيىدە،
بۇغدىيى ھەم قونىقى.
بۇگۇن مانا مايلاندى،
قازان، چۆمۈچ، تۆۋىقى.

يۇرتىمىزدا دېھقانلار،
خۇشاللىقتا چۆمۈشتى.
پۇلنى تېپىپ راھەتتە —
ئايروپىلاندا ئۇچۇشتى.

ھەر كىشىنىڭ ئۆيىدە،
بولدى ھايۋان، سايمىنى.
ھوسۇل ئالغاچ تاغارلاپ،
تولدى ئاشقا ئايۋىنى.

موتوچىنىڭ① ئاۋازى،
كوچىلاردا ياڭرىدى.
بەخت تاپقان دېھقانلار،
سىياسەتنى داڭلىدى.

بۇ ئىشلارنى ھېچ كىشى،
بۇرۇن ئويلاپ باقمىغان.
«ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ» —
دېگەن گەپمۇ ئاقمىغان.

بۇگۇن مانا قوغاندا،
بولدى قالتىس ئۆزگىرىش.
ئەمگەك قىلغان باي بولار،
دېمەك، بىزدە يۈكسىلىش.

**تۆت گۈزەل، بەش بولۇش ھەققىدە**

گۈل تېرىدىم گۈلەسمەن،
سۇ قۇيۇپ قۇرۇتماسمەن.
تۆت گۈزەل، بەش بولۇشنى،
سۆزلەيمەن، ئۇنتۇماسمەن.

---

① موتوچى — موتسىكلىت.

ئېرىقىڭدا سۇ يوقمۇ؟
بېلىقلىرىڭ نىم بولدى،
تۆت گۈزەل، بەش بولۇشتىن،
ئەل خۇشلۇققا چۆمۈلدى.

كاككۇك قونغان تېرەكقۇ؟
سويما سالغان پېلەكقۇ؟
گۈزەل ئىستىل يارىتىش،
ھەممىمىزگە كېرەكقۇ؟

ئېرىق بولسا قۇم بولسا،
قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ؟
تۆت گۈزەل، بەش بولۇشتىن،
كۆڭۈل تاغدەك ئۆسمەمدۇ؟

تەشكىل بار، يۆلەنچىم بار،
يۈرەكتە ئىشەنچىم بار.
گۈزەل ئىستىل تىكلەشكە،
مەدھىيە سۆيۈنچىم بار.

## 44 ـ باب
## نەغمە باقى قوشاقلىرى

«نەغمە باقى قوشاقلىرى» تۇرپان ـ پىچان دائىرىسىدە، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. نەغمە ئەسلىدە ھازىرقى ئاستانە يېزىسىنىڭ غوجام ئالدى مەھەللىسىدە ئۆتكەن ھازىر جاۋاب قوشاقچى ۋە ئەلنەغمىچى. ئۇ 30 ياشقا كىرگۈچە توي قىلمىغانىكەن. نەغمە بىر كۈنى بىر كاتتا باينىڭ تويىدا نەغمە قىلىپ ئولتۇرسا، بەخنىسا ئىسىملىك، چېچى تېقىمىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان، چىرايلىق بىر چوكان ئۇسسۇلغا چۈشۈپ تويغا كەلگەنلەرنى ھەيران قالدۇرغان. نەغمە باقى بۇ چوكاننىڭ ماھارىتىگە ھەيران بولۇپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا توي قىلىش مۇددىئاسىنى ئېيتماقچى بوپتۇ ۋە بىر يېقىن ئاغىنىسىنى بەخنىساغا ئەلچى سۈپىتىدە ئەۋەتىپتۇ. ئاغىنىسى بەخنىسا بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇ: «ئەگەر توي قىلماقچى بولسا، مېنىڭ بىر شەرتىم بار. مەن نەغمەدىن بىر سوئال سورايمەن، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سوئالىمغا توغرا جاۋاب بېرەلىسە، مەن ئۇنىڭغا تېگىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. نەغەممۇ بۇ چوكاننىڭ شەرتىگە ماقۇل بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى كاتتا بىر سورۇن راسلىنىپ، كىشىلەر يىغىلغان چوڭ مەيداندا نەغمە ناخشا ئېيتىپ، دۇتار چاپتۇ. بەخنىسا سازغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناپ، نەغمەنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىپتۇ ـ دە، سوئال ـ جاۋابلىق بېيىتىنى باشلاپتۇ. ھەربىر كۇپلېت بېيىتكە نەغمە ناھايىتى توغرا جاۋاب بېرىپتۇ. ئاخىرى نەغمە بەخنىسانى يېڭىۋاپتۇ. بەخنىسا ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، نەغمە بىلەن توي قىلىپ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ. نەغمە باقى ھەققىدىكى بۇ قوشاقلار تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى، توي ـ مەرىكىلەردە داۋاملىق ئېيتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، سوئال ـ جاۋابلىرىنىڭ دەللىكى بىلەن كىشىلەرنى سۆيۈندۈرۈپ كەلمەكتە.

توي ـ مەرىكە سورۇنىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

بەخنىسا:

سېنىڭ ئېتىڭ نەغمىدۇر،
شۇنداق يۇرسەڭ بولامدۇ؟
كېچە ـ كۈندۈز تالادا،
ساڭا خوتۇن تېگەمدۇ؟

نەغمە:

سېنىڭ ئېتىڭ بەخنىسا،
چاچىنى چاچقا ئۇلىسا.
يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تېگەرسەن،
نەغمە باقى ئۇنىسا.

بەخنىسا:

نەغمە باقى ئېتىڭدۇر،
تۇرغىنىڭ شۇ يېتىڭدۇر.
جۇل ـ جۇل چاپان ئۇستۇڭدە،
چولاق ئېشەك ئېتىڭدۇر.

نەغەم:

بەختىم بار دەپ داڭلايسەن،
بەختىڭ يوقتۇر بەخىسا.
ھېچ كىشى قاراپ قويماس،
نەغەم باقى ئالمىسا.

بەخىسا:

نەغەم ئۆزى بىغەمدۇر،
دەيدۇ «خۇدا ئىگەمدۇر.»
بەخىسا ئۇنىمىسا،
تاسما بىلەن چىگەمدۇ؟

نەغەم:

نەغەم ئۆزى نەغمىچى،
ناخشا ئېيتىپ ھارمايدۇ.
ئەتە - ئاخشام كەينىدىن،
قىز - چوكانلار قارايدۇ.

بەخىسا:

نەغەم دەرمۇ، نەغەم دەر،
سېنىڭ ئىسمىڭ قەلەندەر.
بىر جىڭ تۆت سەر ئۇنۇڭ يوق،
بەخىسالار نېمە يەر؟

نەغەم:

كىچىك كۆرمەڭ نەغەمنى،
چەندازىدا پۇلى بار.
تىلەپ يېمەس ھېچقاچان،
گۇلدەك ئىككى قولى بار.

بەخىسا:

شاتۇۋار كۆڭلەك كىرەك،
كۆرگىلى ئەينەك كىرەك.
ئىچكىلى سىنچاي قويۇپ،
جانان چىنە، چەينەك كىرەك.

نەغەم:

كۆڭلىڭنى كۆڭلەك قىلاي،
يۈرەكنى ئەينەك قىلاي.
ئىچكىلى سىنچاي قۇيۇپ،
ئاغزىڭنى چەينەك قىلاي.

بەخنىسا:

كۆڭۈل بەردىم مەن ساڭا،
ئەمدى باراي يېنىڭغا.

نەغەم:

بەخنىسا كەل قېشىمغا،
بەخت قوندى بېشىمغا.

## 45 ـ باب
## تۇردىخان ئىسلام قوشاقلىرى

قوشاقچى تۇردىخان ئىسلام 1922 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئۇدانلىق يېزىسىدا تۇغۇلغان، تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر باي ـ پومېشچىكلارنىڭ ئۆيىدە مەدىكار ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزگەن، ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنى قوشاققا قېتىپ ئاچچىقىنى چىقارغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى زامانى، بەختىيار ھاياتنى، ئەمگەكچى خەلقنى مەدھىيىلەپ بىر قىسىم قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. 1965 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە يەكەن ناھىيىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرەكلىرىدە ناخشا ـ قوشاق ئېيتىپ، ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ 1974 ـ يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرى يەكەن خەلقى ئارىسىدا ھېلىغىچە يادلىنىپ كەلمەكتە.

### كەمبەغەل

ئۆتمۈش قانلىق دوزاختا،
يىغلاپ زىندان ـ قاماقتا.
كىشەنلىنىپ پۇت ـ قولى،
داغدا كەتكەن كەمبەغەل.

پومېشچىككە تۇتۇلۇپ،
ھايۋان كەبى قۇل بولۇپ.
پارچە نانغا زار بولۇپ،
ئەلەم يۇتقان كەمبەغەل.

تېرىغىلى يېرى يوق،
ئولتۇرغىلى ئۆيى يوق.
چۆل ـ باياۋان، دەشت كېزىپ،
سەرسان بولغان كەمبەغەل.

سۆزلىگىلى «تىلى يوق»،
قارىغىلى «كۆزى يوق».
راھىتى يوق، دىل سۇنۇق،
زار قاقشىغان كەمبەغەل.

كېچە ـ كۈندۈز غەپلەتتە،
قايغۇ ـ ئەلەم كۈلپەتتە.

يۈرەكلىرى قان بولۇپ،
ھەسرەت چەككەن كەمبەغەل.

تۈن قوينىدا قايغۇرۇپ،
تاڭ نۇرىغا تەلپۈنۈپ.
ئازادلىققا ـ بەختكە،
تەشنا بولغان كەمبەغەل.

كومپارتىيە ۋاقتىدا،
قەد رۇسلاپ ئاش، پاختىدا.
ماۋ جۇشىنىڭ نۇرىدىن،
بەختى كۈلگەن كەمبەغەل.

ئازاد زامان گۈلى بولۇپ،
قەلبى نۇرغا لىق تولۇپ.
ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇپ،
ھوقۇق تاپقان كەمبەغەل.

شادلىق تولۇپ دىلىغا،
گۈللەر تېرىپ بېغىغا.
مېھنىتىدىن ـ ئىشىدىن،
ھۇزۇر ئالغان كەمبەغەل.

ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇماي،
«شىر چورۇق»نى قۇرۇتماي.
بۇ بەختىيار زامانىنىڭ،
قەدرىگە يەتكەن كەمبەغەل.

گۈل بولغانمۇ كەمبەغەل،
ھۆر بولغانمۇ كەمبەغەل.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
بەخت تاپقان كەمبەغەل.

## 46 ـ باب
## مۇھەممەتئىمىن ئەھمەت قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى مۇھەممەتئىمىن ئەھمەت 1934 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ چاقار يېزىسى چەيلىكئېرىق كەنتىدە بىر دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

مۇھەممەتئىمىن ئەھمەت كىچىك چېغىدىن باشلاپ شېئىر ـ قوشاق ئىجادىيىتىگە قىزىققان. 1963 ـ يىلى «تراكتور» ناملىق قوشىقى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ تېخىمۇ ئىلھاملىنىپ تۇرلۇك مەزمۇندىكى شېئىر ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆلكىلىك ۋە دەللىك خاراكتېرى كۈچلۈك قوشاقلىرى ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلىگەن. 1964 ـ يىلى بېيجىڭگە بېرىپ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، نومۇر ئورۇنداپ، پايتەختتىكى تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

مۇھەممەتئىمىن ئەھمەتنىڭ قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىدە دەللىك ۋە ھازىر جاۋابلىق ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ھازىرغىچە 40 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ـ قوشاق ئېلان قىلدۇرغان. «ئامان بولدى» قاتارلىق ئالتە پارچە قوشاق ۋە خەلق داستانلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

### 1

1970 ـ يىلى مۇھەممەتئىمىن ئەھمەت تېيىپجان ئېلىيېفقا بىر پارچە خەت يازغان. ئۇ ئىجادىيەت كۇرسىغا قاتناشقىلى شىخەنزىگە بارغاندا شائىر تېيىپجان ئېلىيېف ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كۆپ ئىلھام بەرگەنىدى.

ئۇنىڭ تېيىپجانغا يازغان قوشىقىدىن نەمۇنە:

سېغىنىپ سالام يازدىم،
ئۇستازىم تېيىپجانغا.
سىزمۇ ھەم يېزىڭ بىر خەت،
مەندەك بىر غېرىب جانغا.
.............

### 2

1978 ـ يىلى تېيىپجان ئېلىيېف ھۇسەنجان جامى بىلەن خوتەنگە كەلگەندە مۇھەممەتئىمىن ئەھمەت بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇ تېيىپجاننىڭ ماشىنىسىنى توسۇپ ئۆيگە تەكلىپ قىلىدۇ. تېيىپجان ئېلىيېف

«دىدار كۆرۈشكەندىكىن، كىرمىسەكمۇ بولار؟» دەيدۇ. لېكىن، مۇھەممەتئىمىن ئەھمەت ئۇنىماي، تېپىپ-جانغا قارىتىپ مۇنداق قوشاق ئېيتىدۇ:

كۆرسىلىمۇ دىدارىمىزنى،
كۆرمىدىلە تېخى ئىدارىمىزنى.

3

بىر كۈنى قوشاقچى مۇھەممەتئىمىن ئەھمەت جامائەتنى باشلاپ نەزىرگە بارىدۇ. داستىخانغا پولۇ كەلتۈرۈلگەندە، باشقىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پولۇ ھەققىدە بۇ قوشاقنى دەرھال ئېيتىپ بېرىدۇ:

پولۇ دېگەن ئالىي غىزا،
خىسلەتتە ئوشۇق.
بەش قولۇڭنى جەمئىي قىلساڭ،
كەتمەيدۇ قوشۇق.

## 47 ـ باب
## ئالماس ئابدۇللايوف قوشاقلىرى

كۆزگە كۆرۈنگەن قوشاقچى، خەلق سەنئەتچىسى ئالماس ئابدۇللايوف 1926 ـ يىلى مارالبېشى ناھد ـ
يىسىنىڭ بازار ئىچىدە تۇغۇلغان، 1990 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يوپۇرغىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.
ئالماس ئابدۇللايوف باللىق، ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا شېئىر ـ قوشاق، ھېكايە ـ چۆچەك ـ
لەرگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، قوشاقچىلىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ
ئارتىس بولۇپ، «ھۆرۈن بالا»، «يارىمغا»، «ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىپ» قاتارلىق شېئىر ـ قوشاقلارنى ئۆزى
يېزىپ، ئۆزى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىپ ئېيتىپ، جامائەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ تۇرلۇك
سەۋەبلەر بىلەن ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ كۇچاغا كېلىپ ۋاقىتلىق ئولتۇراقلىشىپ قالغان. كېيىن قەش ـ
قەر، كۇچا، قۇمۇل، يوپۇرغا قاتارلىق جايلاردا كۆچۈپ يۈرگەن مەزگىللىرىدىمۇ قوشاق ئېيتىشنى ھەرگىز
تاشلاپ قويماي، سەھنە ـ سورۇنلاردا ئېيتىپ، خەلق كۆڭلىنى خۇش قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قوشاق ـ
لىرىدا ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى زالىملىقنى، باي ـ پومېشچىكلارنىڭ خەلقنى ئېزىش قىلمىشلىرىنى
سۆكۈپ پاش قىلغان بولسا، كېيىنكى قوشاقلىرىدا يېڭى زامانغا بولغان مۇھەببەت، تۇرلۇك ئىجتىمائىي
ئۆزگىرىشلەر، ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەرنى مەدھىيىلىگەن، تۇرلۇك ناچار ئىستىل ۋە قىلمىشلارنى
قامچىلىغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم قوشاقلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان، تۇرلۇك توپلاملارغا تاللاپ
كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ يوپۇرغا ناھىيىسىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش خىزمەتلىرىگە قوش ـ
قان تۆھپىسى خەلق ئاغزىدا ھازىرغىچە ماختىلىپ كەلمەكتە.
«ئالماس ئابدۇللايوف قوشاقلىرى» ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتە ناھايىتى زور ئەھمد ـ
يەتكە ئىگە. ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە تىل ئالاھىدىلىكى بار.

ئالماس ئابدۇللايوفنىڭ ئەركىن مۇھەببەتنى كۈيلەپ ئېيتقان قوشىقى:

### يارىم دىلىمدا

ئاتاپ ئىشچان يارىمغا،
توقۇپ چىقتىم قوشاقنى.
يارنىڭ كۆزى چىرايلىق،
ئەسلىتىدۇ بۇلاقنى.

يارنىڭ قىلغان سۆزلىرى،
چىقماس ئەسلا ئېسىمدىن.
ياردەك چەبدەس بولۇشقا،
ۋەدە قىلدىم دىلىمدىن.

يارنىڭ ئوتلۇق ناخشىسى،
دىل تارىمنى تىترىتەر.
قىلغان ھەربىر ئىشىمدا،
غەيرىتىمنى ئۆرلىتەر.

يارنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى،
ۋەتەن ئۈچۈن سوقىدۇ.
شۇڭا ھەربىر ئىشلىرى،
يۈرىكىمگە ياقىدۇ.

## دوختۇر بولساڭ

دوختۇر بولساڭ ئىللىق بول،
چېھرە، كۆپ خىل تىللىق بول.
كۆزلەپ پارلاق نىشان، يول،
ئىشتا كەمتەر، سىلىق بول.

ئۆگەن كەسىپ تىرىشىپ،
تەجرىبىگە ئېرىشىپ.
دېگىنىز بىلىپ بىمارنى،
سەن ئايرىلماس بېلىق بول.

دوختۇرلۇقنىڭ بەلگىسى،
ئەلگە ئايان ھەممىسى.
باراۋەرلىك - ئارزۇسى،
خىلاپ ئىشتىن يىراق بول.

ئالماس ئابدۇللايوف ئۆمرىدە خۇشامەتچىلىك، تەخسىكەشلىككە ئۆچ ئىدى. مال - دۇنيا قوغلاشماي، خەلق سەنئىتى بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى، تۈرلۈك ناچار ئىللەتلەردىن يىراق تۇراتتى ۋە ئۇنى كۆرسە قوشاق توقۇپ قامچىلايتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقان قوشقى:

## خۇشامەتكە بىر قامچا

ھەريان قاتراپ ئالدىراپ،
كېلىشتۈرۈپ گەپ راسلاپ.
پۈتاق چىقىرىپ تۈز يەردىن،
كۈن ئۆتكۈزەر خۇشامەت.

راست ـ يالغاننى ئايرىماي،
سۆز قىلىدۇ بايقىماي.
تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ،
كۆرەڭلەيدۇ خۇشامەت.

ئەمەلدارنى كۆرگەندە،
هى ـ هى قىلىپ كۈلگەندە.
تەمەخورلۇق ئىلكىدە،
سالام بېرەر خۇشامەت.

ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ،
مەزھەپ توپلاپ، تارايتىپ.
ھەربىر ئىشنى، سورۇننى،
دەسمى قىلار خۇشامەت.

دەرىجە ئايرىپ ھەممە ۋاخ،
چىقىرىشقا نام ـ ئاتاق.
مۇئامىلە نەچچە خىل،
بازار تاپار خۇشامەت.

خاتا ئىشى جەينەكتەك،
كۆرۈلسىمۇ ئەينەكتەك.
تۈزىتىشنى خالىماس،
كۆڭلى قارا خۇشامەت.

ئاچساڭ كەشىپ، سېھىرنى،
بەرسەڭ تەكلىپ، پىكىرنى.
قۇلىقىغا ياقمايدۇ،
ئاقلاپ كېتەر خۇشامەت.

ئىشلە ئەلنى چىن سۆيۈپ،
پېشانەڭدىن تەر تۆكۈپ.
ئارىمىزدا ئورۇن يوق،
نېرى كېتە! خۇشامەت.

## 48 ـ باب
## ھەمزىخان سادىر، ئىمىنخان سادىر قوشاقلىرى

ئۈچ ئەۋلاد قوشاقچى روزى ئاخۇن ئاكىنىڭ چوڭ قىزى ھەمزىخان سادىر غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئىسلامىيۈزى كەنتىدە تۇغۇلغان. كىچىك قىزى ئىمىنخان سادىر 1845 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1935 ـ يىلى نىلقا ناھىيىسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ ئىككى قىز دادىسى روزى ئاخۇن ئاكىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ چوڭ بولغان. كەمبەغەلچىلىكتىن ئوقۇيالماي ساۋاتسىز قالغان. ئۇلار گەرچە خەت تونۇمىسىمۇ، لېكىن، دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، خەلق قوشاقچىلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان. جەمئىيەتتىكى ھەرخىل كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا ئۆزلىرىگە تەسىر قىلغان ۋە ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ئىشلارنى قوشاققا قوشۇپ ئېيتىپ، دەردىنى يېنىكلەتكەن ۋە كېيىنكىلەرگە قىممەتلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە سۆزلەپ قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ قوشاقلىرى خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ھەمزىخاننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىق ھەققىدە ئېيتقان قوشىقى:

### قېرىنداشلىق

ئات ـ ئۇلاغنى ھەيدەڭلار،
سازغا بېرىپ ئوتلىسۇن.
بىزنى دېگەن تۇغقانلار،
ئەمدى كېلىپ يوقلىسۇن.

سۇ سەپتىم ئىشىكىمگە،
تۇپراققا سىڭىپ كەتتى.
مادارىم كېتىپ تەندىن،
ياستۇققا بېشىم يەتتى.

قېرىنداش دېگەن نەرسە،
كۆڭۈلگە يېقىن ئىكەن.
ياستۇققا بېشىڭ يەتسە،
مېھرى بىر ئېقىن ئىكەن.

### ئىنسان ئۆمرى ھەققىدە

مەن ئۆلسەم ئېتىم ئۆچكەي،
دۇنيادىن ئىزىم ھەمدە.

تۆپراقتا قوشۇلسا تەن،
بولمايدۇ سۆزۈم ھەمدە.

ئۆتكەنتى ئانام ئۆمرى،
ھەسرەتتە ــ نادامەتتە.
ئۆلۈپ كەتسەم ئانام بىلەن،
خۇدا قوشقاي قىيامەتتە.

ھۆكۈم ئۆلمەك تۇغۇلغانغا،
بىلىپ بولماس ئۆلەر ۋاقنى.
ئىنسان ئۈچۈن بەك مۇھىم،
پەرق ئەتمەك قارا ــ ئاقنى.

### يېڭى تاشيول

يېڭى تاشيول ياسىدۇق،
تاغ ئېتىكى ــ ئېدىردا.
يول ياسىسا ئامىنىڭ،
قاتنىشىغا كۆپ پايدا.

ئەگرى يوللار تۈزلىنىپ،
تۆگەر كاتاڭ ــ كاشىلا.
يېڭى يولدا غۇيۇلداپ.
ماڭار ئەمدى ماشىنا.

ماشىنىدا بىلىنمەس،
باسقان يولنىڭ يىراقى.
كەچ بولغاندا يورۇيدۇ،
ئىككى ياندا چىراغى.

ماشىنىدا ئولتۇرۇپ،
ناخشا ــ قوشاق توقۇدۇم.
يول ياسىغان دوستلارغا،
يۈزمىڭ رەھمەت ئوقۇدۇم.

ئىمىنخان سادىر 1881 ــ يىلى كۈزدىكى «كۆچ ــ كۆچ»كە قاتنىشىپ يەتتىسۇ رايونىغا بارغاندا بىر تۈركۈم قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. 1932 ــ يىلى ئىككىنچى قېتىملىق «كۆچ ــ كۆچ» تە يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتقان. شۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇغان. بۇلاردىن نەمۇنە سۈپىتىدە قېپقالغانلىرى:

## يۇرتنى سېغىنىش

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلەردە،
ئۈيقۇ يوقتۇر تۈنلەردە.
ئاجىز باشقا كۈن چۈشكەچ،
يالغۇز قالدىم چۆللەردە.

قۇم ئۈستىدە ئولتۇرسام،
بۆرىلەر ھۇۋۇلاۋاتىدۇ.
ئاڭلىدىڭمۇ جان بالام،
ئاناڭمۇ يىغلاۋاتىدۇ.

تاڭ ـ تاڭ قىلىپ ئېتىلغان،
قارا مىلتىقنىڭ ئوقى.
قۇملاردا تېنەپ يۈردۈم،
ئوغۇل بالامنىڭ يوقى.

ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ،
دەرۋازاڭنى مەن قاقتىم.
يوللاردا تېنەپ يۈرۈپ،
سىلەرنى ئاران تاپتىم.

ئاناڭ قالدى تەلمۈرۈپ،
تۇرغىن بالام، ئىشىك ئاچ!
سۆزلەشكە مادارىم يوق،
كۆپ تەشنامەن قورساق ئاچ.

ئىمىنخاننىڭ يوقسۇزچىلىق كۈنلەرنى شكايەت قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

قولۇمدا پۇلۇم بولسا،
بېرىپ كەلسەم دوۋۇنغا.①
يوقسۇزلۇق يامان ئىكەن،
ئوغرى بولدۇم سوپۇنغا.

جاپانى تولا تارتىپ،
قارا ساچىم ئاقاردى.
قانداق قىلاي، يوقسۇل؟
قىزىل يۈزۈم سارغايدى.

---

① دوۋونغا ـــ جاي ئىسمى.

## 49 ـ باب
## روزى ئىسلام قوشاقلىرى

قوشاقچى روزى ئىسلام 1921 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپكى ساۋاتىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە چىقارغان، كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، كېيىن يېزىغا چۇشۇرۇۋېتىلىپ يەنە دېھقان بولغان.

روزى ئىسلام كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىگە قىزىققان ۋە بىر قىسىم شېئىر ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان.

«روزى ئىسلام قوشاقلىرى» ئۆتمۈشتىكى جاھالەتلىك كۈنلەرنى سۆكۈش ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلەشنى، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەت ۋە خۇراپاتلىقنى قامچىلاشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرى مەلۇم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

روزى ئىسلام ئۆز يېزىسىدىكى باخشى ـ داخانلارنىڭ خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى ئالداپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ناھايىتى خاپا بولغان. ئۇنىڭ شۇ چاغدا ئېيتقان قوشىقى:

### لەنەت باخشى، رەمچىگە

باخشى، داخان، رەمچىلەر،
چالىدىكەن دېپىنى.
ئەپسۇن ئوقۇپ، كۆز بوياپ،
تاپار ئىشنىڭ ئېپىنى.

قورساق تۇتۇپ، رەم سېلىپ،
«بالاڭ ئوغۇل» دەيدىكەن.
ئالداپ توخۇ، قويلارنىڭ،
سېمىزىنى يەيدىكەن.

ئەل قاقشىتىپ، جان سېتىپ،
بىكار «سۇپ ـ سۇپ» دەيدىكەن.
ساقايمىسا «يەنە كەل»،
«قايتا ئوقۇي» دەيدىكەن.

چوقۇناركەن بەزىلەر،
ئېچىلماپتۇ كۆزلىرى.

ئالدانماڭلار خالايىق،
يالغان داخان سۆزلىرى.

ساڭا تەنقىد يازاي مەن،
باخشى، داخان تونۇۋال!
تۇمشۇقۇڭغا بىر يەيسەن،
توغرا يولغا مېڭىۋال!

## ئىتتىپاقلىق كۈچ ـ مادار

ئىتتىپاقلىق، دوستلۇقتىن،
ھۆزۈرلاندى يۈرەكلەر.
ئىناقلىقتىن دەۋرىمدە،
ھەل بولماقتا تىلەكلەر.

باغدا كۆچەت بولمىسا،
بۇلبۇل كېلىپ قونامدۇ؟
ئىتتىپاقلىق بولمىسا،
خەلقىم ئىناق ياشامدۇ؟

قىزىلگۈل پۇراق چاچسا،
ھىدىنى تەڭ پۇرايمىز.
ئىناقلىقتىن بۇ يۇرتنى،
گۈل ـ چېچەككە ئورايمىز.

كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىمىز،
ئىتتىپاقلىق چىڭىسا.
ئىناق، ياخشى ئۆتكەنلەر،
روناق تاپار خوپ، راسا.

ئىناقلىقنى مەدھىيىلەپ،
توقۇدۇم بۇ قوشاقنى.
ھەممە مىللەت ئۇيۇشۇپ،
ئېلىۋېتەيلى توساقنى.

## گېزىتنىڭ قەدرىگە يېتىش ھەققىدە

بىلمەيدىكەن چېكەرمەن،
يېڭى گېزىت قەدرىنى.
چېكەر يۆگەپ تاماكا،
كىممۇ ئاڭلار دەردىنى؟

نالىدىن گېزىتىنىڭ،
يۈرەك ئازاب چېكىدۇ.
كىتاب، ژۇرنال ئاسراشقا،
مەردلەر جاننى تىكىدۇ.

گېزىت ـ ژۇرنال زارىدىن،
تۇرۇپ بولماس ھەر كىشى.
ئەقىللىقتا ئۇستاز ئۇ،
پەن ئەھلىنىڭ دىلكىشى.

گېزىتلەرگە بېسىلار،
يېڭى خەۋەر، ماقالە.
مەدەنىيەت ئۆگىنەر،
ھەربىر ئادەم، ئائىلە.

گېزىتلەرگە كۆپ سىڭەر،
تەھرىرلەرنىڭ مېھنىتى.
گېزىت بىلەن ئۆسىدۇ،
يۇرتنىڭ نامى، ئىززىتى.

تاماكىغا يەم قىلما،
يېڭى كەلگەن گېزىتنى.
ئىلگىرىلەشنى ئەلا بىل،
باغلاپ ئىشەنچ، ئۈمىدنى.

قەدرىگە يەت گېزىتنىڭ،
نەسىھەت ئاڭلا، چېكەرمەن.
پەيزاۋاتلىق قوشاقچى،
شۇندا سەندىن رازىمەن.

## مەن دوختۇردىن خۇشالمەن

مېنىڭكى بىر ئوغلۇم بار،
ئىسمى ئۇنىڭ ئىسلام چوڭ.
ئىش ـ ئەمگەكتە مەردانە،
جىگىرى بار، غەيرەت چوڭ.

كېسەل بولۇپ بىركۈنى،
يېتىپ قالدى ئىنجىقلاپ.

مەن دوختۇرغا ئاپاردىم،
رەڭگىرويىغا قاراپ.

دوختۇر دېدى: غەم يېمەڭ،
سوقۇر ئۈچەي بولۇپتۇ.
ئوپېراتسىيە قىلىمىز،
دەرد ئىچىگە تولۇپتۇ.

خۇشال بولدۇم دوختۇردىن،
سىزگە رەھمەت، پەرىشتە.
ئاشۇ بالام ساقايسا،
بېشىم يېتەر ئەرشكە.

ئامان چىقسا بالام دەپ،
ئالدىغا كۆپ پۇل قويدۇم.
خۇيى تۇتتى دوختۇرنىڭ،
سەكرەپ كەتتى، يول قويدۇم.

ماڭا بېرىپ تەربىيە،
ئۆز ئىشىم دەپ بىلدى ئۇ.
خۇشال بولدۇم قەۋەتلا،
مېنى كۆزگە ئىلدى ئۇ.

دوختۇرلارغا مىڭ رەھمەت،
زامانىمغا تەشەككۇر.
ئېيتتىم دىلدىن ئاخىرى،
ئەي پەرىشتەم مىڭ شۈكۈر.

## يېزىلاردىكى توي ھەققىدە

كۇندە مەشرەپ، كۇندە توي،
قىزىلسۇدا① مەھەللە ـ كوي.
يېڭىچە توي بۇ يۇرتتا،
زامان ھىدى بەك خۇشبۇي.

قىز ـ يىگىتنى نىكاھتا،
زورلىمايدۇ باشقىسى.

① قىزىلسۇ ـــ پەيزاۋاتنىڭ قىزىلسۇ يېزىسى.

ئۆزلۈكىدىن قېپقالدى،
ناچار ئادەت قاشقىسى.

باغدا گۈللەر بولمىسا،
بۇلبۇل كېلىپ قونامدۇ؟
پۇتۇشمىسە قىز ـ يىگىت،
زورلىغانغا ئۇنامدۇ؟

كەسپى ياخشى — تويلۇقى،
غەلبە قۇچۇش شەرتىدۇر.
ئاشۇنداق توي قىلغانغا،
خەلق رەھمەت ئېيتىدۇ.

ئالتۇن، مىسنى زەرگەرلەر،
ئوتقا سېلىپ ئېرىتكەن.
كونا ئادەت، كونا توي،
قەلبىمىزنى چىرىتكەن.

ھاۋادىكى لاچىنىنىڭ،
لەپىلدەيدۇ قاناتى.
يېڭى تويدىن شادلىنىپ،
ئۆتەر خەلقىم ھاياتى.

توي قىلغان قىز ـ يىگىتنى،
قىزىلگۈلگە ئوخشاتتىم.
خۇشال ئۆمۈر سۈرۈڭلار،
قوشىقىمنى ياڭراتتىم.

## 50 ـ باب
## قارىي قارىم قوشاقلىرى

قارىي قارىم ـــ پەيزاۋات ناھىيە قوشئاۋات يېزىسىدىكى بىر دېھقان قوشاقچى. تەخمىنەن 1939 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن قوشاق توقۇغان بولۇپ، ئاساسەن زالىم، باي ـ پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن زۇلۇمىنى پاش قىلغان. بۇ قوشاقلار پەيزاۋات دائىرىسىدە خېلى كەڭ تارقالغان، مەلۇم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

### ئۆتمۈشتىكى زۇلۇم ـ قىسمەت ھەققىدە

غەم ـ قايغۇ كۆپ ئۆتمۈشتە،
كەمبەغەلنىڭ بېشىدا.
دەريا ھاسىل بولغانتى،
كۆزدىن ئاققان يېشىدا.

كۈندە ئىشلەپ يوقسۇللار،
پۈتۈن زاغرا كۆرمەيتتى.
يۇرتىمىزدا بايلارنىڭ،
كۆزى ھەرگىز تويمايتتى.

رەھمەت دېگەن زالىم بەگ،[1]
يوقسۇللارنى ئېزەتتى.
سەكسەن ياشلىق قاسىمكام،
پۈتۈن چۆلنى كېزەتتى.

ساي تۈلكىگە تولۇپتۇ،
تۇتقۇدەك قۇش يوقمىدۇ؟
رەھمەت دائىم ئوينايدۇ،
ئۆيىدە ئىشى يوقمىدۇ؟

كۆك ئاسماندا ئۇچىدۇ،
ئالا توقام، كۆك كەپتەر.
رەھمەت بەگنى گوللىدۇق،
يوقسۇللار يالغان گەپتە.

رەھمەت بەگ دېگەن زالىم،
باي بولۇشنى ئويلايتتى.

---

① پەيزاۋاتتىكى بىر چوڭ يەر ئىگىسى، پومېشچىك.

گېلىمىز بىلەن كارى يوق،
ئېتىزلىقتا قوغلايتتى.

رەھمەت ئۇخلايتتى باغدا،
بىزلەر ئىشلەيتتۇق تاغدا.
ھېساب ـ كىتاب قىلغاندا،
دائىم قالاتتۇق داغدا.

رەھمەت بەگنىڭ قىزلىرى،
باي يىگىتكە تېگەتتى.
ئالۋان سېلىپ ھەر ئۆيگە،
كەمبەغەلنى ئېزەتتى.

رەھمەت بەگ ھارامزادە،
يۇرتىمىزغا بەگ بولغان.
زالىم ئەبلەخ دەردىدە،
يۈرەك زەردابقا تولغان.

سۇ ئاچسام ئېتىزلىققا،
لېۋىگىچە تولۇپتۇ.
رەھمەت دېگەن ئۇ زالىم،
ئۆزىگە گۆر كولاپتۇ.

يوقسۇللار قىساسىدىن،
زامان بىرلا ئايلاندى.
بەگ، زالىملار تۇتۇلۇپ،
تەشنا يۈرەك شادلاندى.

## 51 ـ باب
## ئابدۇرەشىد موللا قوشاقلىرى

قوشاقچى ئابدۇرەشىد موللا (ئابدۇراخمان) 1901 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئەگۈس يېزىسى شەملى كەنتىدە موللا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1980ـ يىللاردا ۋاپات بولغان.

ئابدۇرەشىد موللا كىچىك چېغىدىن باشلاپ دادىسىدىن دىنىي تەلىم ئالغان. نەۋايى، مەشرەپ قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ كىتابلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ناھايىتى قىزىقىپ، بىر قىسىم شېئىر ـ قوشاقلارنى يېزىپ مەشىق قىلغان. يېزىنىڭ بېگىگە كاتىپ بولۇش جەريانىدا، نۇرغۇن ناھەق ئىشلارنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتكە نىسبەتەن نارازىلىق كەيپىياتتا بولغان. ئۇ مەيلى دېھقانچىلىق، تۇماقچىلىق قىلغان، مەيلى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋاقىتلىرىدىمۇ قوشاق يېزىش ۋە ئېيتىشنى پەقەت تاشلاپ قويمىغان. ناھەقچىلىكتىن تۈرمىگە تاشلانغان ۋاقىتلىرىدىمۇ دەردىنى قوشاق ئىجاد قىلىش ۋە باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىش بىلەن چىقىرىپ، جامائەتنىڭ كۆڭلىنى ئاچقان. ئابدۇرەشىد موللىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قوشاقلىرىدىكى ئاساسىي مەزمۇن بەختىيار زامانىنى، خەلق ھاياتىنى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلەش بولغان. ئۇ كۆپ قېتىم دىنىي ساھەنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، قوشاقلىرىنى كەڭ ـ كۇشادە ئېيتىپ، مىللىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ مەلۇم تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى خۇشال بولغان. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە توقىغان قوشىقى:

### مىڭ رەھمەت

ئەۋەتىپتۇ كالامۇللا،
دىنىي زاتقا بېغىشلاپ.
مىننەتدارلىق بىلدۈردۇق،
ھۆكۈمەتنى ئالقىشلاپ.

پارتىيىنىڭ سۆزىنى،
دىنىي زاتلار قوللايمىز.
سالام يېزىپ مەركەزگە،
ھۆرمەت بىلەن يوللايمىز.

خۇشال بولدۇق بۇ ئىشتىن،
دىنىي ئىسلام جەمئىيەت.

«قۇرئان كەرىم» ئەۋەتكەن،
ھۆكۈمەتكە مىڭ رەھمەت.

## بىرلىك سەپىنىڭ يىغىنى

تەكلىپ قىلدى يىغىنغا،
ناھىيىمىزدىن بىرلىك سەپ.
ئىدىيىنى ئۆزگەرتىپ،
توغرا يولدا ماڭسۇن، دەپ.

يېتىپ كەلدۇق ۋاقتىدا،
بۇ شەرەپلىك يىغىنغا.
جەمئىي بولدۇق ھەممىمىز،
تەيىن قىلغان ئورۇنغا.

ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى،
سەپەرۋەرلىك دەرسى ئۆتتى.
ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن،
كۆڭلىمىز يورۇپ كەتتى.

يامغۇر ياغدى شارقىراپ،
دەريالارغا سەل كەلدى.
قىسمەن خاتا ئىدىيە،
بۇ يىغىندا ھەل بولدى.

خاتا بولسا تۈزەتتۇق،
ئوتتۇرىدا سوئال قويۇپ.
كۈتۈۋالدى بىزلەرنى،
پولۇ ئېتىپ، قوي سويۇپ.

ئۆگىنىشتە چۈشەندۇق،
قانۇن، دىن، سىياسەتنى.
يۇرتنى ياخشى قۇرىمىز،
ئۆزگەرتىپ قىياپەتنى.

ياخشى بولدى ۋەزىيەت،
خەلقىمىزنىڭ بەختىگە.

قايتا قوندى ھەقىقەت،
ئادالەتنىڭ تەختىگە.

قىلدى بىزگە ھۆكۈمەت،
ھەر تەرەپتىن كەڭچىلىك.
مىننەتدارلىق بىلدۈردۇق،
ئۆلىما، بار كۆپچىلىك.

بۇ قېتىمقى يىغىندا،
ئايدىڭلاشتى قەلبىمىز.
يېڭىۋاشتىن ئىش باشلاپ،
ئىلگىرىلەيمىز ھەممىمىز.

زىلچا ـ گىلەم توقۇشتا،
داڭلايدىكەن خوتەننى.
ئىتتىپاقلىشىپ ھەر ساھە،
قوغدايمىز يۇرت ـ ۋەتەننى.

## 52 ـ باب
## ماخمۇت سابىت قوشاقلىرى

قوشاقچى ماخمۇت سابىت 1930 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1937 ـ يىلىدىن 1948 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلەردە ئوقۇپ، مائارىپ، سودا ساھەسىدە خىزمەت قىلغان. ئۇ ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپ قوشاقچىلىق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قىسىم شېئىر ـ قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئازاد زامانىنى، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلەيدىغان قوشاقلىرى ئارقىلىق خەلق قەلبىگە سىڭىپ كىرگەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ بەلگىلىك رولى بار.

ماخمۇت سابىت ئاكىسىنىڭ ئۆتمۈش كۈنلەرنى ئەسلەپ ئېيتقان قوشىقى:

### ئۆمرىمىز ئۆتۈپ كەتتى

بىز ھاشارغا ماڭغاندا،
قىش ـ زىمىستان دالىلار.
ئاچ ـ يالىڭاچ شۇ چاغدا،
ئۆيدە قالغان بالىلار.

ئۆمرىمىز ئۆتۈپ كەتتى،
راھەت كۆرمەي زۇلۇمدا.
بالىلىرىم ئۆلۈپ كەتتى،
پۇل بولمىغاچ قولۇمدا.

بىز پىيادە ماڭاتتۇق،
بەگ، خوجاملار مەپىدە.
قونالغۇدا ياتاتتۇق،
ئايدالادا، كەپىدە.

ھاشار ئۈچۈن ئىشلەشكە،
بىز بارمىغان دالدا يوق.
شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە،
ئاشقا تاپساق نانغا يوق.

ئېغىر ئەمگەك قىلساقمۇ،
ئارپا، قوناق نېنىمىز.
ئۆزىمىز ئۆرە تۇرساقمۇ،
ئازلا قالغان جېنىمىز.

ۋاڭ لويى[1] چىقىپ كەلسە،
قولدا ئۇزۇن غاڭزىسى.
ئۇخلالمىدۇق ئازابتا،
پاشىلىقكەن جاڭزىسى.

بىز هاشارغا ماڭغاندا،
سەهەر تۇرىمىز تاڭدا.
باي ـ غوجاملار ئۇخلايدۇ،
قېلىن كۆرپە، ئىسسىق كاڭدا.

بارالمايتتۇق ئۆيلەرگە،
پۇل بولمىغاچ هەمياندا.
قاچالمايتتۇق هېچ يەرگە،
پايلاقچى بار هەر ياندا.

ئەسكەر ئالسا گومىنداڭ،
كەمبەغەللەر تۇتۇلغان.
پۇل بەرسىلا غوجامغا،
باي بالىلىرى قۇتۇلغان.

ئەسكەرلىكتىن قاچقانلار،
تاشلاپ كەتتى ئۆيلەرنى.
ياقا يۇرتتا تەمتىرەپ،
تارتتى ئېغىر كۈنلەرنى.

يولدا ئىشلەپ تاش چوقۇپ،
قوللار قاپىرىپ كەتتى.
تاماق يېمەي تويغۇدەك،
چىراي سارغىيىپ كەتتى.

نەگە بارساڭ سەن هامان،
قۇلىقى تۆت قازاننىڭ.
زۇلۇم تارتتۇق هەرقاچان،
رەهمى يوقكەن زاماننىڭ.

زالىملارنىڭ قىلمىشى،
بۇ جاندىن ئۆتۈپ كەتتى.
جاپا چېكىپ كەمبەغەل،
ياشالماي ئۆلۈپ كەتتى.

ئېزىلگەنلەر بەختىگە،
ئاخىر ئاتتى يورۇق تاڭ.
زۇلۇم ـ زۇلمەت تەختىگە،
ئوتلار ياقتى گۇڭچەنداڭ.

---

[1] گومىنداڭ دەۋرىدىكى غۇلجىدا ئۆتكەن بىر ئەمەلدار.

## 53 ـ باب
## خوجادۇل خوجا قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى ۋە ئۇستا قىزىقچى خوجادۇل خوجا 1918 ـ يىلى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ خودۇڭ يېزىسى قاربۇلاق كەنتىدە تۇغۇلغان، 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

خوجادۇل خوجا كىچىك چاغلىرىدا يوقسۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەچكە، مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان، شۇنداقلا بۇ ئازاب ـ كۈلپەتلىك تۇرمۇش ئۇنىڭغا زور تەسىر قىلىپ، قەلبىدە نۇرغۇن يارا قالدۇرغان. شۇنداق بول ـ سىمۇ، ئۇ ئەل ئارىسىدىكى سازەندە، ئەلنەغمىچىلەردىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆز ماھارىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ بارغان. مەشرەپ، توي ـ تۆكۈنلەرگە قاتنىشىپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان شېئىر ـ قوشاق، لەتىپە ـ يۇمۇرلارنى ئېيتىپ بېرىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ بەخ ـ تىيار زامانىنى، يېڭى ھايات، يېڭى تۇرمۇشنى، تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلەپ، ناچار ئىللەتلەرنى سۆكۈپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىدە، ئۇ تېز يىغىنچاقلاش، تېز قاپىيىلەش، تېز جاۋاب بېرىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ قوشاقلىرى ۋە قىزىقچىلىق پاراڭ ـ لىرى توقسۇن خەلقى ئارىسىدا خېلى كەڭ تارقالغان.

خوجادۇل خوجىنىڭ كىشىلەر توپلاشقان جايلاردا، ئورمان ئەھىيا قىلىشقا جاۋابەن ئېيتقان قوشىقى:

### پاراڭ سېلىش ئالدىدا

بىزنىڭ ناھىيە توقسۇننىڭ،
تەبىئىي ئاپىتى بوران.
شۇ ئاپەتنى توسۇشقا،
بەرپا قىلىلى ئورمان.

جىرىم ـ كۆچەت تىكمىڭ دەپ،
چۈشتى بىزگە بىر پەرمان.
ئورمان قىلساق ئاشلىق كۆپ،
دىلدا قالمايدۇ ئارمان.

ئورمان قويۇپ ئۆستۈرسەك،
مەھسۇلات كۆپ دالىدا.
كۆپچىلىككە دەپ قوياي،
پاراڭ سېلىش ئالدىدا.

## 54 ـ باب
## تۇردى ئىسمائىل قوشاقلىرى

خەلق قوشاقچىسى تۇردى ئىسمائىل 1934 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ قايراق كەنتىدە تۇغۇلغان.

تۇردى ئىسمائىل كىچىك چېغىدىن باشلاپ يۇرتىدىكى پېشقەدەملەر ئېيتقان داستان، چۆچەك، شېئىر ـ قوشاقلارنى قېتىرقىنىپ ئاڭلاپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، مەشىق قىلغان. ئۇنىڭ ئانىسى تونۇلغان قوشاقچى بولۇپ، ئانىسىدىن ئۇرغۇن قوشاقلارنى ئۆگىنىۋالغان، ئۆزىمۇ راۋاب بىلەن ئورۇندىغان ھەرخىل مەزمۇندىكى خېلى كۆپ قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ خەلق ئارىسىدا تارقاتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى زامانىنى، قەد كۆتۈرگەن ئەمگەكچى خەلقنى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلەيدىغان، كىشىلەرنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشكە ئۈندەيدىغان، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا يات ئىشلارنى سۆكۈپ، قامچىلايدىغان قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇ ئىجاد قىلغان بىر قىسىم شېئىر ـ قوشاقلارغا ئاھاڭ ئىشلىنىپ، سەھنىلەردە كونسېرت، لەپەر قىلىپ ئورۇندالغان، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىدە، ئۇ كۆزى كۆرگەن نەرسىلەرگە قاراپلا قوشاق توقۇۋېرىدىغان ۋە يېڭى، راۋان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ قاپىيە كەلتۈرەلەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى، تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش تەربىيىسىدە، ياش ئەۋلادلار تەربىيىسىدە مۇھىم رولى بار.

ئۇنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىش ھەققىدە ئېيتقان قوشاقلىرىدىن نەمۇنە:

### ئۆگىنىشنىڭ ئاساسى

قەلىمىمگە ئىچۈردۈم،
كۆك رەڭ ـ زاۋۇت سىياسى.
تىرىشچانلىق، كەمتەرلىك،
ئۆگىنىشنىڭ ئاساسى.

باشلىنىدۇ دەريالار،
مۇزلۇق تاغدىن ـ ئېقىندىن.
بىنا بولۇر يېڭىلىق
ئۆگىنىشتىن، ئەقىلدىن.

ئاق توقاچنى يېپىشقا،
ئەجەب ئەپلىك رەپىدە.
نەپ ئالسەن ئوقۇشتىن،
قىلساڭ ياخشى ئەقىدە.

باغنى بوستان قىلمامدۇ،
مېۋە تىكىش، گۈل تېرىش؟
كەشپىياتقا يول ئاچار،
زېرىكمەستىن ئىزدىنىش.

## سايلام ھەققىدە قوشاق

دىلغا سىغماي خۇشاللىق،
چالدۇق بىز سۇناي، ناغرا.
يۇرتىمىزنىڭ سايلىمى،
قىلىنغاچقا بەك توغرا.

بىر چاغلاردا «تۆت ئاپەت»،
ئەركىنلىكنى بوغقانتى.
ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ،
ھەقىقەتنى ياپقانتى.

ساختىپەزلەر گۇم بولۇپ،
چۈشتى ئىشلار ئىزىغا،
سايلام ئۈچۈن كادىرلار،
كەلدى شەھەر، يېزىغا.

ھەممە پۇقرا قوللىنىپ،
دېموكراتىك شەكلىنى.
سايلاپ چىقتى خالايىق،
ئەلگە سادىق ۋەكىلنى.

رازى بولدۇق ھەممىمىز،
ۋەكىلىمىز سايلىنىپ.

يۇقىرىغا چىن دىلدىن،
رەھمەت ئېيتتۇق شادلىنىپ.

ئۇنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق ھەققىدە ئېيتقان قوشىقى:

## ئۇرۇشقاققا بىر نەسىھەت

كېيۋەزلىكنىڭ قىرىغا،
ئۇنۇپ قاپتۇ بۇدۇشقاق.
مەھەللىگە كۆچۈپ كەلدى،
بىر كۆكەرمە ئۇرۇشقاق.

ئۇرۇشمىغان قالمىدى،
مەھەللىدە تىرىكلەر.
ئويلاپ باقسام قېپقاپتۇ،
مازاردىكى ئۆلۈكلەر.

ئۇششۇقلۇق ھەم بىشەملىك،
ئۇرۇشقاقنىڭ كەسپىكەن.
تىل ـ ھاقارەت، مەينەت سۆز،
ئۇنىڭ ئۇچۇن دەسمىيكەن.

سېتىۋالدۇق بازاردىن،
ئۆرۈك ياغىچى قوشۇقتىن.
قۇتۇلالماي ھەيران بىز،
كۆكەرمىدىن، ئۇششۇقتىن.

ئەي ئۇرۇشقاق نېمىشقا،
تۈزەلمەيدۇ كېسىلىڭ؟
بولۇپ قالدىڭ نەۋرىلىك،
ئاتمىشتىن ئاشتى يېشىڭ!

ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق،
گۈزەل تىلدا سۆزلىگىن.

قوشنىلارنى ئۈلگە قىپ،
ئىناقلىقنى كۆزلىگىن.

يېڭىلىققا قەدەم قوي،
تۇرغىن سەنمۇ ئورنۇڭدىن.
«ئۇششۇق، بىشەم» دېگەن نام،
كۆتۈرۈلسۇن بوينۇڭدىن.

قولۇم ـ قوشنا خاتىرجەم،
بولسۇن تىنجىپ قۇلىقى.
مەھەللىمىزدە يورۇسۇن،
ئىناقلىقنىڭ چىرىغى.

## 55 ـ باب
## تۇرغۇن مۆمىن قوشاقلىرى

پېشقەدەم خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەيدانغا چىققان قوشاقچى تۇرغۇن مۆمىن 1949 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ لومپا يېزىسىدا تۇغۇلغان.

تۇرغۇن مۆمىن كىچىك چېغىدىن باشلاپ خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىگە ناھايىتى قىزىققان. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ھەم ئوقۇپ، ھەم قوشاق ئىجاد قىلىپ، راۋاب چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇ ياغاچچىلىق قىلغان، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كۆمۈركاندا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدىمۇ قوشاقچىلىق ئىجادىيىتىنى ھەرگىز توختىتىپ قويمىغان. ئۇ يېڭىسار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە كىرگەندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلاملارغا، يېزا ـ قىشلاقلارغا، تاغ ـ جىلغىلارغا بېرىپ ئويۇن قويغاندا خەلق تىلى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى پىششىق ئۆگىنىپ، يېڭى قوشاقلارنى تۇزۇپ، راۋاب بىلەن قوشاق ئېيتىپ چىقىپ، ھازىر جاۋاب، ناتىقلىق ماھارىتى بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىجاد قىلغان قوشاقلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ، مەلۇم تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى سۆكۈپ قامچىلىغان، يېڭى دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلىگەن نۇرغۇن راۋابلىق قوشاقلىرى يېڭىسار تەۋەسىدە كەڭ تارقىلىپ ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

### ھۆرۈن خوتۇن ئالماڭلار

ھۆرۈن خوتۇن ئالماڭلار،
جانغا جاپا سالماڭلار.
زەرداب قاننى يۇتماڭلار،
قاقشاپ ئېيتىپ يۇرمەڭلەر.

ھۆرۈن خوتۇننىڭ ئېشى،
ئۇنىڭ تېخى ياسىنىشى.
ئېرىنى تولا قىيناپ،
ئۇنىڭ ئېگىن كىيىشى.

ئۆزىنىڭ تۇغقىنى كەلسە،
ئىششەك① ئۇندا ئاش ئېتەر.

① ئىششەك ــ خەلق ئارىسىدا ئېغىرلىق مىقدارى، ئۆلچىمى چارەك، ئىششەك، نىمشەك دېيىلىدۇ.

چارەك ئۇندا نان ياپار،
ئېرىنىڭ تۇغقىنى كەلسە،
«ئاغرىقمەن» دەپ شۇك ياتار.

هۇرۇن خوتۇن ئۇيلايدۇ،
دائىم ياخشى يېيىشنى.
ئەل - جامائەت ئالدىدا،
تاۋار - دۇردۇن كىيىشنى.

هۇرۇن خوتۇن ھېچقاچان،
ياخشى ئاش ئېتەلمەيدۇ.
غەم - قايغۇدىن قۇتۇلۇپ،
خۇشال - خۇرام يۈرەلمەيدۇ.

## قىمارۋازغا بىر قامچا

ئۇتتۇرۇۋەتسە پۇلىنى،
ئېلىپ خەقنىڭ مېلىنى.
ئەل - جامائەت ئالدىدا.
رەسۋا بولغان قىمارۋاز.

ۋەسۋەسىلىكتە كۆڭلىرى،
پۇتۇپ ئاۋاز، ئۈنلىرى.
بوغۇلۇپ كۆپ قەرزگە،
جۇدەپ كەتكەن قىمارۋاز.

قىلمىشىدىن نەس بېسىپ،
خام تاماكىنى بېسىپ.①
كەيپ - ساپا ئىش بىلەن،
ۋەيران بولغان قىمارۋاز.

تاشلا دەرھال قىمارۋاز،
تۆت ئۇشۇقنى قولۇڭدىن.
توۋا قىلىپ يان ئەمدى،
ماڭغان خاتا يولۇڭدىن.

---

① بېسىپ — خام تاماكىنى سېلىپ، ئوراپ مەنىسىدە.